ئەرلەرنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا نەزەر



# ئەرلەرنىڭ ئاياللارغا بىلدۈرۈشنى خالىمايدىغان سىرلىرى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئەرلەرنىڭ ئاياللارغا بىلدۈرۈشنى خالىمايدىغان سىرلىرى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



ISBN 7-228-06319-8
B.89 (民文) 定价:15.00元

ISBN 7-228-06319-8
9 787228 063192 >

# مۇندەرىجە


1. بەزى ئەرلەر يېڭىسىنى كۆرگەندە، كونىسىدىن كېچىدۇ ·········· 1

2. ئەرلەر كۆپ هاللاردا ئاياللارنى ئالدىماقچى بولىدۇ ·············· 4

3. ئەرلەرنىڭ جىنسىي هەۋسى ناهايىتى كۈچلۈك بولىدۇ ·········· 10

4. سىز بىلەن كۆرۈشكەن چاغدىكى پسىخىكىسى ·················· 15

5. ئاياللارغا سوغۇق مۇئامىلىدە بولغان ئەرلەر جىسنىي ئىقتىدار جەھەتتە ئاجىز بولۇشى مۇمكىن ································ 18

6. ئەرلەر ئەرلەرنىڭ قاياشى ································ 26

7. ئەرلەرنىڭ قوش ئۆلچىمى ································ 33

8. شۇنداقمۇ ئەرلەر باركى، ئۇلار ئەزەلدىن يالغان ئېيتىشنى توختىتىپ باقمىدى ································ 38

9. ئامراق ئايالىغا جىنسىي هەۋسى بولماسلىق ·························· 45

10. ئۇ سىزنىڭ تۇنجى ئېرىڭىز بولۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ ·········· 49

11. جىنسىي مۇناسىۋەت ئېلىپ بېرىش ئۇسۇلى بەزى ئەرلەرگە نىسبەتەن تېخىمۇ جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە ························ 55

12. ئىشق ـ مۇھەببەت بىلەن توي قىلىش بىر گەپ ئەمەس ········ 63

13. ئىشق ـ مۇھەببەت بىلەن تەنھەرىكەت، شىشىخالغا ئوخشاشلا بىر هەرىكەت ································ 66

14. ئەرلەرنىڭ ئوبيېكت تاللىشى ································ 70

15. ئەرلەر دائىم ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلەشنى ئويلايدۇ ·············· 73

16. توي قىلىش بالا تۇغۇش دېمەكتۇر ···························· 76

17. ئۇلار بىرلا ۋاقىتتا ئايالى ۋە ئاشنىسىدىن تەڭلا بەھرىمەن بولۇشنى

ئويلايدۇ ........ 80

18. ئەرلەر ئاجرىشىپ كەتكەندىن كېيىن، ئوڭايلا ئۆزىنى نابۇت قىلىش يولىغا ماڭىدۇ ........ 85

19. 40 ياش ئەتراپىدىكى ئەرلەر ئاسانلا تالاغا قاراپ قالىدۇ ........ 93

20. ئەرلەر ئۆزىنىڭ نامى ۋە خىزمەت ئورنىغا ھەممىدىن بەك ئەھمىيەت بېرىدۇ ........ 96

21. ئەرلەر ئايالىنىڭ تالاغا قاراپ قالغانلىقىنى سەزگەندە ........ 99

22. ئەرلەر رەت قىلىنىشتىن قورقىدۇ ........ 102

23. ئۇ نېمىشقا سىز بىلەن تېلېفونلاشمايدۇ ........ 107

24. ھەر قانداق بىر ئەر كىشىنىڭ ئاياللارنىڭ ئۆزىنى ياقتۇرىدىغان - ياقتۇرمايدىغانلىقىنى بىلگۈسى كېلىدۇ ........ 111

25. ئەرلەر ئاسان ئېرىشكەن نەرسىلىرىدىن ئوڭايلا سوۋۇپ كېتىدۇ ........ 114

26. ئەرلەر «سىزنى سۆيىمەن» دېمەيدۇ ........ 118

27. نۇرغۇنلىغان ئەرلەرگە نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا ئاياللارنىڭ چىرايى ھەممىگە قادىر ........ 123

28. بەزى ئەرلەر مۇغەمبەرلىك قىلىپ كۆنگەن ........ 126

29. نۇرغۇن ئەرلەردە دائىم گۇناھلىق تۇيغۇسى بولىدۇ ........ 129

30. بۇ ئەرلەر ناھايىتى بىمەنىدۇر ........ 132

31. ئەرلەر ئۆتمۈشتىكىلەرگە تېخىمۇ كۆڭۈل بۆلىدۇ ........ 136

32. بەزى ئەرلەرنىڭ قىزلىق رىشتى ........ 142

33. بەزى ئەرلەر ئاياللار بىلەن پاراڭلىشىشنى خالىمايدۇ ........ 145

34. ئەرلەرنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە ئۆزىنى تىزگىنلىشى ........ 149

35. ئەرلەرنىڭ جىنسىي مۇناسىۋەت جەھەتتىكى بەستلىشىشى ........ 154

36. ئەرلەر رىقابەتنى ياخشى كۆرىدۇ ........ 157

37. ئەرلەر پاراڭلىشىش سورۇنىنى كونترول قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ …… 159
38. ئەرلەر سىز ئۇقمايدىغان تىل ئارقىلىق مۇھەببەت ئىزهار قىلىدۇ …… 167
39. ئەرلەر نېمىشقا بىكىنمە هالەتتە تۇرىدۇ …… 172
40. ئەرلەرنىڭ هەممىسى بالىدۇر …… 177
41. ئەرلەر ئاياللارغا ئۇتتۇرۇپ قويۇشنى خالىمايدۇ …… 184
42. ئەرلەر دائىم ئاياللار ئۇستىدىن پىتنە - ئىغۋا تارقىتىدۇ …… 189
43. سىزنىڭ رەقىب ئىكەنلىكىڭىزنى ئىقرار قىلمايدۇ …… 192
44. سۇ بويىدىكى راۋاقتا ئاي شولىسى بالدۇر چۈشىدۇ …… 195
45. ئەرلەر كاماندىروپكىغا چىققاندا، ئەڭ ئوڭاي خاتالىق ئۆتكۈزىدۇ …… 202
46. ئەرلەر سىزنىڭ رەهبىرىڭىز بولۇشنى ئويلايدۇ …… 207
47. ئەرلەر نېمىشقا ئاياللارنى ئولتۇرۇشلارغا ئېلىپ بارىدۇ …… 211
48. تەنهەرىكەت كۆپ هاللاردا ئەرلەرنىڭ شاپائەتچىسى بولۇپ قالىدۇ …… 217
49. بەزى ئەرلەر نېمىشقا جىنسىي پاراكەندىچىلىك سېلىشقا ئۇرۇنىدۇ …… 221
50. ئەرلەر ئانانىزم قىلىپ بىئاراملىقىنى يوقىتىدۇ …… 227
51. ئەرلەر يۇگەنسىز جىنسىي تۇرمۇشتىن بىزار …… 231
52. ئەرلەرنىڭ زوراۋانلىق خاھىشى …… 235
53. ئەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ پۇلى …… 245
54. ئەرلەرنىڭ سەمىمىيىتىنى سىناش …… 253

# 1. بەزى ئەرلەر يېڭىسىنى كۆرگەندە كونىسىدىن كېچىدۇ

***بەزى ئەرلەرنىڭ چىرايلىق قىز دوستى ياكى ساھىبجامال خوتۇنى بولسىمۇ، ئۇلار كۆرۈمسىز ئاياللار بىلەن باردى - كەلدى قىلىشى، ھەتتا ئاشنا ئويىنىشى مۇمكىن، ئەرلەرنىڭ ئۇنداق ئاياللار بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشى پەقەتلا شەھۋانىي ھەۋىسىنى قاندۇرۇش ۋە ئۆزگىچە سىزىمگە ئېرىشىش ئۈچۈندۇر.***

ئۆزگىچە جىنسىي ھەمراھنى ياخشى كۆرۈش ئەرلەرنىڭ تەبىئىي خۇسۇسىيىتى، ئۇلار مەيلى جىنسىي جەھەتتە بولسۇن، ياكى باشقا جەھەتلەردە بولسۇن، ھامان ئارزۇ - ئارمانلارغا تولغان بولىدۇ.

ئەرلەر چىرايلىق قىز دوستى ياكى ساھىبجامال خوتۇنى بولسىمۇ، كۆرۈمسىز ئاياللار بىلەن باردى - كەلدى قىلىشى ھەتتا ئۇلار بىلەن ئاشنا ئويىنىشى مۇمكىن، بۇنى بىلەمسىز؟ سىلەر بۇنداق ئەھۋالنى ئاڭلىغان ياكى بۇ خىل ئەھۋالغا دۇچ كەلگەن چاغدا، كۆپ ھاللاردا ئۇنىڭ سەۋەبىنى ئەر - ئايال مۇناسىۋىتىنىڭ يىرىكلىشىپ كەتكەنلىكىدىن كۆرسىلەر ئەلۋەتتە، بۇ ھەقىقىي سەۋەب ئەمەس. ئەرلەرنىڭ ئۇنداق ئاياللار بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشى پەقەتلا شەھۋانىي ھەۋىسىنى قاندۇرۇش ۋە ئۆزگىچە سىزىمگە ئېرىشىش ئۈچۈندۇر. ئالايلۇق، س. گلانتا ئىسىملىك بىر فرانسىيىلىك ئەرنىڭ ئاجايىپ بىر گۈزەل قىز دوستى بولۇپ، ئۇ قىز

ئۇ قىزغا ھەۋەسلەنمەي قالمايدىكەن، بىراق، س. گلانتا ئاشۇنداق پەرى سۈپەت قىز دوستى بار تۇرۇقلۇق بىر پاھىشىگە ئاشىق بىقارار بولۇپ، ماشىنىدا بۇ پاھىشە بىلەن ئىككىسى - بۇرۇن يالىڭاچلىقتا ساقچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان. بىز ئۇنىڭ ئەينى چاغدا نىمىلەرنى ئويلىغانلىقىنى پەرەز قىلالايمىز. جەزم قىلىشقا بولىدۇكى، ئۇ ئەينى چاغدا پەقەت يېڭى، ئۆزگىچە سېزىمگە، يەنى باشقا ئاياللار بىلەن بىرگە بولغان چاغدىكى غەيرىي جىنسىي تۇيغۇغا ئىگە بولۇشنىلا ئويلىغان خالاس.

ئەرلەر شۇنداق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغانىكەن، ئۇلار تەبىئىي ھاللاردا كۆرۈمسىز ئاياللارنى ئالدايدۇ. ئاياللار مەيلى قانچىلىك گۈزەل بولۇپ كەتسۇن، ياكى سەت بولسۇن، ئۇلار ھامان ئاياللار، شۇڭا ئەرلەر ھامان ئۇلارنىڭ پېيىگە چۈشمەي قالمايدۇ. بىر ئەرنىڭ تولغان ئايالى بار تۇرۇقلۇق، ئۇ يەنىلا ئورۇق ئاياللار بىلەن بىر ياستۇققا باش قويۇشى، ھەتتا ھۇزۇر ھېس قىلىشى مۇمكىن. بەزى ھاللاردا بەدەن قۇرۇلۇشى ئوخشاش كەلگەن، ئەمما ئىككىسى - پەسلىكى ئوخشاش بولمىغان ئاياللارمۇ ئەرلەرنى قىزىقتۇرۇشى مۇمكىن.

شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، كۆپ خىل بولۇش، غەلىتىرەك بولۇش ئەرلەر جىنسىي تۇرمۇشىنىڭ تەلىپى. نۇرغۇن ئەرلەردە، جۈملىدىن سىزنىڭ ئوغۇل دوستىڭىزدا بۇ خىل ئويى بار، بىزگە ئىشىنىڭ.

بىز بىر قېتىملىق بويتاقلار ئولتۇرۇشىدا نۇرغۇنلىغان نىكاھلىق ئەرلەرنىڭ بارلىقىنى بايقىدۇق، ئۇلارنىڭ شەھۋانىي ھەۋىسى بويتاقلارغا قارىغاندا تېخىمۇ كۈچلۈكتەك قىلاتتى. دېمەكچىمىزكى، پەقەت بويتاق ئەرلەرلا يالىڭاچ قىزلار ياكى پاھىشىلەرنى ئىزدەپ قالماستىن، نىكاھلىق ئەرلەرمۇ ئوخشاشلا شەھۋانىي سورۇنلارغا داخىل بولۇشى، يالىڭاچ قىزلارنى كۆرگەندە قول ۋە پۇتلىرىنى باشقۇرالماي قېلىشى مۇمكىن، بۇ پاكىتلارغا ئۇلارنىڭ ئاياللىرى ھەقىقەتەن چىداپ تۇرالماسلىقى مۇمكىن.

ئەگەر بىر ئەر ئۇزۇن مۇددەت ئۆز ئايالىدا يېڭىلىق ھېس قىلمايدىكەن، ئۇ ھالدا باشقا بىر ئايالنىڭ بەدىنى، جىنسىي ماھارىتى، ئىچكى

كىيىملىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنى ھاياجانغا سالىدۇ. سىز بۇ خىل تۇيغۇنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلەمسىز؟ پەرەز قىلىپ كۆرەيلى، ئەگەر سىز ئۆمۈر بويى بىر خىل يېمەكلىك يېسىڭىز، قانداق بولىسىز؟ كالا گۆشى، قوي گۆشى ۋە توخۇ گۆشىنىڭ تەمى ئۆزگىچە بولىدۇ، تاماقنىڭ تەمىنى ئۆزگەرتىپ، تۇرنى كۆپەيتكەندە ئىشتىيىڭىز ئېچىلىپ كېتىدۇ. دېمەك، ئەرلەر ئۆزگىرىشكە ۋە يېڭىلىققا موھتاج.

# 2. ئەرلەر كۆپ هاللاردا ئاياللارنى ئالدىماقچى بولىدۇ

***ئەرلەرنىڭ جىنسىي جەھەتتىكى ئاسىيلىقى هامان ئاياللار ئالدىدا ئاشكارىلانماي قالمايدۇ، ئاياللار ئەرلەرنىڭ ياقىسىدىكى لەۋسۇرۇخنى بايقىماي ياكى كىيىملىرىدىكى ئەتىر هىدىنى پۇرىماي تۇرۇپمۇ، ئۇلارنىڭ هەرىكىتىدىن يوشۇرۇپ قالماقچى بولغان سىرىنى بىلىۋالالايدۇ، ئاياللارنىڭ كۆزىدىن هېچنېمە قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.***

ئەرلەردە كۆپ هاللاردا قىز دوستى ياكى ئايالىنى ئالداش ئوي – خىيالى بولىسىمۇ، لېكىن هەممە ئەرلەر ئۇنداق قىلمايدۇ، ئەرلەردە يېڭىلىققا ئىنتىلىش ۋە ئۇنى هېس قىلىش ئىستىكى بولىدۇ، ئەمما ئۇلاردىمۇ شەھۋانىي هەۋەسنى كونترول قىلىش ئىقتىدارى بولىدۇ. ئەلۋەتتە، بەزىدە تەبىئىي تۇيغۇ ۋە شەھۋانىي هەۋەسنىڭ ئىدراك ئۈستىدىن غالىب كېلىدىغان چاغلىرىمۇ بولۇپ قالىدۇ. ئاياللار بۇنداق چاغلاردا «بەك ياۋاشكەنسىز» دېيىشى مۇمكىن. ئەر دېگەن هامان ئەردە، ئۇلار ئاياللارغا ئوخشىمايدۇ.

ئاياللار جىنسىي مۇناسىۋەت، هېسسىيات ئاساسىغا قۇرۇلغان دەيدۇ، گەرچە بۇ قاراشقا ئەرلەر قوشۇلىسىمۇ، ئەمما، ئەرلەرنىڭ قارىشىچە ئادەتتە جىنسىي مۇناسىۋەت دېگەن جىنسىي مۇناسىۋەت بولۇپ، ئۆز ئارا ياخشى كۆرۈش بولمىغان تەقدىردىمۇ جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزسە بولىۋېرىدۇ، ئۇ يېقىنلىقتىن دېرەك بەرمەيدۇ.

ئاياللار دائىم ئەرلەرنىڭ جىنسىي مۇناسىۋەت جەھەتتىكى ساداقەتسىزلىكى ئەر - ئايال مۇناسىۋىتىدە يىرىكلىك پەيدا قىلىدىغان ئامىل دەپ قارايدۇ. بۇ مۇقەررەر قانۇنىيەت ئەمەس. ئەگەر ئەر ئايالىغا دائىم ئاچچىقلانسا، بۇ خىل مۇمكىنچىلىكنى چەتكە قاققىلى بولمايدۇ. ئۇنداقتا، ئەرلەرمۇ ئاياللارنىڭ ئۆزىنى ئالدىشىدىن ھەزەر ئەيلەمدۇ؟ ئەلۋەتتە شۇنداق، ناۋادا ئېرىڭىز سىزدىن گۇمانلىنىشقا باشلىسا ياكى سىزنىڭ تالاغا قاراپ قالغانلىقىڭىزنى بىلىپ قالسا، ئۇ ھالدا ئېرىڭىز بۇنى سىزگە ئاسىيلىق قىلىشنىڭ ئەڭ ئوبدان پۇرسىتى دەپ بىلىپ، ھېچ ئىككىلەنمەيلا باشقا ئاياللار بىلەن قويۇق باردى - كەلدى قىلىشقا باشلايدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، بەزى ئەرلەر دەل مۇشۇنداق پۇرسەتنىڭ بولۇشىنى كۈتىدۇ، ھەمدە ئۆزىنىڭ قىلغان - ئەتكىنىنى يوللۇق دەپ قارايدۇ.

شۇنى جەزملەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، نۇرغۇن ئاياللار ئەر دوستى ۋە ئېرىنىڭ ئاسىيلىق ھەرىكىتىنىڭ بار - يوقلۇقىنى سېزەلەيدۇ، ئېھتىمال بۇ ئاياللاردىكى تۇغما قابىلىيەت بولسا كېرەك. توغرا، ئەرلەرنىڭ جىنسىي جەھەتتىكى ئاسىيلىقى ھامان ئاياللار ئالدىدا ئاشكارىلانماي قالمايدۇ، ئاياللار ئەرلەرنىڭ ياقىسىدىكى لەۋ سۈرۈخنى بايقىماي ياكى كىيىملىرىدىكى ئەتىر ھىدىنى پۇرىماي تۇرۇپمۇ، ئۇلارنىڭ يوشۇرۇپ قالماقچى بولغان سىرىنى بىلىۋالالايدۇ، ئاياللارنىڭ كۆزىدىن ھېچنېمە قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.

تۆۋەندە سىزنى ئەرلەرنىڭ ھەرىكىتىدە ئاسىيلىق قىلىش ئېھتىمالى بولغان بەزى يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلەيمىز:

△ ئۇ باشقىچە بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالىدۇ

ئەر كىشى ئۆزىنىڭ تەقى - تۇرقىغا ھەۋەس قىلىپ قالسا ھەمدە كىيىم - كېچەكلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ كىيىشكە دىققەت قىلىدىغان بولۇپ قالسا، بۇ ئۇنىڭ ئالدامچىلىق ھەرىكىتىنىڭ باشلانغانلىقىنىڭ كۈچلۈك دەلىلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق چاغدا ئۇلار تېتىكلىشىپ قالىدۇ، ئۆزىنىڭ زېھنىي كۈچىنى زىيادە سەرپ قىلىپ يېڭى كىيىم ئىشكاپىدىن بىرىنى

يېڭىلاشقا دىققەت قىلىدۇ، ئاق چاچلىرىنى قارىغا بوياپ، ساقال - بۇرۇتلىرىنى پاكىزە قىرىپ، كۆرۈمسىز كۆزئەينىكىنى تاشلاپ يېڭى ھەم مودا كۆزئەينەك سېتىۋالىدۇ، ئومۇمەن ئۆزىنىڭ تاشقى قىياپىتىنى يېڭىلاشقا تىرىشىدۇ. سىز ئۇزۇندىن بېرى ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ياشىغان بولسىڭىز ياكى ئۇنىڭ ئىلگىرىكى قىياپىتى ۋە ئادىتىگە كۆنگەن بولسىڭىز، بۇ خىل ئۆزگىرىشنىڭ سىز ئۈچۈن بولمىغانلىقىنى ھېس قىلالايسىز.

△ غەلىتە تېلېفونلار كېلىدۇ

ئەگەر سىز ئەر دوستىڭىزنىڭ ئۆيىدە بولسىڭىز، تېلېفون جىرىڭلىغان ھامان، ئۇ تېلېفون تۇرۇبكىسىنى قولىغا ئېلىپ، «كېيىن سۆزلىشەيلى» دەيدۇ ياكى باشقا بىر ئۆيگە كىرىۋېلىپ پارىڭىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن، سىزدە ئۇنىڭغا قارىتا گۇمان تۇغۇلىدۇ.

نىكاھلىق ئەرلەردە بۇنداق ئالدامچىلىق ھەرىكەتلىرى كۆرۈلسە، بۇنىڭغا چىداپ تۇرۇش تەس، نۇرغۇنلىغان ئەرلەر بۇ خىل خەۋپنى بىلىپ تۇرۇپ، ئايالى ئۆيدە بار بولسىمۇ ھېيىقماستىن ئاشنىسىغا تېلېفون بېرىدۇ، ئۇلار باشقىلار بىلىپ بولمايدىغان ئۇسۇللاردا پەس ئاۋازدا مۇڭدىشىدۇ ياكى ئىشىكنى مەھكەم تاقىۋېلىپ پاراڭلىشىدۇ. ناۋادا ئۇ سۆزلىشىۋاتقاندا سىز كىرىپ قالسىڭىز، ئۇ دەرھال تۇرۇپكىنى قويۇپ، گەپ ياساپ ئەيىبىنى يوشۇرماقچى بولىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئېرىڭىزنىڭ تالاغا قاراپ قالغانلىقىنىڭ دەلىلىدۇر.

△ ئۇ ئىككىنچىلەپ سىزنى ئۆيىگە ئاپارمايدۇ

ناۋادا سىلەرنىڭ مۇناسىۋىتىڭلار مۇقىم بولسا، ئۇ ئۆزىنىڭ بارلىق بىكار ۋاقىتلىرىنى سىزنىڭ ئۆيىڭىزدە ئۆتكۈزىدۇ - دە، ئۆزىنىڭ ئۆيىگە ئانچە بارمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. بۇنىڭ بىلەن، بەزى ئىشلارنىڭ يۈز بېرىپ قېلىش ئېھتىماللىقىنى چەتكە قېقىشقا بولمايدۇ. نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق دەيمىز؟ چۈنكى، سىرى بار ئەرلەر مەخپىي ئاشنىسىنىڭ تويۇقسىز تېلېفون ئۇرۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپلا قالماستىن، بەلكى ئاشنىسىنىڭ ئۆز ھۇجرىسىغا ئۇشتۇمتۇت كېلىپ قېلىشىدىنمۇ قورقىدۇ. ئېنىقكى، سىلەر يېڭى تونۇشقاندا

ئۇ سىزنى دائىم ئۆز ئۆيىگە ئاپىرىپ، كېيىن ئاپارمايدىغان بولۇۋالسا، بۇ يەردە چوقۇم بىر مەسىلە بار بولغان بولىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئەگەر سىز ئۇنىڭ پەقەت ۋاقىتلىق ھەمراھىلا بولغان بولسىڭىز، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇنىڭ يەنە باشقا قىز دوستى بولسا، ئۇ ئادەتتە سىزنى ئۆز ئۆيىگە ئاپارمايدۇ. چۈنكى ئۇ قىز دوستىنىڭ سىزنى كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيدۇ، بەزى چاغدا سىز ئۇنىڭ ھۇجرىسىغا كىرسىڭىز ئۇنى بەكمۇ جىددىيلەشتۈرۈپ قويىسىز.

ئۇ سىزنى يالغۇز ساياھەت قىلىپ كېلىشكە ياكى دەم ئېلىپ كېلىشكە ئۈندەيدۇ.

ئەرلەر دائىم ئائىلىنىڭ سىرتلارغا چىقىپ تۇغقان ياكى دوستلىرىنى يوقلاپ كېلىشىنى (باللارنى بىللە ئېلىپ ماڭسا تېخىمۇ ياخشى) ئۈمىد قىلىدۇ. ئۇلار «سالامەتلىككە پايدىلىق» دېگەننى باھانە قىلىپ، ئايالى ۋە باللىرىنى دېڭىز ساھىلى ياكى سەھرالارغا بېرىپ دەم ئېلىپ كېلىشكە ئۈندەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆزى شەھەردە قېلىپ پۈتۈن كۈچى بىلەن بېرىلىپ «خىزمەت» قىلماقچى بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا بۇنداق «ئەركىن بويتاقلار» چوڭ شەھەرنىڭ كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان ياز ئاخشاملىرى ھەر خىل ئەيش - ئىشرەت سورۇنلىرىغا داخىل بولۇپ، ئوچۇقتىن - ئوچۇق باشقا ئاياللار بىلەن ئېغىز - بۇرۇن يالىشىپ يۈرۈشىدۇ، ھەتتا ئۆزلىرىنى ئەر - خوتۇن دەۋىلىپ كەچلىرى مېھمانخانىلاردا قونۇشىدۇ.

△ ئۇ سىزنى ئاشكارا سورۇنلارغا ئېلىپ بارمايدۇ

ناۋادا ئەر دوستىڭىز سىزنى ئۆزىنىڭ مەخپىي ئاشنىسى دەپ قارىسا، ئۇنىڭ سىزنى ئاشكارا سورۇنلارغا ئاپارماسلىقى تۇرغان گەپ. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى سىزنىڭ جەلپكارسىزلىقىڭىزدىن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ باشقىلارنىڭ سىلەرنىڭ بىللە تۇرغانلىقىڭلارنى كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلغانلىقىدىندۇر. ئەگەر سىلەر بارغان بۇ رېستوران دەل ئۇ ئۆتكەن ھەپتە قىز دوستىنى ئېلىپ كەلگەن جاي بولۇپ قالسا، تونۇش - بىلىشلەر ئۇنىڭغا قانداق قارايدۇ؟ شۇڭلاش، ئۇ ئادەتتە ئۆيدە ئولتۇرۇپ سىز بىلەن بىللە سىنئالغۇ

كۆرۈشكە رازىكى، بىللە بىر يەرگە بېرىشنى خالىمايدۇ. ئومۇمەن، سىرى بار ئەرلەر ئۆزىگە ئارتۇقچە ئاۋارىچىلىك تېپىۋېلىشنى خالىمايدۇ.

△ سىز يوق چاغلاردا باشقا ئاياللارنى ئۆيىڭىزگە ئېلىپ كېلىدۇ

ئەگەر ئايال كىشى ئۆز ئېرىنىڭ ئاشنىسىنى ئۆيىگە ئەكەلگەنلىكىنى بىلىپ قالسا، ھەتتا ئۆزلىرىنىڭ ئاشۇ كارۋىتىغا چىققانلىقىنى سېزىپ قالسا، بۇنىڭغا ئايال كىشىنىڭ چىداپ تۇرمىقى ناھايىتى تەس، بىراق بۇ ھال سادىقتىسىز ئەرلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ناھايىتى ئاددىي ئىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ خىل ئەھۋال ئايالى ئۆيدە بولمىغان چاغلاردا كۆپ يۈز بېرىدۇ. ئايال كىشى كۆپ ھاللاردا ئۇششاق سۆز قوشنىلارنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشى، ياستۇققا سىڭىپ قالغان ئەتىرنىڭ ھىدى ياكى كىرلىكتە قېپقالغان چاچ ياكى گۇمانلىق نەرسىلەردىن كۆڭلىگە شەك چۈشۈپ، ھەزەر ئەيلەيدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئەمما، ئەرلەر بۇنداق ئىشنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. شۇڭا، نۇرغۇن ئەرلەر ئايالى قايتىپ كېلىشتىن بۇرۇن ياستۇق قېپى ۋە كىرلىكلەرنى يۇيۇپ تازىلاپ پاكىز قىلىۋېتىدۇ. بىراق، پاكىز كىرلىكلەرنى كۆرگەن ئايال كىشى ھېچقاچان كىر يۇيۇپ باقمىغان ئېرىدىن مەمنۇن بولىدۇ، دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟ ئاياللارنىڭ كۆزىدىن ھېچنېمە قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.

△ ئۇنىڭ سىزگە قارىتا جىنسىي تەلىپى بارغانسېرى ئازلاپ بارىدۇ

سىز ئەر دوستىڭىزنىڭ بەزى پسىخىك جەھەتتىكى ئۆزگىرىشلىرىنى، بولۇپمۇ جىنسىي تەلىپىنىڭ بارغانسېرى ئاجىزلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى بايقاپ قېلىشىڭىز مۇمكىن. ناۋادا ئۇ تالاغا قاراپ قالغان بولسا، ئۇ سىز بىلەن بىللە بولغان چاغدا جەزمەن كەم سۆز بولۇپ قالىدۇ ۋە بۇرۇنقىدەك جەڭگىۋارلىقىنى يوقاتقان بولىدۇ. ئەگەر كىشى يېڭى «نىشان» نى بايقاپ قالسا، ئۇ ئۆزىنىڭ جىنسىي پائالىيىتىنى تىزگىنلەيدۇ ۋە سىز بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشتىن ئىمكانقەدەر ئۆزىنى قاچۇرىدۇ. چۈنكى، بۇ چاغدا ئۇ كۆڭۈل كېمىسى (جىنسىي ھەۋىسى) نى باشقا ياققا بۇرۇۋەتكەن ـ دە.

ئۇنداقتا، ئەرلەر نېمە ئۈچۈن تالاغا قاراپ قالىدۇ؟ ئۇ نېمە ئۈچۈن

سىزگە سوغۇق مۇئامىلە قىلىدۇ ھەمدە ئۆزىنى قاچۇرىدۇ؟ ئۇ ئىلگىرى سىزنىڭ دائىم ئۆزىگە ھەمراھ بولۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلاتتى، نېمە ئۈچۈن ئەمدىلىكتە سىزنى خالىمايدىغان بولۇپ قالىدۇ؟ ئۇ ئىلگىرى سىزگە ھەپتىدە ئۈچ قېتىم تېلېفون قىلىپ تۇراتتى، نېمە ئۈچۈن ئەمدىلىكتە ۋاقتى يوق بولۇپ قالىدۇ؟ ئۇنىڭ بۇرۇن تېلېفوندا سىز بىلەن قىلىشىدىغان پاراڭلىرى تۈگىمەيتتى، نېمە ئۈچۈن ئەمدىلىكتە ئۇ «گاچا» بولۇپ قالىدۇ؟ ھەتتا، بەزىدە سىز ئۇرغان تېلېفوننى ئېلىشنىمۇ خالىمايدۇ؟ بۇ دەل سىرى بار ئەرلەردە بولىدىغان ئورتاق روھىي ھالەت. چۈنكى، ئۇنىڭ كۆڭلى باشقا ياقتا، ئۇ ئۆزىنىڭ كۆپ قىسىم بوش ۋاقتىنى مەخپىي ئاشنىسىغا ئاتىۋەتكەن.

△ ئۇ سىزنى دوستلار ئولتۇرۇشىغا ئېلىپ بېرىشتىن ئېھتىيات قىلىدۇ

ناۋادا ئەر دوستىڭىز ياكى يولدىشىڭىز تالاغا قاراپ قالغان بولسا، ئۇ سىزنى دوستلىرى بىلەن ئۇچراشتۇرۇشتىن ئىمكانقەدەر ھەزەر ئەيلەيدۇ. بۇنداق قىلىشى باشقىلارنىڭ سىزنى تاشلىۋېتىشىدىن قورققانلىقى ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ سىزگە ئۆز سىرىنى ئاشكارىلاپ قويۇشىدىن ئېھتىيات قىلغانلىقىدىندۇر. ناۋادا ئۇلار ئۆتكەن قېتىم ئۇنىڭ باشقا بىر ئايال بىلەن بىللە كەلگەنلىكىنى ئۇنىڭغا ئاشكارىلاپ قويسا، ئاقىۋەت قانداق بولىدۇ؟ گەرچە دوستلىرى كۆپ ھاللاردا ئۇنىڭ ئۈچۈن چاپان ياپسىمۇ، ئەمما، ھاراق ئىچكەندە ئېھتىياتسىزلىقتىن بەزى پاراڭلارنى ئوتتۇرىغا چىقىپ قالمايدۇ، دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟ ئۇمۇ ھەرقانداق كۆتۈلمىگەن بىر سەۋەنلىكنىڭ مۇناسىۋەتلىرىگە ئېغىر تەسىر يەتكۈزىدىغانلىقىنى، ھەتتا يىغىشتۇرۇپ بولمايدىغان ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. شۇڭا، ئۇ ئەخمەقلىق قىلىپ يۈرمەيدۇ ھەمدە بۇنداق خەتەرگە يولۇقۇشتىن ئىمكانقەدەر ساقلىنىدۇ.

## 3. ئەرلەرنىڭ جىنسىي ھەۋسى ناھايىتى كۈچلۈك بولىدۇ

*ئەرلەر ئاياللارنى چۈشەپ قالغاندا، چۈشىدىكى ئايال كۆپ ھاللاردا ئۆزىنىڭ ئايالى بولماستىن، بەلكى باشقا ئايال بولۇپ چىقىدۇ. ئەگەر ئاياللار بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈپ چۈشەپ قالسا، ئۇ ئايالنىڭ ئۆزىنىڭ ئايالى ئەمەسلىكى تۇرغان گەپ. پۇرسەت كەلگەن ھامان، بۇنداق ئەرلەر ئاشۇ شېرىن چۈشلىرىنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتىدۇ.*

ئەرلەرنىڭ جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىشنى ئويلايدىغان، جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىپ چۈشەپ قالىدىغان چاغلىرى ئاياللارغا قارىغاندا كۆپرەك بولىدۇ. بەزى تەتقىقاتچىلار 35 ياشتىن 40 ياشقىچە بولغان ئەرلەرنىڭ ئوتتۇرا ھېساب بىلەن سائىتىگە ئالتە قېتىم جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىشنى خىيال قىلىدىغانلىقىنى بايقىغان. دېمەك، جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىشتىن ئىبارەت بۇ خىيال، ئەرلەرنىڭ كاللىسىدىن بىر قەدەممۇ نېرى كەتمەيدىكەن.

40 ياشتىن ئاشقاندا، ئەرلەرنىڭ جىنسىي ھەۋسى بىر ئاز سۇسلاپ، ھەر يېرىم سائەتتە بىر قېتىم ئويلايدىغان بولۇپ قالىدىكەن. 50 ياشتىن ئاشقاندا، كۆپ قىسىم ئەرلەر بىر سائەت ئەتراپىدا بىر قېتىم خىيال قىلىدىغان بولۇپ قالىدىكەن.

ئەرلەرنىڭ جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈپ چۈشەپ قىلىش قېتىم سانى

ئاياللارنىڭكىدىن ئۈچ ھەسسە كۆپ بولىدىكەن. تەتقىقاتچىلارنىڭ قارىشىچە، بۇ ئەرلەرنىڭ ئادەتتە كۆپ خىيال قىلغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەن.

ئاياللار جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىپ چۈشەپ قالغان چاغدا، ئۇلار بىلەن بىرگە بولغان ئەرلەر كۆپ ھاللاردا ئۇلار تونۇيدىغان ئەرلەر بولۇپ چىقىدۇ. ئۇلارنىڭ چۈشىدىكى جىنسىي مۇناسىۋەتمۇ ئاساسەن سۆيۈشۈش ۋە قۇچاقلىشىشتىن ئىبارەت بولىدۇ، خالاس. چۈنكى ئۇلار پاسسىپ ئورۇندا تۇرغۇچى، قوبۇل قىلغۇچى بولغاچقا، ئۇلارنىڭ كاللىسىغىمۇ بۇ ئۇقۇم چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن.

ئەرلەر ئادەتتە خىيالىدىكى ئاياللار ۋە كونكرېتنى جىنسىي مۇناسىۋەت پائالىيىتىنى كۆپرەك چۈشەپ قالىدۇ. ئۇلار تەشەببۇسكار ھەمدە تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىغا ئىگە بولىدۇ. ئەرلەر ئاياللارنى چۈشەپ قالغاندا، ئۇ ئايال كۆپ ھاللاردا ئۆزىنىڭ ئايالى بولماستىن، بەلكى باشقا ئاياللار بولۇپ چىقىدۇ.

سىزنىڭ ھەرخىل ـ ھەرياڭزا جىنسىي خىياللاردا بولۇشىڭىزغا ئەلۋەتتە توساق بولمايدۇ، ئەمما بۇ خىياللارنى ھەرگىز ئەر دوستىڭىزغا ئېيتىپ سالماڭ. شۇنى يادىڭىزدا مەھكەم ساقلاڭكى، خىيال سۇرگەن چاغلىرىڭىزدىكى خۇشاللىقىڭىزنى ئاشكارىلىماي، قەلبىڭىزدە مەھكەم ساقلاڭ. ئەرلەرنىڭمۇ ئاجايىپ شېرىن خىياللىرى بولىدۇ، ئۇلارمۇ سىزگە ھەرگىز تىنمايدۇ. بىراق، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق شۇكى، سىزنىڭ خىيالىڭىزدا ئۇ دائىم پەيدا بولىدۇ؛ ئۇنىڭ خىيالىدا بولسا، سىزنىڭ قارىڭىزمۇ كۆرۈنمەيدۇ.

بۇ ئەر سىزنى ئۆزىنىڭ جىنسىي خىيالىدىن ئازراقمۇ بەھرىمەن قىلىشنى خالىمايدۇ دېگەنلىك ئەمەس، ئۇ گاھىدا جىنسىي تۇرمۇشىڭلارنى يېڭى مەزمۇنغا ئىگە قىلىش ۋە باشقىچە ھۆزۈر پەيدا قىلىش ئۈچۈن بەزى تەكلىپلەرنى بېرىشى مۇمكىن. بەزىدە ھەتتا بەدەن ۋە قەلبىنىڭ بىرىكىشىدىن ئىبارەت چەكسىز ئىمكانىيەتتىن پايدىلىنىپ، سىلەرگە ئاجايىپ ھۆزۈر پەيدا

مۇمكىن.

بىراق، سىز شۇنى بىلىشىڭىز كېرەككى، ئۇ سىزگە دېگەن ئاشۇ ئاتالمىش «جىنسىي خىياللار»، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ سىز بىلەن قىلماقچى بولغان ئىشىدۇر.

ئەمما، ئۇنىڭ ھەقىقىي جىنسىي خىيالى، ئاشۇ جىنسىي ھوزۇرنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان غايىۋى چوققا بولسا، ئۇنىڭ قەلبىگە تېخى شۇ پېتى مەھكەم يوشۇرۇنغان بولىدۇ!

نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق بولىدۇ؟ چۈنكى، ناۋادا سىز مۇشۇ مەزمۇنلارنى راستتىنلا ئاڭلاپ قالسىڭىز، سىز بۇ ئادەمدىن يىرگىنىپ كېتىسىز ـ دە، ئۇنىڭغا قولىڭىزنىڭ ئۈچىنىمۇ تۇتقۇزغىڭىز كەلمەيدۇ.

مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئەرلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ پولاتتەك پاكىتتۇر.

سىزنىڭ شىركىتىڭىزدىكى كۆپ سانلىق ئەر خىزمەتداشلىرىڭىز شۇنداق، سىزنىڭ ئېرىڭىزمۇ مۇشۇنداق بولۇشى مۇمكىن، مەيلى ئۇ سىزگە قانداق دېگەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر. چۈنكى، ئېرىڭىزمۇ ئەردە. ئۇ ئەرچە تەپەككۇر قىلىدۇ، ئۇنىڭ جىنسىي خىيالىمۇ مۇتلەق ئەرچە بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

شۇڭا، سىز ئەرلەرنىڭ جىنسىي خىيالى زادى قانداق بولىدىغاندۇ؟ دەپ سورىشىڭىز مۇمكىن.

ئەرلەرنىڭ جىنسىي خىيالى، سىز يۈز بەرمىسكەن دەپ تىلەيدىغان بارلىق ئىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ.

ئەرلەرنىڭ ئەڭ كۈچلۈك ئارزۇسى، سىزنىڭ ئەڭ قاباھەتلىك چۈشىڭىزدىنمۇ قەبىھ.

ئەرلەرنىڭ شەھۋانىي تەلپىي، سىز كۆرگەن ئەڭ قورقۇنچلۇق چۈشتۇر.

ئېرىڭىز ئەتىگەن ئورنىدىن تۇرغاندا، كېچىدە ئۇنى «شەيتان ئاتلىغان» لىقىنى بىلسىڭىز، ئۇ مېنى چۈشەپ قاپتۇ دەپ ئويلىشىڭىز مۇمكىن، شۇنداقمۇ؟

سىزنىڭ ئويىڭىز «تامامەن» توغرا بولۇشىمۇ مۇمكىن، ئەمما ئۇنىڭ سىزنىڭ ئەڭ يېقىن ئادىمىڭىز بولغان سىڭلىڭىز ياكى ئاچىڭىزنى چۈشەپ قالمىغانلىقىنى كىم جەزم قىلالايدۇ.

سىزنىڭ بىۋاسىتە تۇغقانلىرىڭىز ئۇنىڭ ئەپسانىۋى چۈشىدە ئايان بولغاندىن تاشقىرى، سىزنىڭ ئەڭ يېقىن قىز دوستلىرىڭىز، ئۇنىڭ ئاغىنىلىرىنىڭ ئاياللىرىمۇ دائىم ئۇنىڭ ئەپسانىۋى چۈشىدە ئۇنىڭ بىلەن ھەمكارنىۋات بولىدۇ.

بۇنىڭلىق بىلەن ئۇنى ساداقەتسىز شەھۋەتپەرەس مەخلۇق دېگىلى بولمايدۇ. ئۇنداقتا، سىز يەنە ئۇ نېمىشقا مۇشۇنداق قىلىدۇ؟ دەپ سورىشىڭىز مۇمكىن.

ئۇ دېگەن ئەر. ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى جىنسىي خىياللارغا تولغان، جىنسىي ھەۋەسى ناھايىتى كۈچلۈك بولغان، ئەخلاق قارىشى ناھايىتى ئاجىز ئەردۇر. بۇنداق ئەرلەرنىڭ خۇسۇسىيىتى شۇكى، ئۇلار ئۆزىنىڭ شەھۋانىي ھەۋەسىنى قوزغىغان ھەر قانداق ئاياللار بىللە ياتىدۇ، مەيلى ئۇلارنىڭ قانداق ئايال بولۇشىدىن قەتئىينەزەر.

سىز بۇ ئىشلارنى توغرا تاپماسلىقىڭىز مۇمكىن. ئەمما، ئەرلەر ئۇنداق دەپ قارىمايدۇ. ئۇلار بۇ ئىشلار سىزگە (ئەرلەرنىڭ نۇقتىسىدىن قارىغاندا بۇنىڭ ھېچقانداق خاتا يېرى يوق) ياكى ئوتتۇراڭلاردىكى مۇناسىۋەتكە ئازار يەتكۈزمىگەندىن كېيىن، نېمە ئۈچۈن بىر چالمىدا ئىككى پاختەك سوقمايدىكەنمەن؟ دەپ قارايدۇ.

سىز بۇ ئىشلار مېنىڭ ئىززەت - غۇرۇرۇمغا تەگدى، دېيىشىڭىز مۇمكىن.

ئەمما ئۇ بولسا، ئۇنىڭغا ئۇقتۇرمىساملا، ئۇ ئازار يېمەيدۇ دەپ قاراپ، بۇ ئىشلارنى ھەرگىز سىزگە ئاشكارىلىمايدۇ.

بەزى ئەرلەر بىرلا ئايالنىڭ قوينىدا ئۆزىنىڭ بارلىق جىنسىي تەلىپىنى قاندۇرۇپ كېتەلمەيدۇ. ئەگەر سىزدە مۇشۇنداق تونۇش پەيدا بولغاندا، سىز

ئارقىلىق، ئاجايىپ ـ غارايىپ مەنزىرىلەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدۇ ـ دە، جاھاندىكى بارلىق سەتەڭلەر ئۇلارنىڭ قوينىدا ياشايدۇ ۋە بۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ قەلبىدىكى بارلىق ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى قاندۇرىدۇ.

ئەرلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، چۈشنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىشىنى كۈتۈشتىن ئىبارەت ئۇزاق ۋاقىت ئىچىدە، خىيال سۈرۈش پەقەتلا ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى بولىدۇ، خالاس.

پۇرسەت كەلگەن ھامان، بۇنداق ئەرلەر ئاشۇ شېرىن چۈشلىرىنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتىدۇ.

# 4 . سىز بىلەن كۆرۈشكەن چاغدىكى پىسخىكىسى

***نۇرغۇن ئەرلەر قىزلارنى ياخشى كۆرۈپ قالغان ھامان، ئۇلار بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشكە تەقەززا بولىدۇ.***

نۇرغۇن ئەرلەر تۆۋەندىكەك ئازابلارنى بېشىدىن كەچۈرگەن:

گەرچە سۆيگەن قىزى بىلەن خېلى چىقىشىپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما دائىم قاچان، قەيەردە، قانداق ئۇسۇلدا ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت قىلارمەن؟ شۇ چاغدا قايسى ئۇسۇلنى قوللانسام قىز دوستۇمنىڭ جىنسىي تەلىپىنى قاندۇرالارمەن؟ دەپ غەم يەيدۇ.

ئەمەلىيەتتە، بۇنداق باش قاتۇرۇشنىڭ ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى يوق. چۈنكى، بۇنداق روھىي ئازابنى ئاياللار سەزمەيدۇ ھەم چۈشەنمەيدۇ، چۈشىنىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس.

ئەرلەر ئاياللار بىلەن يېقىنلىشىشنى ئويلىغان ھامان، ئادەتتە تۆۋەندىكەك ئۇسۇلنى قوللىنىدۇ: ئالدى بىلەن ئۇلارنى تاماققا ياكى كىنو كۆرۈپ كېلىشكە تەكلىپ قىلىدۇ. بۇ باسقۇچنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئانچە قىيىن ئەمەس، ئەركىشى تارتىنچاقلىق قىلماي، ئۆزىنى چوڭ تۇتۇۋالماي، مەردانە بولسىلا، ئايالار ئادەتتە ئۇنىڭ بۇنداق قىزغىن تەلىپىنى رەت قىلىپ كەتمەيدۇ. ئايال كىشى ئەر كىشىنىڭ تەكلىپى بىلەن 2 ـ ياكى 3 ـ قېتىم بىللە تاماق يېيىشكە كەلگەندە، ئەركىشىدە ئايالنىڭ ئۆيەر ـ

قوزغىلىدۇ.

ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىرىنچى باسقۇچ سۆيۈشۈشتۇر. بولۇپمۇ، ئەر ـ
ئاياللار كۆرۈشكەن چاغدا، ئەرلەر باشتىن ـ ئاخىر سۆيۈشۈشنىڭ پۇرسىتىنى
كۈتىدۇ. ئاياللار ئارىسىدىمۇ ئەرلەر سۆيگەن چاغدا ئۆزىنى تۇتالماي (جىنسىي
جەھەتتە)، قانداق قىلارمەن؟ دېگەن ئەندىشە بولۇشى مۇمكىن، بىراق كوچا
ئايلانغاندا ياكى بىللە تاماق يېگەن چاغدا بۇنداق ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشى
مۇمكىن ئەمەس، شۇڭا ئەندىشە قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق.

ئادەتتە، ئەرلەردە مۇشۇنداق ھەۋەس ۋە ئىستەك پەيدا بولغاندا، ئۇلار
ئالدى بىلەن قارشى تەرەپنىڭ ئويىنى بىلىشنى ئۈمىد قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن
بىر چاغدا ئۆزىنىڭ قارشى تەرەپنى ياقتۇرۇپ قالغانلىقىنى بىر ئامال قىلىپ
قارشى تەرەپكە ئۇقتۇرۇشقا تىرىشىدۇ.

جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنىڭ ئالدىنقى شەرتى بولسا، ئۆزئارا
ياخشى تەسىر قالدۇرۇش ۋە بىر ـ بىرىگە ئىشىنىشتۇر. ئەرلەر مۇشۇ ئالدىنقى
شەرتكە تولۇق ئىشەنگەن ئاساستا، كېيىنكى پىلانىنى يولغا قويۇشى مۇمكىن.
بۇ مەقسەتكە يېتىشتىكى ئەڭ ئاددىي ئۇسۇل كۆرۈشۈش ۋاقتىنى
ئۇزارتىشتۇر. يەنى تاماقتىن كېيىن ئاياللارنى تانسىغا ياكى باغچىغا بىرىپ
ئولتۇرۇپ كېلىشكە تەكلىپ قىلىش ۋاھاكازالار. ئەمما، ئەرلەر بۇنداق
تەكلىپنى قويغان ھامان، ئاياللار شۇئان ئەرلەرنىڭ نىيىتىنى بىلىۋالايدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئەرلەر ھاراق ئىچكەچ قارشى تەرەپنىڭ قولىنى تۇتۇش
ياكى يوتىسىنى ئاستا سىلاش ئارقىلىق قارشى تەرەپنىڭ ئىنكاسىغا قارايدۇ.
ئەگەر ئايال كىشى قولى ياكى تىزىنى ئەپ قاچسا، ئۇ ھالدا قارشى تەرەپنىڭ
ئالدىراپ يېقىنلاشقۇسى يوقلۇقىنى پەرەز قىلىۋالىدۇ.

بۇ خىل «ئۈمىد بار» ۋە «ئۈمىد يوق» لىقىنى پەرق ئېتىش ئۈچۈن،
مەلۇم دەرىجىدە تەجرىبە جۇغلانمىسى بولمىسا بولمايدۇ. سەللا دىققەت
قىلمىسىڭىز خاتا ھۆكۈم قىلىپ قويۇشىڭىز مۇمكىن. بولۇپمۇ، نۇرغۇن
ئەرلەر دائىم خاتا چۈشىنىپ قېلىپ، ئاقىۋەت ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ
قالىدۇ. مەسىلەن: سىزنى مەلۇم ئىدارىنىڭ باشلىقى دەيلى، سىز

ئىدارىڭىزدىكى مەلۇم ئايال خىزمەتچىنى كەچلىك تاماققا تەكلىپ قىلسىڭىز، ئۇ قىلچە ئىككىلەنمەيلا خۇشال ھالدا سىز بىلەن بىللە بارىدۇ، ئۇنىڭ بۇنداق قىزغىنلىقىنى سىز خاتا چۈشىنىۋېلىپ، ئۇنىڭ ماڭا مەيلى بار ئوخشايدۇ، دېسىڭىز بولمايدۇ. چۈنكى، سىز ئۇنىڭ بىۋاستە باشلىقى بولغانلىقىڭىز ئۈچۈنلا ئۇ تەكلىپىڭىزنى رەت قىلالماي، سىز بىلەن بىللە بارغان بولۇشىمۇ مۇمكىن.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، بۇنداق ئەرلەر ھەرخىل چارىلەرنى قوللىنىپ، قارشى تەرەپنىڭ مەيلى بار - يوقلۇقىنى سىنىماقچى بولىدۇ، سۆيسەم قوبۇل بولارمۇ؟ قۇچىقىنى ماڭا تەقدىم قىلارمۇ؟ دەپ كۆپ باش قاتۇرىدۇ ھەمدە ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشتىن ئىلگىرى شۇ كۈنكى ھەرىكەت پىلانىنى تۈزۈپ چىقىپ بولىدۇ. شۇڭا، كۆرۈشۈش جەريانىدا، ئەرلەر مۇشۇ ئىشلارغا زىيادە باش قاتۇرۇپ كەتكەنلىكتىن، تاغدىن گەپ قىلسا، باغدىن جاۋاب بېرىپ، ئايال كىشىنى زېرىكتۈرۈپ قويغانىنىڭ ئۈستىگە، يېگەن غىزاسىنىڭ تەمىنىمۇ تۈزۈك تېتالمايدۇ. بەزىدە ئاياللارنىڭ روھى كۆتۈرۈلۈپ قىزغىن پاراڭ قىلىپ بېرىۋاتسا، ئەرلەر بۇنىڭغا ئېتىبارسىز قارىغانلىقتىن، ئايال كىشىنىڭ كەيپى ئۇچۇپ كېتىدۇ.

شۇڭا، ئايال تەرەپ شۇ ئەرنى ياقتۇرۇپ قالسا، ئۇنىڭغا مۇناسىپ ئۇچۇر بېرىپ، تەشەببۇسكارراق بولغىنى تۈزۈك، ئەگەر ئايال تەشەببۇسكار بولمىسا، قارشى تەرەپكە ئازراق ھەرىكەت قوللىنىش شارائىتى يارىتىپ بەرمىسە، ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ ئىلگىرىلىشىدىن ئۈمىد كۈتۈش تەس. بولۇپمۇ، ھازىرقى كۈندە، ئەركىن ئۆسۈپ قالغان ئەرلەر بىر قەدەر كۆپ، ئۇلار ئىش كۆرمىگەن، ئاياللار بىلەن يېقىنلىشىشقا ماھىر ئەمەس، بۇنداق ئەرلەرنىڭ ھەممىسى ئاياللارنىڭ تەشەببۇسكارراق بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ.

## 5. ئاياللارغا سوغۇق مۇئامىلىدە بولغان ئەرلەر جىنسىي ئىقتىدار جەھەتتە ئاجىز بولۇشى مۇمكىن

***ئەرلەرنىڭ زەكىرى ئاياللار ئويلىغاندىنمۇ بەكرەك نازۇك. ئۇ بەزى ئەرزىمەس كىچىك ئىشلار تۈپەيلى ئۆزىنىڭ جىنسىي ئىقتىدارىنى يوقىتىپ قويۇشى مۇمكىن شۇنداقلا قارشى تەرەپنىڭ بىرەر ئىغىز ئىللىق سۆزى ياكى ئامراقلىقى تۈپەيلى جەسۇرلۇقىنى يىغىۋاشتىن ئەسلىگە كەلتۈرۈشى مۇمكىن.***

ئەگەر ئەرلەرنىڭ زەكىرى قاتمىسا، ئاياللار بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىشى مۇمكىن ئەمەس. بۇ نۇقتىغا قارىتا، ئاياللارنىڭ تونۇشى دىگەندەك چوڭقۇر بولماسلىقى مۇمكىن. بەزى ئاياللار زەكەرنىڭ قاتقان چاغدىكى ھالىتىگە قاراپ بۇنىڭغا توغرا مۇئامىلە قىلماسلىقى ھەتتا ئۇنى ھايۋان كەبى ياۋۇزلۇق دەپ قىلىشىمۇ مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە، ئۇ بىر خىل پسىخىك ئامىلغا باغلىق بولغان، ئىنتايىن سەزگۈر بولغان، يەنە كىلىپ تىل بىلەن ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايدىغان ھەرىكەتتۇر.

زەكەرنىڭ قىتىشىدىن ئىبارەت بۇ خىل جىسمانىي ھەرىكەت چوڭ مىڭىنىڭ رولى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. زەكەر قاتقان چاغدا مەلۇم كىچىككىنە ئىشلار تۈپەيلى بىردىن سولىشىپ قىلىشىمۇ مۇمكىن، يەنە كىلىپ

بۇ خىل ئۆزگىرىشلەر كۆپ ھاللاردا پسىخىك ئامىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ.

ئەرلەر ئۆزگە تولۇق ئىشەنگەندە، زەكىرى ئوڭايلا قاتىدۇ، ئەرلەرنىڭ روھىي كەيپىياتى تۆۋەن، خاتىرجەمسىزلەنگەن، ئىككىلەنگەن ياكى بىرەر كېلىشمەسلىكنىڭ يۈز بېرىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەن چېغىدا بولسا، زەكەر ئوڭايلا سولىشىپ قالىدۇ.

بۇنىڭ سەۋەبلىرى بىر قەدەر كۆپ، يەنى شەخسىي سەۋەبمۇ بار. ئىجتىمائىي سەۋەبمۇ بار. بۇنىڭدا يەڭگىللىك بىلەن بىر تەرەپلىمىلىكنى ئومۇمىي ئەھۋال دەپ قاراشقا بولمايدۇ. مەسىلەن: ئەرلەرنىڭ خىزمىتى كۆڭۈلسىز بولسا، ئورنى ۋە كىرىمى مۇقىم بولمىسا، روھىي چۈشكۈن بولىدۇ؛ بالىسىنىڭ نەتىجىسى تۆۋەن بولسا، ئايالى جېدەلخور خوتۇن بولسا، ئۇ ھالدا تېخىمۇ ئېغىر روھىي بېسىمغا ئۇچرايدۇ ۋە نېرۋىسى داۋاملىق جىددىيلىشىدۇ. بۇنىڭ بىلەن، ئەرلەرنىڭ جىنسىي ئىقتىدارى بارا ــ بارا ئاجىزلىشىدۇ. بەزى ئەرلەر مۇشۇ خىل ئەھۋالنىڭ ئېغىرلىشىشى تۈپەيلىدىن زەكىرى قاتماس ھالەتكە بېرىپ قالغان.

بولۇپمۇ، ھازىرقى جەمئىيەتتە، 40 ياشنى كىشىلىك ھاياتنىڭ چېگرا سىزىقى دېيىشكە بولىدۇ. يەنە بىر بالداق ئۆرلىگەندە ئىدارىنىڭ ئوتتۇرا، يۇقىرى قاتلام رەھبەرلىك ئاپپاراتىغا كىرەلىشى ۋە چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرالىشى مۇمكىن ياكى بولمىسا ھېچقانداق مۇھىم ۋەزىپىگە قويۇلماي چەتكە قېقىلىپ، سۆرۈلۈپ يۈرۈشىمۇ مۇمكىن.

گەرچە 40 ياشتىن ئاشقان ئەرلەرنىڭ جىنسىي ھەۋەسى ياش ۋاقتىغا سېلىشتۇرغاندا سەل سۇسلاشقان بولسىمۇ، لېكىن ئىقتىسادىي جەھەتتە، ئىجتىمائىي جەھەتتە، ئۇلار بىر قەدەر ھاللىق سەۋىيىدە بولغاچقا، جىنسىي ھەرىكەت جەھەتتە پىششىپ يېتىلىش باسقۇچىغا كىرگەن. شۇنداقتىمۇ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، 40 ياشتىن ھالقىغان نۇرغۇنلىغان ئەرلەردە خىزمەت بېسىمىنىڭ ئېغىرلىشىپ كېتىشى تۈپەيلى جىنسىي ئىقتىدار

ئىقتىدارىنى يوتونلەي يوقاتقان.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان مەسىلىلەرگە ئوخشىمايدىغىنى شۇكى، 20 ـ 30 ياشقىچە بولغان مەزگىلدە، يەنى بالاغەتكە يەتكەن مەزگىلدىكى ئەرلەر ئارىسىدا جىنسىي ئىقتىدارى ئاجىزلارمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. مۇشۇ ياشتىكى ئەرلەرنىڭ جىنسىي ھەۋىسى گەرچە 40 ياشتىن ھالقىغان ئەرلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ كۈچلۈك بولسىمۇ، بىراق ئۇلاردا جىنسىي جەھەتتە ئاجىز بولۇشتەك ئەھۋال كۆرۈلگەن ھامان، نورمال ئەر ـ خوتۇنلۇق مۇناسىۋەتنى ساقلاپ قېلىشى تەسكە توختايدۇ.

شۇڭا، بىز دائىم ياش چوكانلارنىڭ «توي قىلغىنىمىزغا خېلى بولدى، ئۇ ماڭا تۇزۇك چېقىلىپ باقمىدى» دېگەن نالىسىنى ئاڭلاپ قالىمىز. بۇ خىل ئەھۋالنى ئەرلەرنىڭ جىنسىي جەھەتتىكى ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنىڭ كەمچىل بولغانلىقىدىن دەپ ئېيتساق ئادەتتە خاتالاشمايمىز. ئەلۋەتتە، بۇنىڭ سەۋەبى ناھايىتى كۆپ، ئەمما، ئۇنىڭ ئىچىدىكى كۆپ قىسىم ئامىلىنىڭ روھىي جەھەتتىن كەلگەنلىكى راست.

شۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، زەكەرنىڭ قېتىش ـ قاتماسلىقى ناھايىتى زور دەرىجىدە جەمئىيەتنىڭ بېستىمى، تۇرمۇشنىڭ مۇقىمسىزلىقى شۇنىڭدەك چارچاش، زۇكام بولۇپ قېلىش، ئۇيقۇسىزلىق قاتارلىق جىسمانىي ئامىلنىڭ تەسىرىگە باغلىق بولىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئەرلەرنىڭ زەكىرىنى جىسمانىي ۋە روھىي ساغلاملىقنىڭ بەلگىسى دېيىشكە بولىدۇ، مەيلى روھىي جەھەتتىن بولسۇن، ياكى جىسمانىي جەھەتتىن بولسۇن، قايسى تەرەپتە مەسىلە كۆرۈلسە، زەكەر ئوڭايلا تۇرمايدۇ.

روھىي جەھەتتىكى تەسىر بىلەن جىسمانىي جەھەتتىكى تەسىرنىڭ رولى ئوخشاش بولمايدۇ: جىسمانىي جەھەتتىكى ئاجىزلىشىش كەلتۈرۈپ چىقارغان جىنسىي ئاجىزلىق بەدەننىڭ كۈچىيىشى ئارقىلىق نورماللىشىشى مۇمكىن؛ ئەمما، پسىخىك ئامىل كەلتۈرۈپ چىقارغان جىنسىي ئاجىزلىقنى بولسا، ساقايتىش ئۇنداق ئاسان ئەمەس.

مەسىلەن: مەلۇم بىر ئەر كىشى بىر ئايال بىلەن بىر مەزگىل

ئاربلاشقاندىن كېيىن، بىر ـ بىرىنى ياقتۇرۇپ قاپتۇ، بىر كۈنى ئۇ ئىككىسى كارىۋاتقا چىقىپ جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشكە تەمشەلگەندە، ئايال ئۇشتۇمتۇت «ياستۇقنى تېگىمگە قويۇۋالاي» دەپتۇ، بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئەرنىڭ زەكىرى شۇئان سولىشىپ قاپتۇ ـ دە، شۇنىڭ بىلەن ھېچقانداق جىنسىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىلماپتۇ.

بۇ ئەھۋالغا قارىتا، كۆپ سانلىق ئاياللار «بۇ نېمە ئۈچۈن» دەپ سورىشى مۇمكىن، بۇنىڭ سەۋەبىنى جىنسىي پسىخولوگىيە ئالىملىرى تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاپ چۈشەندۈرگەن.

ئالدى بىلەن، ئاياللارنىڭ بېلىنىڭ ئاستىغا ياستۇق قويۇلغاندا، تاناسلى تومپىيىپ چىقىدۇ ـ دە، زەكەرنى كىرگۈزۈشكە قۇلايلىق بولىدۇ ھەمدە زەكەر ئاياللارنىڭ نازۇك يەرلىرىگە بېرىپ تېگىپ، ئۇلارنى چەكسىز ھۇزۇرلاندۇرىدۇ. بىراق، بۇنى ئايال كىشى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويغانلىقتىن، ئەر بولغۇچىدا ئۇ بۇرۇن باشقا ئەرلەر بىلەن دائىم مۇشۇنداق ئويىنىسا كېرەك دېگەن گۇمان تۇغۇلىدۇ ـ دە، كۆڭلى شۇئان سوۋۇپ كېتىدۇ.

ئەلۋەتتە، بۇ ئايال ئاشۇ سۆزنى بىر خىلساددا ئارزۇ بىلەن ئۇلار ئېلىپ بارماقچى بولغان جىنسىي مۇناسىۋەتنى كۆڭۈللۈك ئاخىرلاشتۇرۇش ۋە شېرىن ھۇزۇرغا ئېرىشىش مەقسىتىدە ئېيتقان بولۇشىمۇ مۇمكىن. بىراق، ئەرلەر مۇشۇ پەيتنىڭ ئۆزىدە ئۇنداق ئويلىمايدۇ، ئۇلار مېنى ئۇ ئىقتىدارسىز چاغلاۋاتقان ئوخشايدۇ دەپ چۈشىنىپ قېلىپ، دەرھاللا ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى يوقىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ئۇ ئىلگىرى جىنسىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىشتا مەندىن كۆپ ماھىر ئەرلەر بىلەن بىرگە بولغان ئوخشايدۇ، دەپ ئۇنىڭدىن گۇمان قىلىدۇ. بۇ خىل پسىخىك ھالەت پەيدا بولغان ھامان، ئۇنىڭ كەيپى بىراقلا ئۇچۇپ كېتىدۇ. نەتىجىدە زەكىرىمۇ سولىشىپ قالىدۇ.

جىنسىي مۇناسىۋەت ئاياغلاشقاندىن كېيىن، بەزى ئەرلەر ئاياللاردىن:

مەقسەتمۇ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت. ئەگەر قارشى تەرەپ «ياق» دەپ جاۋاب بېرىپ قالسا، ئۇ هالدا ئىشنىڭ بۇزۇلغىنى شۇ. ئەلۋەتتە، ئاياللارنى پىششىق بىلىدىغان، ئاياللارنى جىنسىي جەھەتتە تولۇق قانائەتلەندۈرۈشكە پۇتۇنلەي ئىشەنچ قىلالايدىغان ئەرلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇ باشقا گەپ. ئەمما، نۇرغۇن ئەرلەرنىڭ ئۆزىگە تولۇق ئىشەنچ قىلالىشى ناتايىن.

كېسىپ ئېيتقاندا، ئەرلەرنىڭ زەكىرى قەيسەرلىك بىلەن قاتتىدىغان نەرسە. يەنى ئۆزىدە ئىشەنچ هاسىل بولغان چاغدا، ئۇ قاتتىق تۇرىدۇ. ئەمما، ئەرلەر خىزمەت ۋە باشقا جەھەتلەردە ئوڭۇشلۇق بولغان تەقدىردىمۇ، ئاياللارغا نىسبەتەن ئىشەنچىسى كەمچىللا بولىدىكەن، زەكەرنىڭ قېتىشىدىن ئۈمىد كۈتكىلى بولمايدۇ. بۇ ئېهتىمال دەل ئەرلەر جىنسىي پائالىيىتىنىڭ مۇشكۈل يېرى بولسا كېرەك، شۇنداقلا ئاياللارغا نىسبەتەنمۇ چۈشىنىش قىيىن بولغان تەرەپ بولۇشى مۇمكىن.

ئەرلەرنىڭ زەكىرى ئاياللار ئويلىغاندىنمۇ بەكرەك نازۇك، ئۇ بەزىدە ئەرزىمەس كىچىك ئىشلار تۈپەيلى ئۆزىنىڭ جىنسىي ئىقتىدارىنى يوقىتىپ قويۇشى مۇمكىن، شۇنداقلا قارشى تەرەپنىڭ بىرەر ئېغىز ئىللىق سۆزى ياكى ئامراقلىقى تۈپەيلى جەسۇرلۇقىنى يېڭىۋاشتىن ئەسلىگە كەلتۈرۈشى مۇمكىن. بولۇپمۇ، ئەر ـ ئاياللارنىڭ مۇناسىۋىتى تازا ئەپ بولمىغان چاغلاردا، ئەر تەرەپنىڭ نېرۋىسىنىڭ قاتتىق جىددىيلىشىپ كېتىشى ياكى كۆڭلى خاتىرجەم بولماسلىق تۈپەيلى، ئايال تەرەپنىڭ مۇنداقلا بىر ئېغىز گېپى ئەرلەرگە نىسبەتەن قاقشاتقۇچ زەربە بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. كۆپلىگەن ئەرلەر شۇ سەۋەبلىك جىنسىي ئاجىزلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغان ھەتتا ئەڭ ئاخىرىدا نورمال ئەر ـ ئاياللىق مۇناسىۋەتكە ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كەلگەن.

بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا، ئەرلەرگە نىسبەتەن ئەڭ ئېغىر كېلىدىغىنى ئاياللارنىڭ ئەيىبلىشىدۇر. ئالايلۇق، «نېمە بولدىڭىز» ، «ئەپلەشتۇرەلمەسىز ـ يوق؟» ، «هالىڭىز شۇنچىلىكمىتى؟» ، «ئوش ...، ئادەمنى بىكاردىن

ئاۋارە قىلىپ!»، دېگەندەك سۆزلەرمۇ ئەرلەرگە زەربە بولىدۇ.

ھەتتا «كېلەر قېتىم ئالدىرىماسسىز»، «بەكلا جىددىيلىشىپ كەتتىڭىز» دېگەندەك تەسەللى گەپلەرمۇ ئەرلەرگە سەلبىي بېسىم پەيدا قىلىشى مۇمكىن.

بۇنداق ئەرلەرگە يولۇققان چاغدا، ئاياللار قانداق قىلىش كېرەك؟ تۇۋەندە تونۇشتۇرماقچى بولغىنىمىز مۇتلەق خىسلەتلىك «دورا» بولمىسىمۇ، ھەر ھالدا ئەڭ ئوبدان چارە بولۇشى مۇمكىن، يەنى ۋاقتىنچە ئۇنىڭ جىنسىي جەھەتتىكى ئىقتىدارسىزلىقىنى ئەستىن چىقىرىۋېتىپ، ئاستاغىنا «مەن سىزنى سۆيىمەن» دېيىش ئارقىلىق ئۇنىڭ بىئاراملىقىنى تۈگىتىش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مۇلايىملىق بىلەن كۆڭلىنى ياساش كېرەك.

بۇ يەردە، بىز شۇنى ئېسىمىزدە ساقلىشىمىز كېرەككى، ئەرنىڭ ئايالغا بولغان مۇھەببىتىنىڭ دەرىجىسى بىلەن زەكەرنىڭ قېتىش دەرىجىسى ئوتتۇرىسىدا جەزمەن ئوڭ تاناسىپنىڭ ھاسىل بولۇشى ناتايىن.

دەرۋەقە، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ۋە ئۇزۇندىن بېرى كۆرۈشەلمىگەن كۆڭلىدىكى ئاياللار بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش پۇرسىتى نېسىپ بولغاندا، كۆپ ساندىكى ئەرلەرنىڭ ھەممىسى جەڭگىۋار ھالەتكە ئۆتىدۇ. ئەمما، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا زىيادە جىددىيلىشىپ كەتكەنلىكتىن ياكى ھاياجانلىنىپ كەتكەنلىكتىن، بەزى چاغلاردا زەكىرى قاتمايدىغان ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلىدۇ.

ئۆزى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىغان ئايال بىلەن بىرگە بولۇش پۇرسىتى ئاران دېگەندە نېسىپ بولغاندا، زەكىرى قېرىشقاندەك تۇرغىلى ئۇنىمىسا، بۇنداق ھالەتكە چىداپ تۇرالمىدۇ ئەركىشى. بۇنداق ئەھۋال يۈز بەرگەن ھامان، ئەركىشى ئىشەنچىسىنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ قويىدۇ. گەرچە قارشى تەرەپ بىلەن يەنە جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش پۇرسىتى تۇغۇلغاندىمۇ، ئۇ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى يوقاتقانلىقتىن قايتا جۈرئەت قىلالماسلىقى مۇمكىن.

تۇرۇشىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى ناھايىتى چوڭ. بىر قېتىملىق جىنسىي مەغلۇبىيەت ئەرلەرنىڭ ئىشەنچىسىنى يوقىتىپ قويسا، زەكەرنىڭ قايتا تۇرمىقى قىيىنغا توختايدۇ. بۇنداق ئەھۋال كۆرۈلگەن ھامان، كۆپلىگەن ئەرلەر ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئاياللاردىن ۋاز كېچىپ، سولىشىپ كېتىپ قالىدۇ.

بۇنداق ئەرلەر جىنسىي جەھەتتە يەنە مەغلۇپ بولۇشىدىن قاتتىق ئەنسىرىگەچكە، ئاياللارغا سوغۇق مۇئامىلىدە بولىدۇ. ھەتتا گەپ قىلىشنىمۇ خالىمايدۇ. بۇنداق ئەرلەرنى كۆپ سانلىق ئاياللار «ئەخلاقلىق ئادەم»، «سەمىمىي ئەر» دەپ قارايدۇ. لېكىن، باشقا ئەرلەر بولسا بىر قاراپلا «ئۇ جىنسىي ئىقتىدارى ئاجىز نېمە ئوخشايدۇ.» دەپ بىلىۋالىدۇ. بىراق، ئاياللار بۇ نۇقتىنى سېزەلمەيلا قالماستىن، كۆپ ھاللاردا بۇنداق ئەرلەرگە يۇقىرى باھا بېرىدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان جەمئىيەتتە جىنسىي مۇناسىۋەتكە سوغۇق مۇئامىلە قىلىدىغان، سۇس قارايدىغان خاھىشلار كۆرۈلمەكتە. كۆپلىگەن ئاشىق ـ مەشۇقلار ياكى ئەر ـ ئاياللار گەرچە ناھايىتى ئىناق ئۆتسىمۇ، ئەمما جىنسىي مۇناسىۋەتكە ئېتىبار بەرمەيدۇ. ھازىرقى زامان جەمئىيىتىدە ئەرلەرگە نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇلاردا ئاياللارغا قارىتا ئەۋزەللىك تۇيغۇسىنىڭ بولمىغانلىقى ئۇنىڭ سەۋەبلىرىنىڭ بىرىدۇر. ئىلگىرى «قىز ـ ئوغۇللار يەتتە ياشقا كىرگەندە ھەمداستىخان بولسا نامەھرەم بولىدۇ» دەيدىغان گەپ بار ئىدى، يەنى ئوغۇل ۋە قىزلار يەتتە ياشقا كىرگەندىن كېيىن بىللە ئوينىمايتتى. شۇڭا، ئۇلار بالاغەتكە يېتىشتىن بۇرۇن، قارشى تەرەپنى ئاساسەن چۈشەنمەيتتى. ئەمما، ھازىر ئۇنداق ئەمەس. قىز ـ ئوغۇللار كىچىكىدىن باشلاپلا بىرگە ئويناپ چوڭ بولىدۇ. شۇڭا، قىزلار بالدۇر يېتىلىدۇ، بىلىدىغان بىلىمى ۋە باشقا ئىشلىرىمۇ بىر قەدەر كۆپ، ئوقۇش نەتىجىسىمۇ يامان ئەمەس بولغاچقا، ئوغۇللار بۇ جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكتىن مەھرۇم قېلىپ، قىزلار ئالدىدا ئۆزلۈكىدىن پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈپ قالغان. ھازىرقى زاماننىڭ ئاياللىرى ماددىي تۇرمۇش ۋە مەنىۋى تۇرمۇشتا

ئاكتىپ، ئۈمىدۋار پوزىتسىيە بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. ئەمما، ئەرلەر بولسا ئىنتايىن بىچارە ھالەتتە قېلىپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە پاسسىپ پوزىتسىيە قوللىنىدۇ. بۇنداق شارائىتتا ياشىغان ئەرلەر ئۆزىنىڭ جىنسىي ئىقتىدارىنى يوقاتمىغان ھالەتتىمۇ، جىنسىي ھەۋەسنى مۇئەييەن دەرىجىدە سۇسلاشتۇرۇپ قويۇشى تەبىئىي ئەھۋال. بىر گېزىت ئائىلە تۇرمۇشىغا ئائىت مۇنداق بىر ئىشنى خەۋەر قىلغان: مەلۇم بىر ئەر ئايالىنىڭ يىللىق كىرىمى ئۆزىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكى تۈپەيلى جىنسىي ئاجىزلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغان. بىراق، ھازىرغىچە ئۇنىڭ ئايالى بۇ ئىشنىڭ ھەقىقىي سىرىنى بىلەلمىگەن. ئەرلەر بەزى كىچىككىنە ئىشلار تۈپەيلــــى ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى يوقىتىپ قويۇشى مۇمكىن، زەكەرمۇ ناھايىتى سەزگۈر بولۇپ، ئادەمنىڭ روھىي سولغۇنلاشقان ھامان، ئۇنىڭ قايتا تۇرۇشى ناھايىتى تەس.

# 6. ئەرلەر ئەرلەرنىڭ قاياشى

***ئەرلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە بولۇشۇشى بىر ـ بىرىنىڭ ئەيىبىنى يوشۇرۇش بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. ناۋادا سىز ئېرىڭىزدىن گۇمانلىنىپ قالسىڭىز، باشقا ئەرلەر ئوتتۇرىغا چىقىپ چاپان ياپسا، سىز ئۇنىڭ گۇناھكار ئىكەنلىكىگە يۈزدە يۈز ئىشەنسىڭىز بولىدۇ.***

باشقا ئەر دوستلىرىنىڭ كۆچلۈك ياردىمى بولمىسا، ئەرلەر چوقۇم ھېچقانداق مەخپىيەتلىكنى يوشۇرۇپ قالالمايدۇ ياكى يالغان ئېيتىپ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. بۇ ئەرلەرنىڭ ئايالالار ئالدىدا ئىشلىتىدىغان خىلمۇ خىل ۋاستىلىرى ئىچىدە ئايالالار ئەڭ سەل قارايدىغان بىر خىل ۋاستىدۇر.

ئويلاپ كۆرۈڭ، ئۆتكەندە ئېرىڭىزنىڭ بىر يېقىن دوستى سىزگە: «ياپەرۋەردىگار، ئۇ سىزنى بەكلا ياخشى كۆرىدىكەن جۇمۇ.»، «سىز بىلەن تويى قىلغاندىن بۇيان، ئۇ ھەتتا باشقا ئايالالارغا كۆزنىڭ قىرىنىمۇ سېلىپ قويمايدىغان بولۇپ قالدى.»، «ئۇ شۇ ئاخشىمى سىزنى ئېغىزىدىن زادىلا چۈشۈرمىدى.» دېمىگەنمىدى.

شۇ ئەمەسمۇ؟ سىز ئېرىڭىزنىڭ سەمىمىيىتىدىن گۇمان قىلىشقا باشلىغان ئاشۇ پەيتتە، سىز مۇشۇنداق سۆزلەرگە موھتاج بولغان چاغدا، سىز تەلەپ قىلمىسىڭىزمۇ، بىر ئىشەنچلىك «دوستىڭىز» تەشەببۇسكارلىق بىلەن سىزگە بەزى «ئىچكى ئاخباراتلار»نى ئېيتىپ بەردى. بۇ نېمىدېگەن كۆڭۈللۈك ئىش ھە! بۇ چاغدا سىز خۇشال بولغانلىقىڭىزدىن يايراپ كېتىسىز ۋە ئېرىڭىزدىن بىھۇدە گۇمانلانغانلىقىڭىز ئۈچۈن، ئۆزىڭىزنى ئەيىبكە بۇيرۇيسىز ـ دە، بۇ دوستلارنىڭ سەمىمىيىتىدىن قىلچە گۇمانلانمايسىز.

شۇنداق، سىز ئەزەلدىن ئىشەنچ قىلىپ كەلگەن بىر «دوستىڭىز» نىمىدەپ سىزگە بىكاردىن ـ بىكار يالغان ئېيتسۇن؟

بۇنىڭ جاۋابى ناھايىتى ئاددىي: چۈنكى ئېرىڭىز ئۇنىڭ ئاشۇنداق قىلىشىنى تەلەپ قىلغان.

ئېرىڭىز سىزنى چۈشىنىدۇ ھەمدە كۆڭلىڭىزگە شەك چۈشۈپ قالغانلىقىنى سەزگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ھەقىقەتەن ئاشۇ ئىشنى قىلغان بىر نەۋرە سىڭلىڭىز بىلەن ئىش ـ پەش تارتىشىپ يۈرگەن. بىراق، سىز خاتىرجەم بولۇڭكى، مەيلى ئۇ قانداق پەسەندە ئىشلارنى قىلمىسۇن، ئۇنىڭ بەزى ئەر دوستلىرى ھامان ئۇنىڭغا چاپان ياپماي قالمايدۇ.

شۇڭا، بۇ يەردە بىز شۇنى ئاگاھلاندۇرىمىزكى، سىز نەق مەيداندا يوق بولغان بولسىڭىز، ئېرىڭىزنىڭ ئەر دوستلىرىنىڭ ئېيتقانلىرىغا ئالدىراپ ئىشىنىپ كەتمەڭ. ئەگەر ئۇلار ئېرىڭىزنىڭ قولاق كەستى دوستلىرى بولسا، تېخىمۇ شۇنداق.

سىز «ياخشى شېرىكلەر كۇلۇبى» دېگەن گەپنى ئاڭلىغان بولغىيدىڭىز. دۇنيانىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا مۇشۇنداق تەشكىلاتلار بار.

مەسىلەن: قانۇن ساھەسىنى ئېلىپ ئېيتساق، ئەر ئادۋوكاتلار تەپتىش ئەمەلدارلىرى، سوتچىلار ئارىسىدا بىر خىل نازۇك دوستلۇق مەۋجۇت، ئۇلار ئوخشاش بىر مەكتەپنى پۈتتۈرگەن، ئۇلارنىڭ مەخپىيەتلىكلىرىمۇ بىر ـ بىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ، سەنئەت ساھەسىدە، ھەتتا كارخانا ساھەسىدىمۇ شۇنداق.

مەيلى سىز قانداق ئويلىماڭ، بۇ كۇلۇب ئەزەلدىن ئاياللارنى قوبۇل قىلغان ئەمەس (كەلگۈسىدىمۇ مۇتلەق قوبۇل قىلمايدۇ).

ئەرلەر ئوتتۇرىسىدىكى قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىنى ئاياللار مەڭگۈ چۈشەنمەيدۇ، شۇڭا ئاياللار ئەڭ ياخشىسى ئۇنى ئۆزگەرتىمەن دېگەن ئويدىن ۋاز كەچكىنى تۈزۈك. ئەرلەر ئەڭ ئەقىل يەتمەيدىغان باھانە ۋە يالغان گەپلەر ئارقىلىق بىر ـ بىرىنى ئوڭايسىز ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇرىدۇ؛ بىراق ئاياللارغا كەلگەندە، ئۇنداق قىلىشى مۇمكىن ئەمەس، ئۇلارنىڭ كىيىمىنى سىلىشقا ياردەملىشىشكە توغرا كەلسە، ئۇ باشقا گەپ.

ئۆيۈنىنىڭ قانداق ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقىنى كۆرۈپ باقايلى. تۆۋەندىكى بۇ «پەرەز» مەلۇم بىر ھەقىقىي ھېكايىدىن كەلگەن.

سىز ئېرىڭىز بىلەن ئېرىڭىزنىڭ بىر دوستىنىڭ ئۆيىگە كەچلىك تاماققا باردىڭىز، ئەر ساھىبخانىنى ئېرىڭىزنىڭ خىزمەتدىشى دەيلى، مەززىلىك تاماقلارغا ئېغىز تېگىپ، بىر نەچچە قەدەھ ھاراقنى كۆتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، سىز پاراڭلاشقاچ ئىختىيارسىز ساھىبخانىنىڭ ئۈستەل ئۈستىدە تۇرغان ئالبومىنى قولىڭىزغا ئېلىپ، ئۇنى ۋاراقلاشقا باشلايسىز ۋە بىردىنلا كۆزىڭىز بىر قولىغا ناتونۇش بىر چىرايلىق ئايالنىڭ مۈرىسىگە قويۇۋالغان ئېرىڭىزنىڭ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان رەسىمىگە چۈشىدۇ. بۇ ئايالنىڭ يېنىدا سىز تونۇمايدىغان يەنە بىر ئەر بار بولسۇن.

بۇ چاغدا سىز: «بۇ ئادەملەر كىملەر؟» دەپ سورايسىز. ساھىبخان ھېچ ئىككىلەنمەيلا: «ئۇ لىياسى ۋە ئۇنىڭ يۈرگىنى، ئۇنىڭ يۈرگىنىنىڭ ئىسمى نېمىدى؟ ئۇنتۇپ قاپتىمەن، بۇ رەسىمنى ئۇلار توي قىلىشتىن ئىلگىرى چۈشكەن.» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

«ھەئە شۇنداق» دەيدۇ بۇ چاغدا ئېرىڭىز دەرھال ئۆزىنى ئوڭشاپ، «ئۇلار خۇدايىم بەرگەن بىر جۈپ قوشماقلارغۇ.»

شۇنىڭ بىلەن، بۇ رەسىمنىڭ ئىشى ھېچقانداق شەپىسىزلا ئۆتۈپ كېتىدۇ. بۇ گەپلەرگە ئىشەنمەسلىككە نېمە ئاساس بولسۇن؟ ئۇلار ئادەتتىكى دوستلار تۇرسا، يەنە كېلىپ ئېرىنىڭ دوستى ۋە ئۇنىڭ يۈرگىنى بىلەن بىللە چۈشكەن رەسىمغۇ.

سىز بۇ چاغدا، «توختاپ تۇرە ئېرىمنىڭ قولى نېمىشقا باشقىلارنىڭ سۆيگۈنىنىڭ مۈرىسىدە تۇرىدۇ؟» دېگەننى ئېسىڭىزغا كەلتۈردىڭىزمۇ؟ ياكى «ئۇ لىياسى زادى قانداق ئادەم؟» دەيدىغان گۇمان سىزدە تۇغۇلمىدى دېسە كىم ئىشىنىدۇ.

ئۇنداقتا، بۇ گۇمانىڭىزنى ئېغىزىڭىزدىن چىقىرالامسىز؟ ئەلۋەتتە ئۇنداق قىلالمايسىز ـ دە.

نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى، بۇ خەقنىڭ ئۆيى، يەنە كېلىپ ئەركىن ـ ئازادە، پىنھان، خۇشاللىققا تولغان يېقىن دوستلار بىلەن گۈزەل مىنۇتلاردىن تەڭ بەھرىمەن بولۇۋاتقان پەيت، ھەرگىزمۇ مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاپ، ئۆزىنى

ۋە ئۆزگىنى ئەرزان قىلىدىغان سورۇن ئەمەس.

ئۇلار ئارقىدىنلا گەپنى باشقا ياققا يۆتكەيدۇ ـ دە، سىزگە بۇ ھەقتە قايتا ئويلىنىش پۇرسىتى بەرمەيدۇ.

ئۇنداق بولسا، سىز مۇشۇ مەسىلىلەرنى ئويلاش پۇرسىتىگە ئىگە بولغان تەقدىردىمۇ نېمە قىلالايتتىڭىز؟ سىز دەرھال ئاشۇ رەسىمگە قارىتا يېڭىۋاشتىن غوۋغا چىقىرىپ، ئېرىڭىزنى ۋە ئەر ساھىبخاننى ئوسال ئەھۋالدا قويارسىزمۇ؟

شۇڭا، سىز ھەرگىز ئۇنداق قىلمايسىز (نېرۋىڭىز جايىدا بولسىلا)، نېمە ئۈچۈن؟ ئۇنداق قىلسىڭىز، ئۆزىڭىزنىڭ يۈزىنى تۆكۈپلا قالماي، بىشەم، كۆندەش خوتۇن دېگەن نامغا قالىسىز. كىمنىڭ بىشەم خوتۇن بىلەن بىللە بولغۇسى كېلىدۇ؟ كىمنىڭ بىشەم خوتۇنلارنى ئۆيىگە تاماققا تەكلىپ قىلغۇسى كېلىدۇ، كىمنىڭ ئۆزىنى سوراشنى بىلمەيدىغان چاكىنا خوتۇن بىلەن ئۆيئوچاقلىق بولغۇسى كېلىدۇ.

شۇڭا بۇ ئاخشىمى سىز ئاغزىڭىزنى مەھكەم يۇمۇپ ئولتۇرسىز ـ دە، ئولتۇرۇش جىمجىت داۋاملىشىدۇ. ئاخىرىدا سىلەر ئىززەت ـ ئېھتىرام بىلەن خۇشال ـ خورام قايتىسىلەر، ئۆي ئىگىسىمۇ سىلەردىن مەمنۇن بولىدۇ. سىز ئائىلىلارنىڭ گۈزەل ئەخلاق ـ پەزىلىتىنى تولۇق نامايان قىلغان بولىسىز.

پىفاگور: «ئاچچىقلىنىش ـ ئەخمەقلىقتىن باشلىنىپ، پۇشايمان بىلەن ئاخىرلىشىدۇ!» دەپ ئېيتقان.

ئەمەلىيەتتە بولسا، كۆز ئالدىڭىزدا بىر مەيدان جانلىق «جىددىي قۇتۇلدۇرۇش ھەرىكىتى» ئوينىلىدۇ.

ئەمما، سىز بولسىڭىز: «بۇ ئەرخەقلەر بەك قاقۋاش ئىكەن!» دەپلا قالىسىز.

بۇ دەل ئەرلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە بولۇشۇشتىكى قۇدرىتى: ئۆزلۈكىدىن بىرىكىپ كېتىش، ئۇ تەبىئىي تۇيغۇدىن پەيدا بولغان.

يۇقىرىقى مىسالدىن بىز ئەرلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە بولۇشۇشىنىڭ ئاساسىنىڭ ئىككى (تېخىمۇ كۆپ) يالغان گەپنىڭ بىر راستىنى مەغلۇپ قىلىش كۈچى ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. بۇ داۋلىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا شەرھلەش ئۈچۈن بىز تۆۋەندىكى بىر ئەرنىڭ ھېكايىسىنى نەقىل كەلتۈرىمىز.

ئايالىم مېنى سىڭلىسىنىڭ ئوغلىنىڭ بۆشۈك تويىغا قاتنىشىشقا زورلىۋىدى، دوستۇم مارك بىلەن سىرتتىن كەلگەن بىر تىجارەتچى دوستىمىزنى مېھمان قىلماقچى بولغاندۇق، بارمىسام بولمايدۇ، دەپ ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلدىم. ئەمەلىيەتتە بولسا، ئۇ ئادەمنى مېھمان قىلماقچى بولغان كىشى مارك ئىدى. بۇ ناھايىتى ئورۇنلۇق باھانە بولۇپ، گۇمان قىلغۇدەك ھېچقانداق يېرى يوق ئىدى. بىراق، مەن ئايالىمنىڭ سەزگۈرلۈكىنى سەل چاغلاپ، بىز بارماقچى بولغان رېستوراننىڭ ئىسمىنى ئۇنىڭغا دەپ قويۇپتىمەن. ئويلىسام، ئەينى چاغدا مەن ھەقىقەتەن دۆت ئىكەنمەن! بىراق، ئۇ چاغدا ھېچقانداق تەجرىبەمۇ يوق ئىدى. ئىشقىلىپ، ئۇنى قانداق جىن سوققانلىقىنى تاڭ، مېنى ئىزدەپ رېستورانغا كەپتۇ. بۇ چاغدا مارك بىلەن ھېلىقى كىشى غىزالىنىۋاتقانىكەن، شىرە ئۈستىدە ماڭا قويۇلغان چوكا ـ تەخسىلەرمۇ يوق ئىكەن. مارك مېنىڭ شۇ چاغدا نەدە ئىكەنلىكىمنى بىلەتتى، ئۇ تېز ئىنكاس قايتۇرۇپ، دەرھاللا ئايالىمغا مېنىڭ بىر نەچچە مىنۇت ئىلگىرى ئۇشتۇمتۇت بىتاب بولۇپ قېلىپ، ئۆيگە قايتىپ كەتكەنلىكىمنى ئېيتىپتۇ. ئۇ ھەقىقەتەن دوستلۇققا يارايدىغان يىگىت جۇمۇ! ئايالىم: «ئۇنداق بولسا ئۇنىڭ چوكا ـ تەخسىلىرى كۆرۈنمەيدىغۇ؟» دەپ سورىغاندا، ھېلىقى مېھمان ئايالىمغا: «ئۇ كېتىشكىلا، كۈتكۈچىلەر يىغىشتۇرىۋەتتى» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئايالىم رېستوراندىن كېتىشى ھامان، مارك رېستوراندىن ئېتىلىپ چىقىپ، ماشىنىسىنى ئۇچقاندەك ھەيدەپ مەن بار مېھمانخانىغا كەپتۇ. بۇ چاغدا مەن ئۆزۈم ئامراق ئىككى پاھىشە بىلەن قېنىپ ئويناۋاتاتتىم. مەن ئۇنىڭ ئىشىك ئاچقان چاغدىكى ئاشۇ ھالىتىنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمەن، ماركنىڭ چىرايى تامدەك تاتارغانىدى. ئۇ ھاسىراپ ـ ھۆمۈدىگەن ھالدا: «ئاناڭنى سەن دەرھال ئەڭ تېز سۈرئەت بىلەن ئۆيۈڭگە قايتقىن!» دېدى. بۇ چاغدا مەن قورقۇپ ئۆلەيلا دەپ قالغانىدىم. ماڭا ئىشىنىڭ شۇ چاغدا مەن راستتىنلا بىر مىنۇت ئىچىدە كىيىملىرىمنى كىيىپ بولۇپ يۈگۈرۈپ چىقىپ كېتىپتىمەن. مەن يەنىلا ئۆيگە ئايالىمدىن كېيىن بارغان بولساممۇ، ئەمما ئۇ مېنىڭ «كۆڭلۈم ئېلىشىپ، يولدا بىر ئاز دەم ئېلىۋالدىم» دېگەن گېپىمگە ئىشەندى.

شۇڭا بۇ مىسالنى ئىككىدىن ئارتۇق يالغان گەپنىڭ ئەرلەرنىڭ ئاتالمىش

«سىرى» نى قانداق شەكىللەندۈرىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان پاكىت دېيىشكە بولىدۇ.

ئەگەر مارك بىلەن ھېلىقى يىراقتىن كەلگەن مېھماندا بۇ خىل ئەرلەرگە خاس ماسلىشىش بولمىغان بولسا، يۇقىرىدىكى بۇ ئادەم چوقۇم تۇگەشكەن بولاتتى. دېمەك، نۇرغۇن ئەرلەر دوستى ئۈچۈن يالغان ئېيتىشنى ھەقلىق دەپ قارايدۇ، ھەتتا گىزى كەلگەندە ناتونۇش كىشىلەرمۇ بولۇشىدۇ.

بۇ ئەرلەرنىڭ كۆلۈبى، ئۇ «ئاچارچىلىقتا قالغانلارنىــــى قۇتقۇزۇش جەمئىيىتى» گە ئوخشاش پۈتۈن يەر شارىغا تارقالغان. ئېرىنگىز بولسا پەقەت ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر ئەزالا خالاس.

ئەلۋەتتە، ئەرلەرنىڭ بىر - بىرىگە بولۇشۇشى، بىر - بىرىنىڭ ئەيىبىنى يوشۇرۇش بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ.

يەنە بىر مىسال كەلتۈرەيلى:

لۇئىسنىڭ ئايالى بىر ئىشنى ناھايىتى ئىنچىكە ئويلايدىغان ئايال بولۇپ، تۇغۇلغان كۈننى ئۆتكۈزۈش، خاتىرە كۈندە سوۋغات تەقدىم قىلىــــش قاتارلىقلارغا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدىكەن. ئۇنىڭ ئايالىغا نىــــسبەتەن ئېيتقاندا، ئاشىق - مەشۇقلار بايرىمى كۆپ ساندىكى ئاياللارغا ئوخشاشلا ئەڭ مۇقەددەس بايرام ھېسابلىنىدىكەن. ئۇ بۇ بايرامنى «ئېرىنىڭ مۇھەببىتىنى سىنايدىغان» ياكى «ئېرىنىڭ ئۆزىگە چىرايلىق گۈل بىلەن ئالتۇن جابدۇق تەقدىم قىلىدىغان» كۈنى قىلىۋالغانىكەن.

بــىر ھــاۋا تــۇتۇق كــۈنى (ئاشىق - مەشۇقلار بايرىمــى كۈنــى)، لۇئىس بۇ كۈننىڭ ئالاھىدە مەنىسىنى پۈتۈنلەي يادىدىن چىقىرىپ قويۇپ، ئايالىغا ئالتۇن جابدۇق ۋە گۈل سوۋغا قىلىشنى ئۇنتۇپ قاپتۇ. ئۇ ئۆيىگە قۇرۇق كىرىشىگىلا، ئايالى قاتتىق خاپا بولغان ھالدا: «سېنىڭ مېنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىڭنى بىلەتتىم، سەن ئەزەلدىن مېنى ئويلاپ باققان ئەمەس، سەن دائىم ئۆزۈڭنىلا ئويلايسەن، ھېچ ئەر كىشىگە ئوخشىمايسەن!» دەپ تىللاپ كېتىپتۇ.

بىر كىچىككىنە سەۋەنلىك تۈپەيلى، بىر مەيدان قورقۇنچلۇق بوران چىقىپ كەتكىلى تاس قاپتۇ.

ۋارقىراش بوپتۇ: «سىزگە گۈلنى ئەكېلىپ بەرمىدىما؟ مېنىڭ ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتىدۇ! تازىمۇ قاملاشمىغان خەقلەركەن ـ دە!»

بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن، لۇئىس گۈل دۇكىنىغا تېلېفون ئۇرۇپ، تەپ تارتماستىن يالغىنىسىغىلا: «سىلەر نېمىشقا ۋەدەڭلەردە تۇرمايسىلەر؟ نېمە دەپ گۈلنى ۋاقتىدا ئەكېلىپ بەرمەيسىلەر؟ سىلەرنىڭ بۇگۈنكى مۇشۇ سەۋەنلىكىڭلار تۈپەيلى، ئائىلە تۇرمۇشۇم ۋەيران بولىدىغان بولدى» دەپ ئېتىراز بىلدۈرگەن.

گۈل دۇكىنىنىڭ خوجايىنى ئەر بولۇپ، ئۇ شۇ ئانلا لۇئىسنىڭ ئەھۋالىنى چۈشەنگەن ۋە بىر ئازدىن كېيىن، ئۆزى شەخسەن لۇئىسنىڭ ئايالىغا تېلېفون بېرىپ، ئۇنىڭدىن ئۆزرىخاھلىق سورىغان ھەمدە لۇئىس ئەپەندىنىڭ بۇيرۇتقان قىممەت باھالىق سوۋغىسىنى ھازىرلا يەتكۈزۈپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، يەنە بىر قېتىم كەچۈرۈم سورىغان.

بۇ ئەر خوجايىن لۇئىسنى تونۇمايدۇ ھەم ئۇنى كۆرۈپ باققان ئەمەس! ئەمما ئۇ لۇئىس ئۇچۇن يالغان ئېيتقان بولۇپلا قالماي، يەنە تېخى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۇنى ئوسال ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇرغان.

بۇ دەل سىز تاقابىل تۇرماقچى بولغان دۇنياۋى خاراكتېرغا ئىگە ياخشى شېرىكلەر كۈلۈبىدۇر، ئۇنىڭ بارلىق ئەزالىرىنىڭ ھەممىسى ئالدامچى، كاززاپ ۋە يالغاننى راست قىلىدىغان مۇتەخەسسىسلەردۇر!

مۇشۇنىڭدەك ئەرلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە بولۇشۇش ئەھۋاللىرىغا قارىتا، بىز شۇنداق يەكۈن چىقىرىمىزكى: ناۋادا سىز ئېرىڭىزدىن گۇمانلىنىپ قالسىڭىز، باشقا ئەرلەر ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۇنىڭغا چاپان ياپسا، سىز ئۇنىڭ گۇناھكار ئىكەنلىكىگە يۈزدە يۈز ئىشەنسىڭىز بولىدۇ، دېگەن بىردىنبىر يەكۈننى چىقاردۇق.

## 7. ئەرلەرنىڭ قوش ئۆلچىمى

***ئەگەر نىكاھلىق بىر ئەر تالاغا قاراپ قالغان بولسا، ئۇ شۇ ئەرنىڭ ئۆيىدىن كۆڭلىنىڭ سۇ ئىچمىگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى. ئەگەر نىكاھلىق بىر ئايال تالاغا قاراپ قالغان بولسا، ئۇ شۇ ئايالنىڭ بۇزۇق خوتۇن ئىكەنلىكىنىڭ ئىپادىسى. ئەرلەر راستىنلا: بىز تۇغۇلۇشتىنلا مۇشۇنداق ھۆكۈمرانلىق قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە، دەپ قارايدۇ؛ ئۇنىڭ ئۇستىگە، سىز ئۇلارنىڭ مېڭىسىنى يېڭىۋاشتىن ئۇزۇل - كېسىل يۇيۇشقا ياردەملەشكەندىلا، ئۇلار ئۆزگىرىدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا، ئۇلار ئۆمۈرۋايەت مۇشۇنداق ئۆز سەنىمىگە دەسسەۋېرىدۇ.***

نۇرغۇنلىغان ئەرلەردە بىر ئورتاق پىسخىك ھالەت بولىدۇ. بۇ خىل پىسخىك ھالەت ئۇلارنىڭ ئاياللارغا ئېيتقان ھەر بىر سۆزىدە، قىلغان ھەربىر ئىش - ھەرىكىتىدە ئىپادىلىنىدۇ. بۇنداق ئەمەلىيەتنى قوبۇل قىلىش تەس بولسىمۇ، لېكىن بۇ خىل پىسخىك ھالەت ساقلاپ كەلگەن يوشۇرۇن كۈچ ھەقىقەتەن ئادەمنى بەك چۆچۈتىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە يەنە كۆپلىگەن ئەرلەرنىڭ ئىدىيىۋى ھەرىكىتىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئامېرىكىنىڭ 70 - يىللاردا «قەلبىنىڭ تەۋرىنىشى» دەيدىغان ناھايىتى داڭلىق كىنوسى بار ئىدى. فىلىمدىكى ئەر باش قەھرىمان تارنا ئۆزىنىڭ

— ئاشخانىغا كىرىپ قاچا ـ قۇچا، قازان ـ قومۇچلارنى يۇيۇڭ!

ئويلاپ كۆرۈڭ، ئەگەر سىز ئېرىڭىزگە: «هويلىغا چىقىپ هويلىنى پاكىزە سۈپۈرۈۋەت!» دېسىڭىز قانداق بولار.

سىز يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن هالدا: «هۇ، كەچكىچە دۆۋاندا كېرىلىپ ياتىدىغان هۇرۇن چوشقا، ئاشۇ سېمىز، يوغان چوڭ كۆتۈڭنى تارتساڭچۇ!» دېسىڭىز يەنە قانداق بولۇپ كېتەر.

مەيلى ئەر بۇ چاغدا قانداق ئىنكاس قايتۇرمىسۇن، ئۇنىڭ كاللىسىدا چاقنايدىغان تۇنجى ئوي «دۆۋاننى ئاغزىڭغا تىقىۋېتىمەن» دېگەندىن ئىبارەت بولىدۇ.

لېكىن، ئەرلەر نېمە ئۈچۈن سىزنىڭمۇ دۆۋاننى قايتۇرۇپ ئۇنىڭ ئاغزىغا تىقىۋېتەلەيدىغانلىقىڭىزنى خىيالىغا كەلتۈرمەيدۇ؟ ئەرلەر قىلسا بولىدىكەنۇ، ئاياللار قىلسا بولمامدىكەن؟

ئەرلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇنىڭ جاۋابى ناهايىتى ئاسان: چۈنكى، ئەرلەر ئاياللارغا قارىغاندا قاۋۇل هەم كۈچلۈك، ئاياللارنىڭ ئەرلەر بىلەن تەڭ تۇرالىشى مۇمكىن ئەمەس.

مۇشۇنداق ئاددىي بىئولوگىيىلىك سەۋەبلىك، بەزى كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە، ئاياللار هامان تۆۋەن ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ ئوي قەدىمدىن تارتىپ بۈگۈنگىچە، جۇڭگودىن تارتىپ چەت ئەللەرگىچە نۇرغۇن ئەرلەرنىڭ چوڭ سىرى بولۇپ كەلگەن.

70 ـ يىللارنىڭ بېشىدا، ئامېرىكىلىق يوهان. لاننون ئايالى شاۋيىياڭزى بىلەن بىرلىشىپ «ئاياللار دۇنيانىڭ قۇلى» (wonan Is the Nigger of the world) دېگەن پلاستىنكىنى ئىشلىگەن. بۇ ناخشىنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى مۇنداق:

ئەگەر ئەرلەرگە قويۇپ بېرىدىغان بولسا، ئۇلار ئاياللارنى قۇل ئورنىدا سېتىۋېتىشتىن يانمايدۇ.

بۇ خىياللار ئادەمنىڭ غىدىقىنى كەلتۈرىدۇ، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ قايسى ئەر كىشى قورقماي ئۆزىدە مۇشۇنداق ئوينىڭ بارلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ؟

بىز بۇنداق ئەرنىڭ يوقلۇقىغا ئىشىنىمىز. ناۋادا، ئايال قوللارنى بېقىش بىر خىل رېئال تۇرمۇش شەكلى بولغان بولسا، سىزنىڭچە ئەرلەر بۇنىڭغا قارىتا ئۇرۇش ئېلان قىلىپ، بۇ خىل قىلمىش ئۈستىدىن جازا يۈرۈش قىلارمۇ؟

بىز قوش ئۆلچەمنىڭ نېگىزلىك قىسمىغا قەدەممۇ قەدەم يېقىنلاپ بېرىۋاتىمىز. بېرىلگەن تەدبىر بويىچە، ئاتالمىش قوش ئۆلچەم دېگىنىمىز:

بەزى ئەرلەرنىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر قېتىغا يوشۇرۇنغان ئەقىدىسىدىن ھاسىل بولغان نۇرغۇن قائىدىلەردۇر. ئۇ ئەرلەرگە بىر تۈرلۈك ئۆلچەم، ئاياللارغا بولسا يەنە باشقا بىر تۈرلۈك ئۆلچەم ئاتا قىلغان. بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا، بۇ ئەرلەر ھېچ تەپ تارتمايلا باشقا بىر خىل ئۆلچەم بويىچە ئاياللارنى ئۆلچىگەن.

بۇ ئەرلەرنىڭ ئۆيى بويىچە بولغاندا:

ئەگەر ئەرلەر غەزەپلەنسە، ئۇنىڭ مىجەزىنىڭ ئوساللىقىدىن كۆرۈش.

ئەگەر ئاياللار غەزەپلەنسە، ئۇنى ئەسەبىيلىشىش دېيىش.

ئەگەر ئەرلەرنىڭ كەيپىياتى تۆۋەن بولسا، ئۇنى غەم بېسىۋاپتۇ دېيىش.

ئەگەر ئاياللارنىڭ كەيپىياتى تۆۋەن بولسا، ئۇنى ئادەت كۆرۈپتۇ دەپ چۈشىنىش.

ئەگەر ئەرلەر ئۆيدىن چىقىپ كەتسە، ئۇنى ئۆزىنى سىناپ كۆرۈشكە ئۇرۇندى دېيىش.

ئەگەر ئاياللار ئۆيدىن چىقىپ كەتسە، ئۇنى بىر تىيىنغا ئەرزىمەيدىكەن دەپ ھۆكۈم قىلىش.

ئەگەر نىكاھلىق بىر ئەر تالاغا قاراپ قالسا، ئۇ شۇ ئەرنىڭ ئۆيدىن كۆڭلىنىڭ سۇ ئىچمىگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى.

ئەگەر نىكاھلىق بىر ئايال تالاغا قاراپ قالسا، ئۇ شۇ ئايالنىڭ بۇزۇق خوتۇن ئىكەنلىكىنىڭ ئىپادىسى.

تېگى ـ تەكتىنى سۈرۈشتە قىلغاندا، سىز بۇ ئادەمنىڭ قۇسقۇسىنى كەلتۈرىدىغان پەلسەپىنىڭ كەينىدە بىر مەركىزىي ئىدىيىنىڭ بارلىقىنى بايقايسىز:

بەزى ئەرلەر راستىنىلا: بىز تۇغۇلۇشتىنىلا مۇشۇنداق ھۆكۈمرانلىق قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە دەپ قارايدۇ؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە سىز ئۇلارنىڭ مېڭىسىنى يېڭىۋاشتىن ئۇزۇل - كېسىل يۇيۇشقا ياردەملەشكەندىلا، ئۇلار ئۆزگىرىدۇ، ئۇنداق بولمىغاندا ئۇلار ئۆمۈرۋايەت ئۆز سەنىمىگە دەسسەۋېرىدۇ.

بۇ بۇرمىلانغان لوگىكا، دەل قوش ئۆلچەمنىڭ قۇرۇلۇش ئاساسىدۇر. ئۇنىڭدىن بىخلىنىپ چىققان خىلمۇ خىل ھادىسىلەر ئىچىدە، ئەڭ ئېچىنىشلىقى بولسا، ئەرلەرنىڭ پەقەت ئەرلەرنىلا ھۆرمەتلەيدىغانلىقىدۇر.

بۇ ئەرلەر نېمىشقا شۇنداق قىلىدۇ؟ ئۇلار نېمىشقا قوش ئۆلچەمنى قوللىنىدۇ؟

ناۋادا، سىز بىر دۆلەتنىڭ پادىشاھى بولسىڭىز، سىز قانۇن تۈرغۇزۇپ بارلىق دېھقانلارنى ئۆزىڭىز بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويۇشنى راۋا كۆرەمسىز؟ بىر زۇڭتۇڭ پارلامېنتنىڭ ھوقۇقىنىڭ كۈچىيىشىنى خالامدۇ؟

ئاياللار ئۆزلىرىنى بەزلىمەكچى بولۇپ، ئۆتكەنكى نەچچە يۈز يىل مابەينىدە، بىز بارا - بارا ئەرلەر بىلەن باراۋەر ھوقۇققا ئىگە بولدۇق، دېيىشكە ئۇرۇنىدۇ. ئاشۇ ئەرلەرچۇ، ئۇلار ئاستىرتىن پەقەت بىرلا ئىنكاس قايتۇرىدۇ. ئۇ بولسىمۇ: سىلەرنىڭ قانداق ئويلىغىڭلار كەلسە، شۇنداق ئويلاۋېرىڭلار.

بۇ خىل ئەرلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، قوش ئۆلچەم ئۇلار مەڭگۈ تايانسا بولىدىغان بىر خىل نەرسىدۇر. ئۇلار بىلەن ئاياللار ئوتتۇرىسىدا مەسىلە تۇغۇلغاندا، بۇ ئۆلچەم ئۇلار ئۇچۇن تەسەللىدۇر. شۇڭا ئۇلار: مەيلى يەرشارى قانداق ئايلانمىسۇن، ئۆزلىرىنىڭ مەڭگۈ ئاياللارنىڭ بېشىغا دەسسەپ تۇرىدىغانلىقىغا چوڭقۇر ئىشىنىدۇ.

ئۇنىڭ نەزىرىدە بۇ خۇددى قۇياش شەرقتىن چىقىپ غەربكە پاتقانغا ئوخشاش بىر ئىش، يەنە كېلىپ ئۇلار دۇنيانىڭ مەڭگۈ مۇشۇ لوگىكا بويىچە ئايلىنىدىغانلىقىدىن قىلچە گۇمان قىلمايدۇ.

بىرەيلەن مەلۇم بىر سودا يىغىنىنىڭ جەريانىنى مەخپىي خاتىرىلىۋالغانىكەن. ئۇنىڭدا، ئەرلەرنىڭ يىغىن جەريانىدا ئاياللارغا ھەر

ۋاقىت ئىززەت ـ ئىھتىرام بىلەن مۇئامىلە قىلغانلىقى، بىراق ئاياللار نەق مەيداندىن ئايرىلغان هامان، ئەرلەرنىڭ شاللاقلىشىپ، ئەڭ بىزەپ چاقچاقلارنى قىلىشقانلىقى تولۇق خاتىرىلەنگەن.

بىر ئەر «ئايال مۇلازىم» دېگەن سۆزنى ئىشلەتمەي ئۇنىڭ ئورنىغا «مۇلازىم» دەپ ئاتىغان چاغدا، ئۇنىڭ بۇ ئايالنى جىنسىي ئولجىسىنىڭ نىشانى دەپ قارىمىغانلىقتىن دېرەك بېرەمدۇ؟

ھەقىقىي ئەھۋال تۆۋەندىكىچە:

بەزى ئەرلەر ئۆزلىرىنىڭ جىنسىي تەلپىنى تولۇق قاندۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزلىرى ئۇچۇن ئىللىق قويىنىنى ئايىماي پەرزەنت قالدۇرۇپ بەرگەن، زېرىككەندە تېرىكمەي كۆڭلىنى ئالغان ئاياللارنى قىلچە رەھىم قىلمايلا تاشلىۋېتىدۇ.

## 8. شۇنداقمۇ ئەرلەر باركى، ئۇلار ئەزەلدىن يالغان ئېيتىشنى توختىتىپ باقمىدى

*بۇنداق ئەرلەر خاتا ئىش قىلىپ تۇرۇپ، خاتالىقنى تونۇمايلا قالماستىن، بەلكى ئۆزى ئۆتكۈزگەن ھەرقانداق سەۋەنلىكلەرنى مەيلى قانداق سەۋەبتىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، سەۋەنلىك دەپ تونۇمايدۇ.*

بەزى ئەرلەر يالغان ئېيتىشنى ئەزەلدىن توختىتىپ باقمىدى. ناۋادا ئۇ سىزگە مەن يالغان ئېيتمايمەن دېگەن بولسا، بۇ يالغان گەپتىن باشقا نەرسە ئەمەس

تارىختا ھېچقانچە ئەركىشى تۆۋەندىكى راست گەپنى ئېغىزىدىن چىقارغان ئەمەس:

سۆيۈملۈكۈم، ۋىجدانىم مېنى قاتتىق ئازابلىماقتا. ئۆتكەن ھەپتە سىز ئۆيدە يوق چاغدا، مەن چىرايلىق بىر قىز بىلەن تونۇشۇپ قالدىم. ئاندىن، دەل مۇشۇ كارىۋىتىمىزدا، ئۇ مېنى قانغۇچە رازى قىلدى! مەن سىزگە ھەقىقەتەن يۈز كېلەلمەيمەن.

ئىنسانلار مەدەنىيەتلىك دەۋرگە قەدەم قويغاندىن بۇيان، ئەرلەر ئىچىدە ئالدامچىلار داۋاملىق پەيدا بولۇپ تۇردى. ئادەم ئاتا خۇدا ئالدىدا يىغلاپ تۇرۇپ: «مەن ئۇنداق قىلىشنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمىگەنتىم، بۇنى ھاۋا ماڭا ئۆگەتتى! بۇنى مەندىن كۆرمەڭ، ھەممىنى قىلغىنى شۇ!» دەپ نالە قىلىدۇ.

ھەي، بىچارە بىگۇناھ ئەپەندىم.

ئۇنداقتا بۇ دوكلاتنى يازغان كىم؟ «ئىنجىل» نى خاتىرىلىگەن كىم؟

ئەرلەر!

ئاندىن، خۇدا كىمنى جازالىدى؟ تۇغۇت ئازابىنى تارتىشقا مەجبۇر بولغان كىم؟ ئەرلەرگە بويسۇنۇشقا مەجبۇر بولغان يەنە كىم؟

ئاياللار!

شۇنىڭدىن باشلاپ، نۇرغۇن ئەرلەرنىڭ يالغان ئېيتىپمۇ ئوڭايلىقچە قۇتۇلۇپ كېتەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، ئۆزىنىڭ ۋىجدانىنى بويسۇندۇرۇش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىشكە كىرىشتى. ئاندىن ئۆزىنى بۇ هاڭدىن هەر قانچە قىلىپمۇ تارتىپ چىقىرالمىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار «ئىنجىل»دا يالغان ئېيتىش بىلەنلا قانائەتلەنمەي، رىۋايەت، ئەپسانە، چۆچەك، رومان هەتتا رەسىم، دراممىلاردىمۇ يالغان ئېيتىشقا باشلىدى.

بىراق، هەرقانچە چېكىدىن ئېشىپ كەتكەن نەپسانىيەتچىلىكنىڭ شەرمەندىلىك بىلەن ئاخىرلاشقانلىقىغا ئوخشاش، زىيادە يالغانچىلىقتىنمۇ كاشىلا چىقماي قالمىدى. ئۇلار هەرۋاقىت يالغانچىلىق ئىچىدە ياشىغانلىقى ئۈچۈن بارا ـ بارا توقۇغان هېكايىسىنىڭ باش ـ ئاخىرى باغلاشماي قالدى، ئۇلارنىڭ بۇ ئاقىۋەتنى يىغىشتۇرۇشقا ئامالى يوق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ چاغدا، يېڭى مېخانىزم مەيدانغا كەلدى. ئۇ گەرچە ئاددىي بولسىمۇ، ئەمما ناهايىتى ئۈنۈملۈك ئىدى. يەنى خۇدانىڭ مۇبارەك نامى بىلەن تىنىۋېلىش!

هەقىقىي ئاۋارىگەرچىلىك پەيدا بولغان هامان، بۇ ئەرلەرنىڭ مەيلى پاكىتنىڭ قانداق ئېنىق بولۇپ كېتىشىدىن قەتئىينەزەر ئاشۇ دىنىي ئەقىدىلەرنى مەهكەم تۇتۇۋالغىنى تۇتۇۋالغان.

ئامېرىكىنىڭ داڭلىق ۋاسكېتبول چولپىنى سىنپۇسان بۇرۇنقى ئايالىنى ئۆلتۈردى دەپ، ئەيىبلەنگەن بولسىمۇ، ئەڭ ئاخىرىدا سوت تەرىپىدىن يەنىلا گۇناهسىز دەپ قويۇۋېتىلگەن. بۇنىڭ سەۋەبى پەقەت بىرلا: ئۇنىڭ ئالدىدا پولاتتەك پاكىت تۇرسىمۇ، ئۇ ئەرلەرگە خاس تەبىئىي تۇيغۇسىنى ئىشقا سېلىپ، ئاخىرىغىچە تېنىۋالغان. بۇنىڭ ئەكسىچە، سۇسان. شىمىس ئىسىملىك بىر ئامېرىكىلىق ئايال، ئىككى ئوغلىنى كەينى ـ كەينىدىن كۆلگە

ئىتتىرىپ چۈشۈرۈۋېتىپ ئۇلارنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولدى، دېگەن نام بىلەن ئەيىبلەنگەن بولسىمۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ بالىلىرىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىنى بويىنغا ئالمىغان، ئەمما گىن قورۇلمىسى ئوخشاش بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئەڭ ئاخىرىدا يەنىلا ئىقرار قىلماي ئامالى بولمىغان ھەمدە ئۆمۈرىنىڭ كېيىنكى يېرىمىنى تۈرمىدە ئۆتكۈزگەن. لېكىن، ئاخىرىغىچە تېنىۋالغان سىنپۇسانچۇ؟ ئۇ ھېچ جاپا تارتمايلا ئاشۇ كۆڭۈلسىزلىكتىن قۇتۇلۇپ كەتكەن ھەمدە توپ ئويناشنى داۋاملاشتۇرۇۋەرگەن.

بۇ ئىشقا قارىتا، بەزىلەر ئادۋوكاتنى ئەيىبلىسە، بەزىلەر ساقچى تەرەپنى ئەيىبلىگەن. بىراق، سىنپۇساننىڭ قۇتۇلۇپ كېتىشىدىكى ھەقىقىي سەۋەب بولسا: زاسېداتىللار ئارىسىدا ئاياللارنىڭ بولغانلىقىدا ئىدى. بىر ئايال يالغان ئېيتىۋاتقان بىر ئەرنىڭ ئالدىدا تۇرغاندا، ئەرلەر ئەقىلغا ئۇيغۇن كېلىدىغان گۇمانلىق نۇقتىلارنى تېپىپ چىقىشقا مەڭگۈ قادىر دۇر.

بۇنداق ئەرلەر ھەر بىر ئىشنى تېنىۋالىدۇ، يەنە كېلىپ ئاخىرىغىچە تېنىۋالىدۇ.

مەيلى پاكىتنىڭ قانداق ئېنىق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ ھەرگىز ئىقرار قىلمايدۇ.

ئۇ ناھايىتى تېزلا ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتىۋېتەلەيدۇ، بۇنىڭ بىلەن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلار ئەسلى مۇشۇلاركەن دېگەن ھېسسىياتقا كېلىپ قالىسىز.

ئۇنداقتا، ئۆز تۇرمۇشىڭىزدا، مۇشۇنداق ئېچىنىشلىق ئەمەلىيەتلەرگە قانداق تاقابىل تۇرىسىز؟

(1) سىز مەلۇم پىتنە - پاسات ياكى مىش - مىش پاراڭلار تۈپەيلى ئۇنى ئەيىبكە بۇيرۇغاندا

ھەر قانداق ئەيىبلەشلەرگە قارىتا، ئېرىڭىز دەرھال ئەھۋالنى مۆلچەرلەپ، ئۇچۇر مەنبەيىڭىزنىڭ ئىشەنچلىك دەرىجىسىگە ھۆكۈم چىقىرىدۇ. ناۋادا ئۇ سىزنىڭ پىتنە - پاساتلارغا ئاساسلىنىپ ئۆزىنى

ئەيىبلەۋاتقانلىقىنى بىلسە، ئۇ شۇ زاماتلا تەرىنى تۈرۈپ، غەزەپ بىلەن ئىنكار قىلىدۇ.

ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ تېخى ئۇتقا ياغ قويۇپ، جېدەلنى چوڭايتىشقا ئۇرۇنىدۇ؛ ئۇ ئاۋۋال بۇ پىتنە ـ پاساتلارنى مەسخىرە قىلىدۇ، كەينىدىن قاپىقىنى تۈرۈپلا قاتتىق غەزەپلىنىدۇ. بۇ چاغدا، سىز ئۇنىڭ ئاشۇنداق پەسەندە ئىشلارنى قىلغانلىقىغا قانداقمۇ ئىشىنىسىز؟ ئىشەنمەيسىز ئەلۋەتتە. ئاندىن ئۇ چىچاڭشىپ كۆتىنى چىقىشقا باشلايدۇ، سىز بولسىڭىز پەسكويغا چۈشۈپ قالىسىز.

مۇشۇنداق ئەھۋالغا يولۇققاندا، سىز ئەڭ ياخشىسى ئالدى بىلەن «پاكىت»نى قولغا چۈشۈرۈڭ، ئاندىن دەرھاللا ئېرىڭىز تەرەپتە تۇرۇڭ ھەمدە ئۆزىڭىزنىڭ ئاشۇ پىتنە ـ پاساتچىغا چىش ـ تىرنىقىڭىز بىلەن ئۆچ بولۇپ كەتكەنلىكىڭىزنى ئۇقتۇرۇڭ، ئاندىن ئۇنىڭ ئىنكاسىنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىڭ. ئەگەر ئۇ سىز بىلەن ئوخشاش ھېسسىياتتا بولۇپ، ئۆزىنىڭ نام ـ شەرىپىنى بۇلغاشقا ئۇرۇنغان ھېلىقى ئەبلەخنى بىللە ئەيىبلەپ، سىزنىڭ قوللىغانلىقىڭىزغا مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرسە، بۇ ساغلام ۋە نورمال ئىنكاس بولغان بولىدۇ.

ئەمما، ناۋادا ئۇ مۇشۇ ئىش تۈپەيلى كۆزىڭىزگە كىرىۋالسا ياكى ئۇ: «بۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئەبلەخنى ئىككىنچى ئۆزۈڭگە يولۇقتۇرمىغىن.»، «مەن ئۇنىڭ بىلەن ھېسابلاشماي قالمايمەن» دېگەن گەپلەرنى قىلسا، ئۇ ھالدا بۇنىڭ ئىچىدە بىرەر مەسىلىنىڭ بارلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. چۈنكى ئۇ ھېلىقى ئادەمنىڭ يەنە ئۆزىنىڭ كۆتىنى ئاچىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. ئۇ بۇنداق خەتەرگە يولۇقۇشنى ھەرگىز خالىمايدۇ.

كېيىنچۇ؟ ئەگەر شۇ ئاخشىمى ئۇ سىنى ئەزەلدىن ھېس قىلىپ باقمىغان جىنسىي يۇقىرى دولقۇنغا ئېلىپ كىرىپ، قانغۇچە ھۇزۇرلاندۇرسا (كۆپىنچە ئەرلەر مۇشۇ خىل ئۇسۇل ئارقىلىق ئايالىنىڭ كۆڭلىدىكى غەشلىكنى تۈگەتمەكچى بولىدۇ)، سىز راستتىنلا ئاۋال بىجىلىككە يولۇققان بولىسىز، شۇڭا بۇنداق ئەھۋالدا بۇ سەت

تاپسىڭىزلا پۈتۈن كۆچىڭىز بىلەن ھېلىقى پىتنە ـ پاساتنىڭ خىلمۇ خىل تەپسىلاتلىرىنى قېزىشقا ئۆرۈنۈڭ.

(2) سىز پولاتتەك پاكىتنى ئۇنىڭ ئالدىغا تاشلىغان چاغدا سىز ئۇنى نەق مەيداندا تۇتۇۋالسىڭىز، سىز تولۇق ئىسپاتقا ئىگە بولىسىز؛ ئۇ ناھايىتى ئوسال ئەھۋالدا قالىدۇ ـ دە، تېنىۋالالمايدۇ. بۇ چاغدا سىز ئۇنىڭدىن جاۋاب بېرىشنى سورايسىز، ئۇ قانداق قىلىدۇ؟

ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى شۇكى، ئۇ جاۋاب بېرىشنى خالىمايدۇ، ھەتتا سىزگە ئاچچىقلىنىدۇ. بىراق، سىز بۇ چاغدا قەيسەررەك بولمىسىڭىز ئۇنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ كېتىسىز.

كەينىدىن ئۇ سىزنى قايمۇقتۇرىدىغان گەپلەرنى قىلىپ، ئىقرار قىلىدۇ. توغرا، ئۇ بوينىغا ئالىدۇ. شۇنداق ئەمەسمۇ؟

بۇ بەزى ئەرلەرنىڭ نەق پاكىت ئالدىدا ئىشلىتىدىغان نەيرىڭىدۇر. ئۇلار: «ياخشى، شۇنداق، مەن قىلدىم. توغرا، مەن ئۇنىڭ بىلەن كارىۋاتقا چىقتىم! خۇشال بولغانسىز؟ ئەمدى مۇرادىڭىزغا يەتكەنسىز؟» دەيدۇ ـ دە، ئاندىن ئۇ چىچاڭشىپ ئۆزىنى ئاقلاشقا باشلايدۇ.

كەينىدىن «يول قويۇلىدىغان دائىرە» ئىچىدە مۇبالىغە قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، سىزنىڭ قەلبىڭىزگە بىر تال گۇمانىي ئۇرۇقنى تېرىپ قويىدۇ. ئۇ سەل چاغلىغىلى بولمايدىغان «گىن»ى ئالاھىدە، يېتىلىش سۈرئىتى يەۋقۇلئاددە تېز ئۇرۇق بولغاچقا، سىز شۇئان گاڭگىراپ قالىسىز: ئۇ راستىنلا ئىقرار قىلغانمىدۇ؟ بۇ ئۇنىڭ نېمە دېگىنى؟ ئۇنداق بولسا ئۇ ھازىر نېمىشقا ماڭا ھۆركىرەيدۇ؟

بىرەر كېلىشمەسلىك يۈز بەرمىسىلا ياكى سىز ئۇنىڭدىن قول ئۈزمىسىڭىز ئۇ يەنىلا بۇ پولات ئارغامچىدا داۋاملىق مېڭىۋېرىدۇ.

بۇنداق ئەرلەر ئەزەلدىن گۇناھىنى بوينىغا ئېلىپ باققان ئەمەس، پەقەت ئىرادىسى ئاجىز ئەرلەرلا خاتالىقنى ئىقرار قىلىدۇ. ھالبۇكى، سىز بۇنداق ئەرلەرنىڭ «گىن»ىنىمۇ كېيىنكى ئەۋلادىڭىزغا قالدۇرۇشنى خالىمايسىز. شۇڭا، سىزمۇ بۇنداق ئەرلەرنىڭ ئەپتى ـ بەشىرىسىنىڭ بۇرۇنراق ئاشكارا

بولغانلىقىغا مىننەتدار بولىسىز بولىدۇ. دېمەك، بۇنداق ئەرلەر ئۆزلىرىنىڭ بىرەر ياخشى ئىش قىلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغىنىدا، ئۇنىڭ ئارقىسىدا چوقۇم تېخىمۇ چوڭ، تېخىمۇ رەسۋا بىر مەخپىيەتلىك بولغان بولۇشى مۇمكىن.

بۇنداق ئەرلەر خاتا ئىش قىلىپ قويۇپ تۇرۇپ، خاتالىقىنى تونۇمايلا قالماستىن، بەلكى ئۆزى ئۆتكۈزگەن سەۋەنلىكلەرنى مەيلى قانداق سەۋەبتىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، سەۋەنلىك دەپ تونۇمايدۇ.

ناۋادا سىز مەلۇم ئايالنى «بۇ ئايال ھەقىقەتەن چىرايلىق» دەپ ماختىسىڭىز، ئېرىڭىز ئىچىدە ناھايىتى توغرا تاپسىمۇ، ئەمما ئېغىزىدا ھەرگىز ئېتىراپ قىلمايدۇ، چۈنكى ئۇ سىزنىڭ ئۆزىنىڭ باشقا ئاياللارغا سەپسالغانلىقىنى بىلىپ قېلىشىڭىزنى خالىمايدۇ. «ئۇ ھېچقانچە ئەمەسكەنغۇ.» دەپلا قويىدۇ، خالاس. ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، ئادەتتىكى ئەھۋال ئاستىدا، بىر زېرەك ئەر ـ خەتەرلىك ئەردۇر.

يەنە بىر خىل تېنىۋېلىش ئۇسۇلى بولسا تېخىمۇ سىرلىق بولۇپ، ئۇ «يوشۇرۇن تېنىۋېلىش» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

بۇ خىل ئۇسۇلنى قوللىنىشنى بىلىدىغان ئەرلەر كۆپ ھاللاردا پاسسىپ، تاجاۋۇز قىلىش تىپىدىكى ئەرلەردۇر. ئائىلۇق، مەسىلەنگە، ئېرىڭىز ئاياللارنىڭ بەدەن قۇرۇلۇشىغا بەك دىققەت قىلىپ، ئۇيەر ـ بۇيېرىدىن دائىم قۇسۇر چىقارسا (مەسىلەن كۆكسىدىن)، سىزمۇ ئۆزىڭىزنىڭ كۆكسىڭىزنىڭ بەك كىچىك ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلسىڭىز، ئېرىڭىزمۇ سىزنىڭ كۆكسىڭىزنى ھېچقانچە كىچىك دەپ باقمىغان بولسا، ئۇ ھالدا سىز ئىشىنىڭكى، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياندۇرغان نەرسە دەل سىزنىڭ كۆكسىڭىزدۇر.

«يوشۇرۇن تېنىۋېلىش» نىڭ تېنىۋېلىش ھەرىكەتلىرى ئىچىدىكى ئەڭ يىرگىنىشلىك بىر خىلى ئىكەنلىكىدە شەك يوق. ئۇنىڭغا قارىتا جەزمەن ھوشيارلىقنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

بۇنداق ئەرلەرنىڭ ئەقىللىقلىقى شۇ يەردىكى، ئۇلار سىزنىڭ ھامان ھەممە يىپ ئۇچىنى پەم بىلەن بىرگە يىغىپ، ئاخىرى ھەقىقىي سىرنى ئۇقۇپ

قاتىللارنى جىنايەت ئۆتكۈزۈش ئۇسۇلى، جىنايەت ئۆتكۈزۈش ئورنى قاتارلىقلارنى ئۇزلۇكسىز ئۆزگەرتىپ تۇرغىنىدەك، ئۇلارمۇ دۆتلۈك قىلىپ، سىزگە جىنايى ئىسپات قالدۇرۇپ قويىدىغان ئىشلارنى ھەرگىز قىلمايدۇ.

شۇڭا، تۆۋەندىكى قائىدىنى ئېسىڭىزدە مەھكەم ساقلاڭ:

ناۋادا بىر ئەر مەلۇم بىر ناشايان ئىشنى سادىر قىلدى دەپ ئەيىبلەنگەندە، ئۇ ئەر شۇئان كەسكىن ئىنكار قىلسا، ئۇ ھالدا، ئۇ ھەقىقەتەن شۇ ئىشنى قىلغان بولۇشى مۇمكىن.

## 9. ئامراق ئايالىغا جىنسىي ھەۋەسى بولماسلىق

***جىنسىي ئاجىزلىقنىڭ ئاجىزلىق دەرىجىسى، تۈرى خىلمۇ خىل بولىدۇ. بەزى ئەرلەرنىڭ زەكىرى مەيلى قارشى تەرەپنىڭ كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر زادىلا قاتمايدۇ؛ ئەمما بەزى ئەرلەرنىڭ زەكىرى ئالاھىدە ئاياللارغا يولۇققاندىلا قاتمايدۇ، باشقا ئاياللار بىلەن بولسا نورمال جىنسىي مۇناسىۋەت ئېلىپ بېرىۋېرىدۇ.***

ئەرلەرنىڭ زەكىرى ناھايىتى سەزگۈر ھەم ئىنتايىن نازۇك بولىدۇ. ئۇ شەخسىينىڭ روھىي ھالىتى، شۇنىڭدەك سالامەتلىك ئەھۋالىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايلا قالماستىن، بەلكى ئىجتىمائىي ئامىلنىڭ تەسىرىگىمۇ چوڭقۇر ئۇچرايدۇ. ئىجتىمائىي تۇرمۇش قانچىكى جىددىي بولغانسېرى، ئەرلەر جىنسىيەت جەھەتتىن شۇنچە ئاجىزلاپ بارىدۇ، جىنسىي ئىقتىدارى ئاجىز ئەرلەرمۇ بارغانسېرى كۆپىيىدۇ. مەلۇم مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ ھازىرقى زامان جەمئىيىتىدىكى ئورتاق كېسەللىك بولۇشىمۇ مۇمكىن.

جىنسىي ئاجىزلىقنىڭ ئاجىزلىق دەرىجىسى، تۈرى خىلمۇ خىل بولىدۇ.

كۆپ سانلىق ئاياللارنىڭ ھەممىسى: ئەگەر قارشى تەرەپ ئۆزى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئېلىپ بارالمىسا، ئۇ ھالدا ئۇ باشقا ئاياللار بىلەنمۇ

بۇ بىر خىل خاتا تونۇشتۇر.

ئۇلاردىن ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولغىنى: بەزى ئەرلەرنىڭ ئۆز ئايالىغا قېرىشقاندەك جىنسىي ھەۋسى زادىلا قوزغالمايدۇ. ئەر ــ ئايال بىر ياستۇقتا باش قويۇپ دائىم بىر ئۆيدە بىللە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئېرى ئايالىنىڭ ئۆيىنى تاشلاپ كېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىمەيدۇ. شۇڭا، ھەر كۈنى ئايالىغا جىنسىي ھەۋسى قوزغىلىۋەرمەيدىغان ئىشمۇ بولۇۋەرمەيدۇ، بىراق، مۇھەببەت بىلەن چىقىشالمايدىغان يەنە بىر خىل ئەھۋال شۇكى، بەزى ئەرلەر ئۆزلىرىنىڭ ئايالىنى ئىنتايىن ياخشى كۆرسىمۇ، بىراق ئۇنىڭغا جىنسىي ھەۋسى زادىلا قوزغالمايدۇ.

گەرچە ئەر ــ خوتۇن بولسىمۇ، بىر ــ بىرىگە بولغان جىنسىي ھەۋسىنىڭ كۈچلۈك بولۇشى ناتايىن. نۇرغۇنلىغان ئاياللار توي قىلىپ تاكى ھازىرغىچە جىنسىي جەھەتتە قانائەت ھاسىل قىلىپ باققان ئەمەس. بىر ــ بىرىگە بولغان جىنسىي ھەۋسىنىڭ ئاجىزلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئەر ــ ئايال ئوتتۇرىسىدىكى ئۆز ئارا كۆيۈنۈش ۋە ئامراقلىقمۇ سۇسلىشىپ كېتىدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، بۇنىڭدا ئاياللارنىڭ مەسئۇلىيىتى كۆپرەك. چۈنكى، بەزى ھاللاردا ئاياللار بىلىپ ــ بىلمەيلا ئېرىنىڭ جىنسىي ھەۋسىنى قاچۇرۇپ قويىدۇ. مەسىلەن، ئېرى جىنسىي تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، ئايالى ئۇنىمايدۇ ياكى جىنسىي مۇناسىۋەت ئېلىپ بېرىلىۋاتقاندا، ئايالى كۆپ خىل شەكىل ۋە ماھارەتنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاياللار ژۇرنىلىمىزدا دائىم: ئەر ــ ئاياللار ئوتتۇرىسىدا جىنسىي مۇناسىۋەت ئېلىپ بېرىلغاندا، ئاياللار تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويۇشى لازىم، دەپ تەشەببۇس قىلىنماقتا. لېكىن، ئەگەر ئەر ــ ئايال ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت تازا يېقىن بولمىغاندا، ئايالى تەشەببۇسكارلىق بىلەن جىنسىي تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويسا، ئەكسىچە كۆپ ھاللاردا ئېرىنىڭ جىنسىي ھەۋسىنى قايتۇرۇۋېتىشى مۇمكىن.

قارىغاندا ئەگەر ئەر ــ ئايال بىر ــ بىرىنى ھەقىقىي ياخشى كۆرسە،

نورمال جىنسىي مۇناسىۋەتنى ساقلىشى كېرەك، دېگەن نۇقتىدا ئاياللارمۇ باشقىچە قاراشتا بولمىسا كېرەك. ھالبۇكى، بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈش ئۇ بىر گەپ، جىنسىي مۇناسىۋەت بولسا باشقا بىر گەپ، ئاياللار بۇ نۇقتىنى چۈشەنمىگەنلىكى ئۈچۈن، بەزى چاغلاردا ئەر - ئايال مۇناسىۋىتىنىڭ يامانلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، ھەتتا ئاجرىشىش دەرىجىسىگە يېتىپ بارىدۇ.

مەيلى ئەر - ئايال بىر - بىرىگە قانچىلىك ئامراق بولۇپ كەتسۇن، كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئايالى ئېرى بىلەن دائىم بىللە بولغاچقا، تەكرار جىنسىي تۇرمۇش بەزىلەرگە تەمسىز تۇيۇلۇشى مۇمكىن، شۇڭا كۆپلىگەن ئەرلەر توي قىلىپ 10، 15 يىل ئۆتكەندىن كېيىن يەنىلا ئايالىغا جىنسىي خىيالدا بولۇشى ناتايىن. پەقەت زەكەر قاتقاندىلا جىنسىي مۇناسىۋەت ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ، ھالبۇكى زەكەرمۇ كۆپ ھاللاردا ناتونۇش ئاياللارغا يولۇققاندا ئوڭايلا قاتىدۇ. بۇنىڭغا نىسبەتەن، بەزى ئاياللار ھەقىقەتەن چىداپ تۇرالمايدۇ. ئەگەر ئۇلار جىنسىي مۇناسىۋەت بولمىغان يەردە مۇھەببەتمۇ بولمايدۇ دەپ ئېيتسا، ئۇ ھالدا بەزى ئەرلەر ئۆزىنى قويىدىغان جاي تاپالماسلىقى مۇمكىن.

نىكاھلىق تۇرمۇشتىن بارلىق نەرسىلەرگە ئالايلۇق: خاتىرجەم تۇرمۇش، باياشاتلىق، باللار بىلەن كۇلۇپ يايراپ ئويناش، كۆڭۈللۈك جىنسىي تۇرمۇشقا ئېرىشىش ئۇنداق ئوڭاي ئىش ئەمەس. ئەگەر مەڭگۈ كۆڭۈللۈك جىنسىي مۇناسىۋەتنى ساقلاشنى ئويلىسىڭىز، ئۇ ھالدا ئايالىڭىز جەزمەن غەيرىي كۈندىلىك خاراكتېرىدىكى دۇنيادا ياشىشى لازىم. ئېھتىمال ھېلىقىدەك «ئۇزاقتا بىر كۆرۈشۈپ تۇرغانلار» بۇ خىل كۆڭۈللۈك جىنسىي مۇناسىۋەتنى ساقلاپ قالالىشى مۇمكىن. لېكىن، ئادەتتىكى نىكاھ ئۇسۇلى بۇ مەسىلىنى ھەل قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس.

ئەرلەرنىڭ جىنسىي مەسىلىسىگە قارىتا، بىز چوقۇم بىر نۇقتىنى ئېسىمىزدە مەھكەم ساقلىشىمىز لازىم: ئەرلەر ئەگەر ئاياللار بىلەن دائىم جىنسىي مۇناسىۋەت ئېلىپ بارمايدىغان بولسا، ئۇ چاغدا جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىشنى خالىمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. بولۇپمۇ، ياشلارنىڭ جىنسىي ھەۋىسى،

ئىنتايىن كۈچلۈك بولىدۇ. لېكىن، ئۇلار جىنسىي ھەۋەسىنى بوغۇپ ئادەتلىنىپ قالسا ياكى بەلگىلىك ياشقا كەلگەندىمۇ ئۇزۇنغىچە غەيرىي جىنسىلىقلار بىلەن باردى ـ كەلدى قىلمىسا، ئەرلەرنىڭ جىنسىي ئىقتىدارى ئاجىزلىشىپ، جىنسىي ھەۋەسىمۇ سۇسلىشىپ كېتىدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاياللار ئارىسىدا بىر خىل ئىستەك ئىپادىلىنىشكە باشلىدى. ئۇ بولسىمۇ ئۆزى تەشەببۇسكارلىق بىلەن جىنسىي ھۇزۇردىن بەھرىمەن بولۇش. بۇ دەل ئەر ـ ئاياللار ئوتتۇرىسىدا پەرق بارلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. بىز ھەتتا شۇنداق ئېيتالايمىزكى، بۇ خىل پەرقنى دەل ھازىرقى زامان جەمئىيىتى پەيدا قىلغان. مەيلى ئەرلەر بولسۇن، ياكى ئاياللار بولسۇن، بۇنداق جىنسىي چېگرادىن قانداق بۆسۈپ ئۆتۈش ياكى كىشىلىك ھاياتنىڭ باش تېمىسىغا يەنى «كىشىلىك ھاياتتىكى بەخت دېگەن نېمە؟» دېگەن بىر چوڭ مەسىلىگە بېرىپ تاقىلىدۇ، بۇنىڭغا قارىتا، ھەر بىر ئادەم، ھەربىر جۈپ ئەر ـ ئايالنىڭ ھەممىسى ئەستايىدىل ئويلىنىشى لازىم.

## 10. ئۇ سىزنىڭ تۇنجى ئېرىڭىز بولۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ

***ئاتالمىش ئەرلەرنىڭ قىزلىق رىشتىنىڭ ئەمەلىيەتتە ئەرلەرنىڭ نازۇك، سەزگۈر نېرۋا سىستېمىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە ھېلىقىدەك تېخى ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىغان، ئۆزىنىڭكىنىلا راست قىلىدىغان ئەرلەرنىڭ ئۆز خاھىشى بويىچە تەلەپ قىلىدىغان نەرسىسى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز.***

بىز دائىم: «ئەرلەر ھەمىشە ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئاياللارنىڭ تۇنجى ئېرى بولۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئەمما، ئاياللار بولسا ئېرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئايالى بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ.» دېگەن گەپلەرنى ئاڭلاپ تۇرىمىز. بۇنداق گەپلەر مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئېھتىمال سۆيگۈ ئۇسۇللىرىدا، ئەر ـ ئاياللار ئوتتۇرىسىدا مەۋجۇت بولغان پەرقنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولۇشى مۇمكىن.

ئەلۋەتتە، ئەرلەر يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلىرىدا ھەمىشە ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئاياللارنىڭ تۇنجى ئېرى بولۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ. بۇ بىز دەۋاتقان قىزلىق رىشتىنىڭ ئۆزى شۇ. ئەنئەنىۋى توي مۇراسىملىرىدا، توي قىلماقچى بولغان قىز ئاپئاق توي كىيىمىنى كىيىدۇ. بۇ شۇ قىزنىڭ سۆيگەن يىگىتىگە تەقدىم ئەتمەكچى بولغان قەلبى ۋە تېنىنىڭ ئۆزى كىيىۋالغان كىيىمگە

بۇ خىل يۈزى ئېچىلمىغان قىزلار بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەتتە بولۇشنى ئارزۇلايدىغان خىيال، تاھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە.

ناۋادا يىگىت توي قىلىشتىن ئىلگىرى: «ھوي يىگىت، دىققەت قىلغىن، ئۇ نامى چىقىپ قالغان ئايالكەن جۇمۇ.» ياكى «ئۇ ئايال بۇرۇن پالانچى بىلەن خېلى ئىشپەش تارتىشىپ يۈرگەنتى، ھەر ھالدا ئۆزۈڭگە ھېزى بول» دېگەندەك گەپلەرنى ئاڭلىسا، ئۇ شۇ زاماتلا ئىككىلىنىپ قالىدۇ، ھەتتا مۇشۇنىڭ بىلەن توي قىلىشتىن ۋاز كېچىدىغان ئەھۋاللارمۇ يۈز بېرىدۇ.

ئەگەر قارشى تەرەپ قىز چىقماي قالسا، ھازىرقى زاماندىمۇ، تويدىن كېيىن، جەڭگى - جېدەل بولمايدۇ، دەپ ھېچكىم ئېيتالمايدۇ. بۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا، ئاياللارنىڭ ئەرلەرگە قويىدىغان تەلىپى كۆپ يەڭگىل.

ئاياللار ئىچىدە، توي قىلماقچى بولغان ئوبيېكتىنىڭ جەزمەن يىگىتلىكى بولۇشنى تەلەپ قىلىدىغان ئاياللار دېگەندەك كۆپ ئەمەس. ئۇنداق بولسا، ئەر - ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى بۇ خىل ئېپپەت قارىشى جەھەتتىكى پەرق زادى قانداق پەيدا بولغان؟

ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان قىزنىڭ قىزلىقىنىڭ بولۇشنى ئۈمىد قىلىدىغان ئەرلەرنىڭ قەلب چوڭقۇرلۇقىدا، شۇ قىزنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن چېقىلىپ بېقىلمىغان ئەۋرىشكە بولغان قىزنىقىشتىن باشقا، يەنە ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئايالنى ئۆز ئارزۇسى بويىچە باشقۇرۇش ئىستىكى يوشۇرۇنغان بولىدۇ. كونكرېتنى قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇنىڭدا ئەرلەرنىڭ بىر خىل ئارزۇسى يوشۇرۇنغان بولىدۇ، يەنى «ئەگەر قىزلىقى بار قىز بىلەن ئالاقە باغلىۋالسا، شۇ قىزنىڭ جىنسىي جەھەتتە پىششىپ يېتىلىشى ئۆزىنىڭ ئارزۇسى بويىچە بولىدۇ ئەمەسمۇ؟

لېكىن يەنە بىر نۇقتىدىن ئويلىغاندا، بىز بۇ خىل ئويدا يەنى ئەرلەر ئاياللارنى خالىغانچە ئۆزگەرتەلەيدۇ، ھەممە ئاياللارنى ئويۇنچۇق ئورنىدا كۆرىدۇ، دەيدىغان بىر خىل قاراشنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى بايقايمىز.

ئاياللارنى ئويۇنچۇق دېيىش ئېھتىمال ئانچە مۇۋاپىق ئەمەستۇ، لېكىن نۇرغۇنلىغان ئەرلەر ئۆزىنىڭ ھەر ۋاقىت ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇشىنى ئۈمىد

قىلىدىغانلىقى ئىسپات تەلەپ قىلمايدىغان ھەقىقەت.

بىز ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان قىزنىڭ قىزلىقىنىڭ بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدىغان ئەرلەرنىڭ قەلب دۇنياسىغا ئىچكىرىلەپ كىرگەندە، بىز ئۇنىڭ قەلبىدە بىر خىل چوڭقۇر خاتىرجەمسىزلىكنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى بايقايمىز. يەنى ئۇلار: «ناۋادا قارشى تەرەپ قىز بولماي قالسا قانداق قىلارمەن؟» دەپ ئەندىشە قىلىدۇ. ئەگەر راستتىنلا قىز چىقماي قالسا، ئۇلارنىڭ پۈتۈن شېرىن خىياللىرى ئۈزۈل - كېسىل بەربات بولىدۇ.

ئەرلەر جىنسىي جەھەتتە ئايالىنىڭ ئۆزىنى بۇرۇنقى ئەر دوستى بىلەن سېلىشتۇرۇشىغا ھەرگىز چىداپ تۇرالمايدۇ، بۇ ئەرلەرنىڭ جىنسىي جەھەتتە ئۆزىگە تولۇق ئىشەنچ قىلالمىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا ئەرلەرنىڭ، قىزلارنىڭ پاكلىقىنى قوغلىشىش پسىخىكىسىغا جىنسىي جەھەتتىكى خاتىرجەمسىزلىكى ۋە ساددىلىقى يوشۇرۇنغان بولىدۇ. شۇڭا، ئالدىراپلا قىزلىق رىشتىنى پاك مۇھەببەتكە ئىنتىلىش بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويغىلى بولمايدۇ.

لېكىن، مەيلى ئەرلەر بولسۇن، ياكى ئاياللار بولسۇن، ھېچكىم ئۆزىنىڭ سۆيگۈنىنىڭ يەنىلا ئىلگىرىكى مۇھەببىتى بىلەن داۋاملىق باردى - كەلدى قىلىشىنى خالىمايدۇ. ئەگەر مۇشۇنداق ئەھۋال بايقىلىپ قالسا، ئەرلەرنىڭ بۇنىڭغا چىداپ تۇرالىشى مۇمكىن ئەمەس. بۇنداق ئاياللار قانچىلىك چىرايلىق بولۇپ كەتمىسۇن، ئەرلەر ھامان ئۇنىڭدىن سەسكىنىدۇ. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئەرلەر بىر خىل جىنسىي مەخلۇقتۇر. شۇڭا، جىنسىي جەھەتتە باشقىلارغا ئۆتتۈرۈپ قويغان ھامان، يۈزىنى كۆتۈرۈپ يۈرۈشتىن نومۇس قىلىدۇ.

توي قىلغاندا ۋە مۇھەببەتلەشكەندە، ئوخشۇشلۇق بولىدىغان ۋە ياكى ئوخشۇشلۇق بولمايدىغان چاغلارمۇ بولىدۇ. ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئادەم بىلەن توي قىلغاندىن كېيىن، قارشى تەرەپنىڭ ئۆزگە لايىق ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىپ، ئۇنىڭدىن سوۋۇپ كېتىدىغان مىساللار ئاز ئەمەس. ئەمما،

ئىكەنلىكىگە ئىشەنسە، «ئۇ ئۆزىنىڭ قىزلىقىنى ماڭا بەردى» دەپ قارايدۇ ـ دە، شۇ قىزغا دائىم يول قويۇش پوزىتسىيىسىدە بولىدۇ.

ئەرلەرنىڭ ئاياللارنىڭ ئىپپىتىگە شۇقەدەر ئېتىبار بېرىشى ھەمدە قايتا ـ قايتا گۇمانخورلۇق قىلىشى، ئەرلەرنىڭ جىنسىي پائالىيىتىنىڭ ناھايىتى زور دەرىجىدە كەيپىياتنىڭ كونترول قىلىشىغا باغلىق بولغانلىقى، ھەمدە شۇ ئادەمنىڭ روھىي ئەھۋالىغا قاراپ داۋالغۇپ تۇرىدىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

بىز ئەرلەر جىنسىي پائالىيىتىنىڭ جەريانىنى كونكرېت تەھلىل قىلىپ باقايلى. ئالدى بىلەن ئايال تەرەپ جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى رەت قىلغاندا، ئەركىشى ئىنتايىن بىئاراملىق ھېس قىلىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئەر تەرەپ جىنسىي مۇناسىۋەت ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغاندا، ئايال كىشى پەقەت مەلۇم دەرىجىدە ماقۇل كۆرسە ياكى خالىمىسا، ئۇ ھالدا بۇ ئىشنىڭ ھېچقانداق نەتىجىسى بولمايدۇ. بۇ چاغدا ئەركىشى باسقۇنچىلىق قىلمىسىلا، مەيلى ئەر تەرەپ قانداق يالۋۇرمىسۇن، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى جىنسىي مۇناسىۋەتنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشى ناتايىن.

تۇنجى قېتىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈپ، مىڭ بىر تەسلىكتە ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئايال بىلەن كارىۋاتقا چىققاندا، ئۆزىنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى يوقىتىپ قويغانلىقىنى ئۇشتۇمتۇت بايقاپ قالىدىغان ئەمەلىي مىساللارمۇ يوق ئەمەس.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئەرلەردە ھامان «بۇ ئايال ياڭزىمۇياڭزا ئويناش قىلىپ باققان بولغىيمىدى؟» ، «ئېھتىمال ئۇنىڭ بۇرۇنقى ئەر دوستى مەندىن بەستلىكرەك بولسا كېرەك» ياكى «ئۇنى قاندۇرالارمەنمۇ؟» دېگەندەك خىلمۇخىل پىكىرلەر پەيدا بولۇپ قالسا، ئۇ ھالدا ئۇنىڭ زەكىرى تەبىئىي ھالدا مۇشۇ روھىي بېسىمنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، گەپ ئاڭلىماس بولۇپ قالىدۇ.

شەك ـ شۈبھىسىزكى، بۇنداق ئەھۋال ئەرلەرگە نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئەڭ شەرمەندە ئىش، ئايال تەرەپنى مىڭ تەسلىكتە ماقۇل كەلتۈرۈپ، ئايال كىشى ئۆزى تەييار بولغاندا، ئۆزى مۇناسىپ جاۋاب

قايتۇرالمىسا، ئەركىشىنىڭ شەرمەندە بولغىنى شۇ، بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئايال كىشى قارشى تەرەپنىڭ ئەركەك ئىكەنلىكىدىن گۇمان قىلماي قالمايدۇ. نەتىجىدە بىر قېتىملىق مەغلۇبىيەت بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر قاتار مەغلۇبىيەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، يامان سۈپەتكە قاراپ ئۆزگىرىش شەكىللەندۈرۈشى مۇمكىن.

ناۋادا قارشى تەرەپ قىز بولغان بولسا، مەغلۇپ بولغان تەقدىردىمۇ، بۇنىڭ كارايىتى چاغلىق. چۈنكى بۇنىڭدا قارشى تەرەپنىڭ ئۆزىنى ئىلگىرىكى ئەر دوستلىرىغا سېلىشتۇرىدىغان ئەھۋال بولمايدۇ. ھەممە «بۇگۈن ئاخشام سەل چارچاپ قاپتىمەن» ياكى «ھاراقنى جىق ئىچىپ قويغان ئوخشايمەن» دېگەندەك باھانىلەرنى تېپىپلا قۇتۇلۇپ كەتكىلى بولىدۇ.

ئەرلەرنىڭ قىزلارنىڭ قىزلىقىغا ئېتىبار بېرىشىمۇ، ئۇلاردا بۇ خىل ھەر ئېھتىماللىققا قارشى تۈيغۇسىنىڭ بولغانلىقىدا.

ئەرلەر نازاكەتلىك، پاك ئاياللارنى ياخشى كۆرىدۇ، سەۋەبى ئۇلارنىڭ مىجەز - خۇلقى چىرايلىق، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنداق ئاياللار جىنسىي ھۇزۇردىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇۋاتقاندا قىلىقسىزلىشىپ كەتمەيدۇ. ئۇنىڭدىن سىرت، ئەرلەر بوشاڭ كەپقالغان تەقدىردىمۇ، ئارتۇقچە كايىپ كەتمەيدۇ.

ئوتتۇرا ئەسىردىكى رېتسارلار جەڭگە ئاتلىنىشتىن بۇرۇن، ئايالىغا ئىپپەت ئىشتىنىنى كىيگۈزۈپ قوياتتى. بۇنداق بولغاندا، ئۆزى ئۆيدە بولمىغان چاغدا، ئايالى باشقا ئەرلەر بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئېلىپ بارالمايتتى. ناۋادا «چاتاق» چىقىپ قالىدىغان بولسا، ئەر ئار - نومۇستىن ئۆلەتتى.

ئەرلەر جىنسىي مۇناسىۋەت ئېلىپ بارغاندا، ئادەتتە تەشەببۇسكار بولىدۇ ھەمدە قارشى تەرەپكە ھۇزۇر ئېلىپ كېلەلىگەنلىكىدىن شادلىنىدۇ. بەزى ئەرلەرگە نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، جىنسىي شادلىق مەنى ئاتقان چاغدىكى ھۇزۇرغىلا قارىتىلغان بولماستىن، ئايال كىشىنى ئۆزگە ئەسىر قىلىش ھەققىي شادلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئەگەر ئايال كىشىنىڭ باشقا ئەرلەر تەرىپىدىن ئېرىشكەن ھوزۇرى ئۆزى ئاتا قىلغاندىن ئېشىپ كەتكەن بولسا، بۇنداق ئەھۋال ئەرلەرگە نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، شەكسىزكى زور يوقىتىشتۇر. چۈنكى بۇ جىنسىيەتكە شەيدا ئەرلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش قىممىتىنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلغانلىق.

شۇڭا، بۇنىڭدىن خاتىرجەمسىزلەنگەن ئەرلەر دائىم قىز دوستىنىڭ ئۆتمۈشتىكى ئىشلىرىنى بىلىشكە قىزىقىدۇ ھەمدە ئۆزى توي قىلماقچى بولغان ئايالنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن ياسىۋېتىلمىگەن بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ.

بۇ يەرگە كەلگەندە، بىز: ئاتالمىش ئەرلەرنىڭ قىزلىق رىشتىنىڭ، ئەمەلىيەتتە ئەرلەرنىڭ نازۇك، سەزگۈر نېرۋا سىستېمىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە ھېلىقىدەك تېخى ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىغان، ئۆزىنىڭكىنىلا راست قىلىدىغان ئەرلەرنىڭ ئۆز خاھىشى بويىچە تەلەپ قىلىدىغان نەرسىسى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز.

## 11. جىنسىي مۇناسىۋەت ئېلىپ بېرىش ئۇسۇلى بەزى ئەرلەرگە نىسبەتەن تېخىمۇ جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە

*بەزى ئەرلەرنىڭ ئەمەلىي جىنسىي ھۇزۇرغا قارىغاندا، جىنسىي ماھارەتكە قىزىقىشى، ئۇلارنىڭ بۇ جەھەتتە تەجرىبە توپلاپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئەمەلىي جىنسىي تۇرمۇشتا تېخىمۇ كۆپ تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ئەركەكلىكىنى نامايان قىلىشتۇر.*

ئاياللارغا سېلىشتۇرغاندا، ئەرلەرنىڭ جىنسىي سۆيگۈدىن ئالىدىغان ھۇزۇرى ۋە جىنسىي مۇناسىۋەت ئېلىپ بارغاندا قوللىنىدىغان ئۇسۇلى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە. نۇرغۇنلىغان ئەرلەرنىڭ جىنسىي سۆيگۈدىن ئالىدىغان ھۇزۇرى ئاساسەن ئىككىيلەننىڭ جىنسىي مۇناسىۋەت ئېلىپ بېرىش ئۇسۇلى، قارشى تەرەپنىڭ ئىنكاسى شۇنىڭدەك مۇسكۇل ۋە تېرە سېزىمى قاتارلىق مەزمۇنلاردىن تەشكىل تاپقان.

جىنسىي ھۇزۇرنىڭ ئۆزگە كەلسەك، خىلمۇخىل جىنسىي ئۇسۇل، ياڭزىمۇ ياڭزا جىنسىي ماھارەت شۇنىڭدەك ئايال تەرەپنىڭ جىنسىي ئىنكاسى قاتارلىقلار ئەرلەرگە نىسبەتەن تېخىمۇ جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە. شۇڭا، نۇرغۇن ئەرلەر جىنسىي تۇرمۇشتا، قايسى ئۇسۇلنى قوللىنىش، شۇنىڭدەك كېيىنكى قېتىم قانداق جىنسىي ماھارەتلەرنى سىناق قىلىش دېگەندەك

ئىشلىتىش ئارقىلىق جىنسىي تۇرمۇشنىڭ مەزمۇنىنى تېخىمۇ بېيىتىدۇ.

ئەرلەرنىڭ جىنسىي ماھارەتلەرنى پەيدىنپەي ئىگىلەش جەريانى، ھايۋاناتلارنىڭ ئوۋ ئوۋلاشنى ئۆگىنىش جەريانى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. بالا شىر ئانا شىرغا ئوخشاش گۆشخور، ئەمما قانداق ئوۋ ئوۋلاشنى بىلمەيدۇ. ئانا شىرنىڭ يېتەكلىشى ئاستىدا، ئوۋ ئوۋلاش پائالىيەتلىرىگە قاتناشقاندىن كېيىن، بالا شىر بارا ـ بارا ئوۋ ئوۋلاش تېخنىكىسىنى ئىگىلىۋالىدۇ. «ئەگەر ئوۋ ئۇنداق قاچسا، مۇنداق قوغلاش كېرەك» ، «ئەگەر ئوۋنىڭ پالانى يېرىنى تۇتۇۋالغاندا ئىش پۈتكەن بولىدۇ» غا ئوخشاش تەجرىبىلەر بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ.

ناۋادا ئايال كىشىنى ئۆزىڭىزگە رام قىلىشنى ھەمدە ئۇنىڭغا ساپ جىنسىي ھۇزۇر ئاتا قىلىش بىلەن بىرگە ھېچقانداق ئوڭايسىز ھالەتنىڭ يۈز بەرمەسلىكىنى ئويلىسىڭىز، كۆپ قېتىملىق ئەمەلىي سىناق ئارقىلىق جىنسىي ماھارەتنى ئاستا ـ ئاستا ئىگىلىشىڭىزغا توغرا كېلىدۇ.

بەزى ئەرلەرنىڭ ئەمەلىي جىنسىي ھۇزۇرغا قارىغاندا جىنسىي ماھارەتكە قىزىقىشى، ئۇلارنىڭ بۇ جەھەتتە تەجرىبە توپلاش ئارقىلىق، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئەمەلىي جىنسىي تۇرمۇشتا تېخىمۇ كۆپ تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ئەركەكلىكىنى نامايان قىلىشتۇر.

ئەلۋەتتە، مەلۇم بىر بەلگىلىك ئايالغا ئۆگىنىپ قېلىپ ئۆزىنى تارتمايدىغان ئەرلەرمۇ بار. ئەمما، بۇنداق ئەھۋال ئادەتتە تۆۋەندىكى بىر قانچە شەرتنى ھازىرلىغان بولۇشى لازىم يەنى كۆرۈشكەن چاغدا ھېسسىيات ئوتلۇق بولۇشى، قارشى تەرەپ جىنسىي جەھەتتە كىشىنى مەپتۇن قىلالايدىغان بولۇشى، قارشى تەرەپ ھېسسىياتقا باي سەزگۈر بولۇش قاتارلىقلار.

شۇ چاغدا، ئەرلەرنىڭ خاتىرىسىدە ئۆچمەس تەسىر قالدۇرىدىغىنى شۇ دەقىقىدىكى ھۇزۇر بولماستىن، بەلكى ئاياللارنىڭ بەدىنى ۋە ئىنكاسىدۇر. بۇ ئاياللارنىڭ جىنسىي جەھەتتىكى ھۇزۇرلىنىشىدىن روشەن پەرقلىنىدۇ.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئەرلەر ئەگەر جىنسىي مۇھەببەتكە بېرىلسە، تەبىئىي ھالدا مەنىۋى جەھەتتە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا قارشى تەرەپكە

يېقىنلىشىدۇ ھەمدە قارشى تەرەپتىن ئايرىلالمايدۇ. ئاياللارمۇ ئوخشاش قارشى تەرەپنى دەسلەپتە ئانچە ياقتۇرمىغان تەقدىردىمۇ، كۆرۈشۈش قېتىم سانىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، قارشى تەرەپنى بارا - بارا ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ. شۇ چاغدا تەن بىلەن روھنىڭ قايسىسىنىڭ ھەل قىلغۇچ ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى ئايرىۋېلىش تەسكە توختايدۇ.

ئەمدى بىز مەڭگۈلۈك جىنسىي مۇھەببەتنى تېما قىلغان، ئادەمنىڭ قەلبىنى ئاجايىپ لەرزىگە سالىدىغان، ئۇنتۇلغۇسىز كىنو «مۇھەببەت بورىنى» نىڭ ۋەقەلىكىنى كۆرۈپ باقايلى:

ئايال باش قەھرىمان يەھۇدىي قىز رۇقىيە، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ناتسىستلار تەرىپىدىن جازا لاگېرىغا قامىلىدۇ. دېمەك ئۇنى كۈتۈپ تۇرغان نەرسە - ئۆلۈم ئىدى. بىر كۈنى ئېسئېسچىلار ئوفىتسېرى ماركوس رۇقىيەنىڭ گۈزەل ھۆسن - جامالىنى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنىڭغا مۇپتىلا بولۇپ قالىدۇ، ھەمدە ئۇنى ئۆلتۈرمەسلىك شەرتى بىلەن ئۆزىنىڭ جىنسىي ئويۇنچۇقىغا ئايلاندۇرۇۋالىدۇ.

ئىككىيلەننىڭ جىنسىي مۇناسىۋىتىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، رۇقىيە بارا - بارا ئۆزلىرى ئوتتۇرىسىدىكى خوجايىن - مالايلىق مۇناسىۋىتىنىڭ بىلىنەر - بىلىنمەس ئۆزگىرىشكە باشلىغانلىقىنى بايقايدۇ. ماركوس راستىنلا رۇقىيەگە ئاشىق - بىقارار بولۇپ قالىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ ھەرقانداق تەلىپىگە كۆنىدۇ. گەرچە، ئەڭ دەسلەپتە ماركوس پەقەت ئۆزىنىڭ شەھۋانىي ھەۋىسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈنلا رۇقىيەنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالغان بولسا، ئەمدىلىكتە ئۇ رۇقىيەنىڭ مۇھەببەت قۇلىغا ئايلىنىدۇ.

ئەگەر جىنسىي جەھەتتىكى مۇناسىۋەت بولماي، ئۇلار پەقەت مەنىۋى جەھەتتىلا بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈپ قالغان بولسا، ئېھتىمال خوجايىن - مالايلىق مۇناسىۋىتىدە بۇنداق ئۆزگىرىشنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەمما، جىنسىي مۇھەببەتنىڭ قۇدرىتى خۇددى بۇ كىنودا تەسۋىرلەنگەندەك، ئەسلى ھالقىپ ئۆتۈش مۇمكىن بولمىغان دەرىجە

ئوتتۇرىسىدىكى جىنسىي مۇھەببەتتە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ تېنى ماركوسقا پۈتۈنلەي تەقدىم ئېتىلگەنلىكتىن، ئۇلار ئاجايىپ شېرىن جىنسىي ھوزۇردىن ئورتاق بەھرىمەن بولغان ھەمدە بىر ـ بىرىگە زادى قېنىشمىغان.

بۇ چاغدا، ھەر ئىككىيلەن ئۆزلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا مۇھەببەت بىخلانغانلىقىنى سەزمىگەن. بولۇپمۇ، رۇقىيەگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، يەھۇدىيلارنى ئىت ـ ئېشەك ئورنىدا كۆرمەيدىغان، ئۇلارنى خالىغانچە ئۆلتۈرىدىغان، ئۆزىنى بولسا جىنسىي ئويۇنچۇق ئورنىدا كۆرىدىغان ناتسىستلار ئوفىتسېرىنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەكسىچە چەكسىز نەپرەتلىنەتتى. رۇقىيەنىڭ ماركوسنىڭ تەلىپىگە كۆنۈشى ھەتتا تەشەببۇسكارلىق بىلەن قوبۇل قىلىشى پەقەت ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈنلا ئىدى. رۇقىيە بۇنى ئالاھىدە شارائىت ئاستىدىكى بەختسىز كەچۈرمىش دەپلا چۈشەنگەن، بۇنداق بىر ئادەمنى ياخشى كۆرۈپ قېلىش ئۇنىڭ خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمىغان.

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، قايتىدىن ئەركىنلىككە ئېرىشكەن رۇقىيە بىر دىرىژور بىلەن توي قىلىپ، خاتىرجەم باياشات تۇرمۇشقا ئېرىشىدۇ. بىر قېتىم ئېرى تەكلىپكە بىنائەن ئاۋستىرىيە دۆلەتلىك ئوپېرا ئۆمىكىنىڭ دىرىژورلۇقىنى قىلىش ئۈچۈن ۋېناغا بارغاندا، رۇقىيەنىمۇ بىللە ئېلىپ بارىدۇ، ھەمدە ئەر ـ ئايال ئىككىيلەن شۇ يەردىكى بىر مېھمانخانىغا چۈشىدۇ.

ئۇلار مېھمانخانىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، رۇقىيە بۇ مېھمانخانىنىڭ كۈتۈۋېلىش بۆلۈمىدە ئىسمىنى يوشۇرۇپ ئىشلەۋاتقان ماركوس بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالىدۇ. بۇنداق تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قېلىشنى ئويلىمىغان ھەر ئىككىيلەن ئالاقزادە بولۇشۇپ، نېمە قىلارنى بىلەلمەي قالىدۇ. بۇ چاغدا، رۇقىيەنىڭ كاللىسىدا جازا لاگېرىدىكى ئاشۇ قابەھەتلىك چۈشلەر قايتا پەيدا بولۇشقا باشلايدۇ. ماركوس بولسا رۇقىيەنىڭ ئۆزىنى پاش قىلىپ قويۇشىدىن ئۆلگۈدەك قورقىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، رۇقىيە ئېرىدىن، بۇ مېھمانخانىدىن

دەرھال كىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بىراق بۇ ئىشلاردىن بىخەۋەر ئىرى: «قورققۇدەك ھېچقانداق ئىش يوق، مەن تۇرسام نېمىدىن قورقاتتىڭىز؟» دەپ ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىدۇ ـ دە، ياتاققا ئورۇنلىشىش رەسمىيىتىنى ئۆتەۋېرىدۇ. ئۇزاق ئۆتمەي، رۇقىيەنىڭ ئېرى باشقا ئىش بىلەن سىرتقا چىقىپ كېتىدۇ، دەككە ـ دۈككىدە يۈرگەن ماركوس رۇقىيەنىڭ خانىسىغا باستۇرۇپ كىرىپ: «سىز نېمىشقا بۇ يەرگە كېلىسىز!» دەپ ۋارقىراپ ـ جارقىراپ، رۇقىيەنى ئۇرغىلى تۇرىدۇ، رۇقىيەمۇ جان ـ جەھلى بىلەن قېچىپ چىقىشنىڭ ئامالىنى ئىزدەيدۇ. ئەمما، ئىككىيلەن تازا تارتىشىپ يومداقلىشىپ تۇرغان چاغدا، ئون نەچچە يىل ئاۋۋالقى جىنسىي مۇناسىۋەت خاتىرىسى بىردىن ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولۇپ، ئىككىيلەن يەنە ھايۋانلارغا ئوخشاش ئاچ كۆزلۈك بىلەن ئىغىز ـ بۇرۇن يالىشىپ، قارشى تەرەپنىڭ تېنىدىن ھوزۇر ئېلىشقا باشلايدۇ.

بۇ قېتىمقى تاسادىپىي ئۇچرىشىش، رۇقىيەنىڭ تەقدىرىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىۋېتىدۇ. يەنى رۇقىيە ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئېرىدىن ئۇزۇلۇشۇپ، ماركوسنىڭ قېشىدا قالىدۇ. نەتىجىدە ئۇلار ئەسەبىيلەرچە جىنسىي مۇھەببەتكە بېرىلىدۇ. ئاخىرىدا ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىنى قالدۇق ناتسىستلار غەرەزلىك ھالدا ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ.

بۇ فىلىم ئىنسانلارنىڭ جىنسىي مۇناسىۋەتكە بولغان ئىنتىلىشىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىرگە، ئىدراك ۋە لوگىكىدىن ھالقىغان، ئەنئەنىۋى قائىدىگە خىلاپ بولغان ئەر ـ ئاياللارنىڭ جىنسىي مۇناسىۋەت دۇنياسىنى روشەن تەسۋىرلەپ بەرگەن. بۇ ئايال رېژىسسورنىڭ قولىدىن چىققان كىنو ئاشكارا قويۇلغاندىن كېيىن، دۇنيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەردە زىلزىلە پەيدا قىلىپ، كۆپلىگەن ئاياللارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن.

بۇ يەردە، بىز رۇقىيە بىلەن ئېرىنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەھلىل قىلىپ كۆرەيلى: رۇقىيەنىڭ ئېرى داڭلىق دىرىژور بولۇپ، ناھايىتى سالاپەتلىك ئادەم، ئۇنىڭ تاشقى قىياپىتىدىن قۇسۇر تاپماقمۇ تەس. ئەمما، كىشىنىڭ

ھېچقانچە جىنسىي شادلىق ئېلىپ كېلەلمىگەن. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇ جىنسىي جەھەتتە رۇقىيەنى قاندۇرالمىغان. دەل شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، رۇقىيە ماركوس بىلەن قايتا كۆرۈشۈپ قالغاندىن كېيىن، ئىككىيلەن ئوتتۇرىسىدىكى جىنسىي مۇھەببەت ئوتى قايتا تۇتىشىپ كەتكەن. بۇنىڭ بىلەن، رۇقىيە ئېرى ۋە ئاشۇ باياشات تۇرمۇشتىن ۋاز كېچىپ، ماركوسنى تاللىغان.

بۇ فىلىمدىكى باش قەھرىمان رۇقىيەنىڭ جىنسىي ھەۋىسىنىڭ قايتا قوزغىلىشى، ئېرىنىڭ جىنسىي مۇھەببەت جەھەتتە ماركوسقا يەتمىگەنلىكىدىن بولغان بولۇشى مۇمكىن. ناۋادا، رۇقىيەنىڭ ئىلگىرىكى تۇرمۇشىدا ئۇنداق كۆچلۈك ۋە شېرىن جىنسىي مۇھەببەت بولمىغان بولسا، ئۇ ھالدا ئۇ ھازىرقى ئېرىدىن ۋە ئائىلىسىدىن قانائەتلىنىپ، مۇشۇ كۇنگە شۈكرى قىلىپ ئۆتكەن بولاتتى. بەزى چاغلاردا زېرىكىشلىك ھېس قىلغان تەقدىردىمۇ، كۆپ بولسا ئۆز ـ ئۆزىگە: «توي دېگەن مۇشۇنداق بولىدىغان ئوخشايدۇ» دەپ غۇدۇراپ قوياتتى ـ يۇ، ئائىلە ۋە ئېرىنى تاشلاپ كېتىپ قالىدىغان ئىشنىھەرگىز قىلمىغان بولاتتى.

رۇقىيە بىلەن ماركوس ئوتتۇرىسىدىكى جىنسىي مۇھەببەتنىڭ شۇ قەدەر ئەسەبىي بولۇشى، ھەتتا كۆپ يىللاردىن كېيىنمۇ بىر ـ بىرىدىن ئايرىلالماي قېلىشى، ئەينى چاغدىكى ئاشۇ قاباھەتلىك، دەككە ـ دۈككىدە ئۆتكەن ئالاھىدە شارائىت بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىكتۇر. ئەكسىچە، باياشاتلىققا تولغان تىنچ دەۋردە، ئادەتتىكى نىكاھلىق تۇرمۇش راستتىنلا ئاشۇنداق كىشىنى مەست قىلىدىغان جىنسىي مۇھەببەت ئېلىپ كېلەلەرمۇ؟ بۇنىسى ناتايىن.

«مۇھەببەتنىڭ بورىنى» ناملىق كىنونى كۆرگەندىن كېيىن، بىز ئاياللارنىڭ جىنسىي ھېسسىياتىنىڭ ناھايىتى مۇقىم بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىۋالالايمىز. شۇڭا، ئەرلەرنىڭ دائىم قىز دوستىنىڭ ئۆتمۈشتىكى ناپاك ئىشلىرىدىن بەك ئەندىشە قىلىدىغانلىقىنىمۇ چۈشىنىۋېلىش تەس ئەمەس.

جىنسىي مۇھەببەت جەھەتتە يېتىلگەن، جىنسىي جەھەتتە جەلپكارلىققا

ئىگە ئاياللار ھەر دائىم بەزى ئەرلەرنىڭ ھەسەتخورلۇقىنى قوزغىماي قالمايدۇ. چۈنكى، بۇنداق ئەرلەرنىڭ كاللىسىغا «زادى قايسى ئەر ئۇنىڭ قىزلىقىنى ئېلىپ، ئۇنى تۇنجى قېتىم جىنسىي شادلىقتىن بەھرىمەن قىلغان بولغىيتتى؟» دېگەندەك مەسىلىلەر كىرىۋالغان بولىدۇ. بۇ خىل مۇرەككەپ روھىي ھالەت ئۇنى قاتتىق ئازابلاپ، ئالاقزادە قىلىپ، ئۇنىڭ غورۇرىغا تېگىدۇ.

ۋەھالەنكى، ئاياللارغا نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئەڭ مۇھىمى «ھازىر» دېگەن ئۇقۇم بولۇپ، ئۇلار مۇشۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە جىنسىي ھوزۇردىن تولۇق قانائەت ھاسىل قىلسىلا، ئۆتمۈشتىكى ئىشلار ئۇنىڭ كاللىسىدىن ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بارا - بارا چىقىپ كېتىدۇ.

بىراق، رېئال تۇرمۇشتا شۇنداق بىر قىسىم ئەرلەرمۇ باركى، قىز دوستىنىڭ ئۆتمۈشىگە ئېسىلىۋېلىپ، ئۇنىڭ ئىلگىرىكى ئەر دوستى بىلەن بولغان ئىشلىرىنى پۇرسەت بولسىلا تەگەيدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇنداق قىلغاندىن كۆرە، ئەمەلىي تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئۆزىنىڭ ئۆزگىچە ئۇسۇلى ئارقىلىق قارشى تەرەپنى سۆيۈپ، قارشى تەرەپنى تەسىرلەندۈرۈپ، ئۆزىنىڭ چىن مۇھەببىتى ئارقىلىق قارشى تەرەپنىڭ قەلبىنى ئۇتۇۋالغان تۈزۈك. ۋەھالەنكى، نۇرغۇنلىغان ئەرلەر بۇ جەھەتتە قىلچە تىرىشچانلىق كۆرسەتمەيدۇ، بەلكى قىز دوستىنىڭ ئۆتمۈشتىكى ئىشلىرىغا گۇمانىي كۆز بىلەن قارايدۇ. ئۇلار توي قىلماقچى بولغان ئوبيېكتىنىڭ ئەڭ ياخشىسى قىز بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. شۇڭا، مۇھەببەت تاللىغاندا، جىنسىي مۇھەببەت تەجرىبىسى يوق قىزلارنى تاللاشقا بېرىلىدۇ. بۇ شۇ كىشىلەردە ئەرلىك ئىشەنچىسىنىڭ يوقلۇقىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

بۇنداق ئەرلەرنىڭ قىز دوستىنىڭ ئۆتمۈشتىكى ئىشلىرىغا شۇ قەدەر چاڭ ئېسىلىۋېلىشىدىكى يەنە بىر سەۋەب، نۇرغۇن ئەرلەر دائىم ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى سۆيگۈنىنى ئەسلەپ تۇرىدۇ ۋە مۇمكىن بولسا ئۇنىڭ بىلەن قايتا ئالاقە قىلىشنى ئۈمىد قىلىدۇ. شۇڭا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ خىل پسىخىكىسىغا

قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇ ئەرلەرنىڭ ئۆزىنى ـ ئۆزى ئازابلىشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

بەزى ئەرلەر جاھىللىق بىلەن قارشى تەرەپ ئىلگىرى مەن بىلەن بىر مەھەل كۆڭۈللۈك جىنسىي مۇناسىۋەتتە بولغانىكەن، مەيلى ئارىلىقتا قانچىلىك ۋاقىت ئۆتۈپ كەتكەن بولمىسۇن، قايتا ئۇچراشقان چاغدا، قارشى تەرەپ چوقۇم مېنى يەنە قوبۇل قىلىدۇ، دەپ قارايدۇ. ھالبۇكى، بۇ ئەرلەرنىڭ ئويىلا خالاس.

ئەرلەرگە قارىغاندا، نۇرغۇن ئاياللارنى رېئالىزمچى دېيىشكە بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار ھازىرقى ئەر دوستىدىن ياكى ئېرىدىن رازى بولسا، ئىلگىرىكى ئىشلار ئۇلارنىڭ كاللىسىدىن ئوڭايلا كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. ئەرلەرنىڭ بۇ نۇقتىنى ئوڭايلىقچە چۈشىنىپ يېتەلىشى ناھايىتى تەس. ئەرلەر گەرچە جىنسىي مۇھەببەتنىڭ رولىغا زىيادە ئېتىبار بېرىپ كەتسە ياكى ئۆزىنىڭ جەلپكارلىقىغا زىيادە ئىشىنىپ كەتسە، ئۇلاردا يۇقىرىقىدەك خاتا چۈشەنچە پەيدا بولۇپ قالىدۇ.

جىنسىي مۇھەببەتتىن ھاسىل بولغان مۇھەببەتنىڭ ئىزناسى زادى نېمە؟ ئەسەبىيلەرچە جىنسىي مۇھەببەت بولسىلا، ياكى بەلگىلىك جىنسىي ماھارەتنى ئىگىلىۋالسىلا كۇپايە قىلامدۇ؟ ياق. ئەمەلىيەتتە، مەنىۋى جەھەتتىكى مۇھەببەت يەنىلا ھەممىدىن مۇقەددەس بولسا كېرەك. ئەگەر مەنىۋى جەھەتتىكى مۇھەببەت بولمايدىكەن، مۇھەببەت قۇرۇق شەكىلگە ئايلىنىپ قالىدۇ، خالاس.

# 12. ئىشق ـ مۇھەببەت بىلەن توي قىلىش بىر گەپ ئەمەس

***جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈلگەنىكەن، توي قىلىش كېرەك، دەيدىغان قاراشنى نۇرغۇن ئەرلەر ھەقىقەتەن قوبۇل قىلالمايدۇ. ئۇلارغا نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىشق ـ مۇھەببەت بىلەن توي قىلىش ھېچقانداق مۇقەررەر باغلىنىشى بولمىغان ئىككى ئۇقۇمدۇر.***

نۇرغۇن ئەرلەر مۇھەببەتلىشىش بىلەن توي قىلىشنى ھېچقانداق مۇئەييەن باغلىنىشى يوق ئىككى ئىش دەپ قارايدۇ.

گەرچە ھەر بىر جۈپ ئاشىق ـ مەشۇقلار ئوخشۇشلۇق راۋاجلىنىپ كېتەلىسە، بۇ ئىنتايىن ئوبدان بولغىنى. بىراق، ياخشى نىيەت بىلەن باشلانغان نۇرغۇن ئىشلارنىڭ ياخشى نەتىجە بىلەن ئاخىرلىشىشى ناتايىن. تۆۋەندە بىز توي قىلىش ئالدىدا تۇرغان بەزى ئەرلەرنىڭ مۇھەببەت ھەققىدىكى ھەقىقىي ئويى توغرىسىدا ئىزدىنىپ باقايلى.

20 ياشتىن ئەمدىلا ھالقىغان، توي قىلىشنى تېخى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن ئەرلەرگە نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، بىرلىكتە خۇشال ـ خۇرام كۈن ئۆتكۈزۈشنى خالايدىغان قىزلار ئۇلار ئۈچۈن ئەڭ مۇۋاپىق ھەمراھ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئاتالمىش «بىرلىكتە خۇشال ـ خۇرام كۈن ئۆتكۈزۈش» دېگىنىمىز،

قىلىش، ئوخشاش قىزىقىشلاردىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇش، شۇنىڭدەك كۆڭۈللۈك جىنسىي تۇرمۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەرخەقتە تېخى توي قىلىش ئويى بولمىغانىكەن، ئۇ ھالدا، ئۇلارغا نىسبەتەن ئەڭ جەلپ قىلارلىق نەرسە ئائىلە بولماستىن، بەلكى ئوچۇق ھېسسىياتقا باي قىزلاردۇر.

ئەرلەر ھېچ ئىشتىن ھېچ ئىش يوقلا توي قىلىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، قارشى تەرەپنىڭ بېشىغا بىر ئۆينى كىيگۈزمەكچى بولغان ئاياللاردىن بەك ئۆزىنى قاچۇرىدۇ. بۇنداق ئەرلەر يەنىلا بويتاق يۈرۈشنى كۆڭۈلگە پۈكۈپ، غەمسىز تۇرمۇشنىڭ پەيزىنى سۈرۈۋاتقان چاغدا، ئاياللار ئاللىقاچان بالدۇرراق توي قىلىپ، ئىللىق ئائىلە قۇرۇۋېلىشنىڭ تەييارلىقىنى باشلىۋېتىدۇ. بۇنداق ئەرلەر قارشى تەرەپنىڭ ئاشۇ ئويىنى سېزىۋالغان ھامان، ئۇلارنىڭ تۇنجى ئىنكاسى «ئاپلا، چاتاق بولدى!» دېگەندىن ئىبارەت بولىدۇ ـ دە، چېكىنىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىشقا باشلايدۇ.

شۇنىڭ بىلەن، ئايال كىشى «بىز بۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلىمىز؟»، «پالانچىلار توي قىلىپ بولدى»، «ئۆيدىكىلەر ئالدىرىتىۋاتىدۇ» دېگەندەك گەپلەر ئارقىلىق، سىپايىلىق بىلەن ئەر تەرەپكە توي قىلىش تەلىپىنى قويىدۇ.

ئەرلەر ناۋادا ئېنىق بىر نېمە دېمىسە، ئاياللار شۇ ئان پۇتى كۆيگەن توخۇدەك تىت ـ تىت بولۇپ، ئەرلەرگە: «سىزنىڭ مەن بىلەن توي قىلغىڭىز بارمۇ ـ يوق؟»، «مېنى ئەخمەق قىلماقچىمۇيە؟» دېگەندەك ئەرلەرنىڭ ئەڭ بېشى ئاغرىيدىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەرلەرنىڭ زىتىغا تېگىدىغان ئەيىبلەش مەنىسىدىكى سوئاللارنى سورايدۇ.

جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈلگەنىكەن، توي قىلىش كېرەك، دەيدىغان قاراشنى نۇرغۇن ئەرلەر قوبۇل قىلالمايدۇ. ئەگەر بۇ خىل قاراشقا قوشۇلغاندا «توي قىلىشنى خالىمىسا، مۇھەببەتلىشىشكە بولمايدۇ» دېگەن لوگىكىغا قوشۇلغان بولىدۇ. بۇنداق ئەرلەر، ناۋادا تېخى يېڭى كېلىنىنىڭ جەزمەن قىزلىقى بولۇشىنى تەلەپ قىلىدىغان، قىممەت قارشى ئىنتايىن مۇتەئەسسىپ بولغان، فېئوداللىق دەۋرىدە تۇرغان بولساق ئىدۇق، بۇ خىل قاراشنى

ئېھتىمال كىشىلەر قوبۇل قىلىشى مۇمكىن ئىدى، دەپ قارايدۇ.

ئۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا، توي قىلىش بىلەن ئىشق ـ مۇھەببەتنى باشقا ـ باشقا ئىككى گەپ دەپ قارايدىغان ئاياللار ناھايىتى ئاز. ئاياللار كۆپ ھاللاردا توي قىلىشنى ئىشق ـ مۇھەببەتنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى دەپ چۈشىنىدۇ. كۆپتۇرۇپراق ئېيتقاندا، قارشى تەرەپ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن ئاشۇ كۈندىن باشلاپ، ئاياللار شۇ ئەر بىلەن توي قىلىشنى ئويلاشقا باشلايدۇ.

ۋەھالەنكى، بەزى ئەرلەرنىڭ ئاياللارغا بولغان مۇھەببىتىنى ئۇنچىلا كۈچلۈك دەپ كەتكىلى بولمايدۇ. ئۇلارغا نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىشق ـ مۇھەببەت بىلەن توي قىلىش ھېچقانداق مۇقەررەر باغلىنىشى بولمىغان ئىككى ئۇقۇمدۇر.

# 13. ئىشق ـ مۇھەببەت بىلەن تەنھەرىكەت، شىشىخال ئوخشاشلا مۇھىم

*ئۆزىنىڭ قىز دوستىنى مەيلى قانچىلىك ياخشى كۆرۈپ كەتسۇن، بەزى ئەرلەرنىڭ ھامان ئۆزىگە تەئەللۇق غايىسى بولىدۇ. ئالايلۇق، يەلكەنلىك كېمىنى ھەيدەپ بىر ئاي دېڭىزدا ساياھەت قىلىپ كېلىش ياكى ئەر دوستى بىلەن بىر نەچچە كۈن گولف توپى ئويناپ كېلىش قاتارلىقلار. ئۇلار ئۆزىنىڭ دۇنياسىغا غەرق بولۇشنى ھەم باشقىلارنىڭ پاراكەندە قىلماسلىقىنى ئۈمىد قىلىدۇ.*

بەزى ئەرلەرگە نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىشق ـ مۇھەببەت، تەنھەرىكەت ۋە شىشىخالنىڭ ئۇلار قەلبىدىكى ئورنى ئانچە پەرقلىنىپ كەيمەيدۇ. ئاڭلىنىشتا بۇ بىر ئاز شەپقەتسىزلىكتەك تويۇلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئىشق ـ مۇھەببەت ھەقىقەتەن مۇتلەق ئۈستۈنلۈككە ئىگە ئەمەس. بۇنداق ئەرلەر قىز دوستى بىلەن كۆرۈشۈشنى ئويلاشتىن سىرت، يەنە ساياھەت قىلىپ كېلىش، قارلىق تاغلارغا بېرىپ چاڭغا تېيىلىپ كېلىش، ھاراق ئىچىش قاتارلىقلارنىمۇ ئوخشاشلا كۈچلۈك ئارزۇ قىلىدۇ.

يەنە بىر تەرەپتىن، كۆپ سانلىق ئاياللار مۇھەببەت باغلىغان ھامان، مۇھەببەت ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بارلىقىنى بېغىشلايدۇ. تەنھەرىكەت قاتارلىق كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىگە سېلىشتۇرغاندا، مۇھەببەت ئۇلارنىڭ قەلبىدە يۈكسەك ئورۇنغا ئىگە بولۇپ، باشقا ئىشلار ئۇنىڭ ئالدىدا ھېچنېمىگە

ئەرزىمەيدۇ.

شۇڭا، مۇشۇنداق خىيالدا بولغان ئاياللار مۇھەببەت باغلىغاندىن كېيىن، قارشى تەرەپنىڭمۇ ئۆزىگە ئوخشاش مۇھەببەتكە بېرىلىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ ـ دە، نەتىجىدە، بەزىبىر ھاجەتسىز زىددىيەتلەر كېلىپ چىقىدۇ.

يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، كۆپىنچە ئەرلەر شىشىخال ئويناشقا بېرىلىپ كەتكەنلىكتىن، نۇرغۇن ئائىلىلەردە شۇ سەۋەبلىك جېدەل ـ ماجىرانىڭ ئايىغى زادىلا ئۈزۈلمىدى. ئەرلەر شىشىخال ئويناشقا كىرىشكەن ھامان كېچە ـ كېچىلەپ ئۆيگە قايتمايدىغان بولۇۋالدى. بۇنىڭ بىلەن، ئاياللار قاتتىق غەزەپكە كېلىپ:

«سىزگە مەن مۇھىممۇ؟ شىشىخالمۇ؟» دەپ ئېرىنى ئەيىبلەشكە باشلىدى.

گەرچە بۇنىڭدىن ئەرلەرنىڭ كۆڭلى بىئارام بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار بۇنىڭلىق بىلەن شىشىخال ئويناشنى تاشلىغىنى يوق. بۇ ئەرلەرگە نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىشىق ـ مۇھەببەت بىلەن تەنھەرىكەت، شىشىخال ئوخشاشلا مۇھىم. بىراق، ئاياللارغا بۇنى دېگىلى بولمايدۇ. ئۇنداق دېگەندە، ئاياللارنىڭ غەزىپى كەلمەي قالمايدۇ. شۇڭا، نائىلاج: «ئەلۋەتتە سىزدە!» دەپلا قۇتۇلغان تۇزۇك.

ناۋادا ئايالى: «ئۇنداق بولغانىكەن، بۇنىڭدىن كېيىن، ئىككىنچىلەپ شىشىخال ئويىنىمايسىز» دەپ تۇرۇۋالسا، ئۇ ھالدا ئەرلەر ئايالىنىڭ ئۆزىنى چۈشەنمىگەنلىكىدىن ئۈمىدسىزلىنىدۇ. بۇنداق ئىش تەكرارلىنىۋەرسە، ئەرلەر ئۆزىنى دائىم كىشەنلەپ يۈرۈيدىغان ئاياللاردىن تەبىئىي ھالدا بىزار بولىدۇ ـ دە، پۇرسەت تاپسىلا ئۇنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇشقا ئۇرۇنىدۇ.

مەيلى ئۆزىنىڭ قىز دوستىنى قانچىلىك ياخشى كۆرۈپ كەتسۇن، بەزى ئەرلەرنىڭ ھامان ئۆزىگە تەئەللۇق غايىسى بولىدۇ. ئالايلۇق، يەلكەنلىك كېمىنى ھەيدەپ دېڭىزدا بىر ئاي ساياھەت قىلىپ كېلىش، ياكى ئەر دوستلىرى بىلەن بىر نەچچە كۈن گولف توپ ئويناپ كېلىش قاتارلىقلار.

قىلماسلىقىنى ئۈمىد قىلىدۇ.

قىز دوستى بىلەن بىر مەزگىل كۆرۈشمىگەندىن كېيىن، ئەرلەر يەنە قىز دوستىنى كۆرۈشكە ئالدىرايدۇ. بۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇنداق ئەرلەرنى بىر خىل خاھىشچانلىقى ناھايىتى كۈچلۈك مەخلۇق دېسەك دەل جايىغا تەگكۈزگەن بولىمىز. ئەرلەرنىڭ خاھىشچانلىقى ئۇلارنىڭ ھەر قانداق ئىشنى ئۆز مەيلىچە بىر تەرەپ قىلىدىغانلىقىدا كۆرۈلىدۇ. ئاياللار ناۋادا ئەرلەر بىلەن بىر مەزگىل بىللە ياشاپ باققان بولسا، بۇ ھەقتە بىر قەدەر چوڭقۇر تونۇشقا ئىگە بولغان بولىدۇ.

بۇنداق مىجەزدىكى ئەرلەر توي قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئىپادىسىدە ئادەتتە ئۆزگىرىش بولمايدۇ. بۇ ئۇنىڭ ئائىلىسىگە قەستەن سەل قارىغانلىقى ياكى ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئۇنتۇپ قالغىنى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، نۆۋەتتە يەنە ئائىلىگە ئوخشاش مۇھىم ئىشلارنىڭ ئۇنىڭ قىلىشىنى كۈتۈپ تۇرغانلىقىدا. ئۇلارنىڭ ھەقىقىي ئويىنى بىر ئېغىز گەپ بىلەن يىغىنچاقلىغاندا، : «مەن بەربىر قايتىپ كېلىمەن، شۇڭا سىز ھازىرچە كوتۇلدىماي تۇرۇڭ.» دېگەندىن ئىبارەتلا، خالاس.

شۇنداق پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى، بارلىق ئاياللارنىڭ بۇ خىل ئەرلەرگە تەئەللۇق بولغان ئىجتىمائىي قائىدىنى چۈشىنىپ كېتەلىشى ھەم ئۇنى قوبۇل قىلالىشى ناتايىن. خۇددى بەزى ئەرلەر ئىشلارنى ئۆز خاھىشى بويىچە بىر تەرەپ قىلغىنىغا ئوخشاش، ئاياللارمۇ مەسىلىلەرنى ھەر دائىم ئاياللارنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ ئويلايدۇ.

مەسىلەن: بىر ئايال ئېرىگە مەن رومانتىكىلىق پۇراقتا ئىگە ھەم تەۋەككۈلچىلىك روھىغا باي ئەرلەرنى ياقتۇرىمەن دېگەن، بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئېرى شۇئان يەلكەنلىك كېمە ھەيدەپ (ئۇ ھېچقاچان بۇنداق كېمىنى ھەيدەپ باقمىغان) ئۈچ ئاي دېڭىز سەپىرى قىلماقچى بولغان. بۇ چاغدا ئايالىنىڭ چىرايىدا قان دىدارى قالمىغان. شۇنىڭ بىلەن، ئەر ئايالىغا: «تەۋەككۈلچىلىك روھىغا باي ئەرگە تۇرامسىز ـ ماڭىمۇ؟» دېگەن. بۇنىڭ بىلەن، ئايالى لام ـ جىم دېيەلمەي قالغان.

بۇنداق چاغدا يەنە بەزى ئاياللار: «ئۇنداق بولسا مېنىمۇ بىللە ئاپىرىڭ» دەپ يالۋۇرۇشى مۇمكىن. بۇنىڭغا مۇتلەق كۆپ سانلىق ئەرلەرنىڭ بېرىدىغان جاۋابى: «NO!» دېگەندىن ئىبارەت بولىدۇ.

بۇ قىز دوستىنى بىللە ئېلىپ بېرىشنى خالىمىغانلىقى ئەمەس، بەلكى مەيلى خىزمەت بولسۇن، مەيلى شىشىخال بولسۇن، مەيلى يەلكەنلىك كېمە بولسۇن، ئىشقىلىپ ئەرلەر ھەۋەس قىلىدىغان پائالىيەتلا بولىدىكەن، ھەممىسى ئەرلەرنى ئاساس قىلغان جەمئىيەتتە ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئەگەر قىز دوستى ياكى ئايالىنى ئېلىپ بارسا، ئەرلەر دۇنياسىنىڭ تەرتىپىنى بۇزۇۋېتىش ئېھتىمالى بولۇپلا قالماستىن، ئۇنىڭ ئەر دوستلىرى بىلەن بولغان دوستلۇق مېھرىگىمۇ تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن.

ئەرلەر بۇ خىل دوستلۇقنى ئالاھىدە قەدىرلەيدۇ، دوستلۇقنىڭ ئۇلار قەلبىدىكى ئورنى كۆپ ھاللاردا شۇ خىلدىكى ئاياللار قەلبىدىكى ئورنىدىن ئېشىپ كېتىدۇ.

بۇنىڭ سەۋەبى ناھايىتى ئاددىي، ئەرلەر ئەگەر دوستلۇق مېھرىدىن مەھرۇم قالسا، بۇ ئۇنىڭ ئەرلەر جەمئىيىتىدىن ئايرىلىپ قېلىپ، ئەڭ ئاخىر بىر يېگانە بۆرىگە ئايلىنىپ قالغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شۇڭا، ھېچقانداق ئەر بۇنداق ئاقىۋەتكە قېلىشنى خالىمايدۇ.

ئەرلەر بالىلىق چاغلىرىدىن باشلاپلا بۇ خىل قىممەت قارىشىغا ئىگە. شۇڭا، ئۇلار ئەرلەر جەمئىيىتىدە ئۆزىنىڭ ئورنىنى تۇرغۇزۇش ئۈچۈن بۇ خىل دوستلۇقنى خۇددى ئايالى ۋە قىز دوستىنى قەدىرلىگەنگە ئوخشاش قەدىرلەيدۇ.

# 14. ئەرلەرنىڭ ئوبيېكت تاللىشى

***بەزىلەر: «خوتۇن بولىدىغان ۋە ئاشنا بولىدىغان ئاياللارنى پەرقلەندۈرۈش لازىم.» دەيدۇ. نۆۋەتتە، مۇشۇنداق قاراشنىڭ تۈرتكىسى ئاستىدا، نۇرغۇنلىغان ئەرلەر ئىندىۋىدۇئاللىققا باي، تاشقى كۆرۈنۈشى چىرايلىق، ئادەمنىڭ جىنسىي ھەۋىسىنى قوزغايدىغان ئاشنىغا ئىگە بولۇش بىر بىلەن بىرگە، يەنە تاشقى كۆرۈنۈشى ئادەتتىكىچە، مىجەزى ئوڭلۇق ۋە مۇلايىم، پاك ئائىلىدىن چىققان قىزلارنى توي قىلىش ئوبيېكتى قىلىپ تاللايدۇ.***

توي قىلىشنى كونكرېتنى ئويلىنىش باسقۇچىغا كىرگەن ئەرلەر ئادەتتە قانداق ئاياللارنى توي قىلىش ئوبيېكتى قىلىپ تاللايدۇ؟

بەزىلەر مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئەرلەر قىزلارنىڭ چىراي شەكلى، فىگۇرىسىنى ئەڭ مۇھىم شەرت قىلىدۇ، قىزلار قانچە چىرايلىق بولسا، ئەرلەرنىڭ شۇنچە قارشى ئېلىشىغا ئېرىشىدۇ، دەپ قارشى مۇمكىن.

ئەمما ئەمەلىيەتتە بولسا نۇرغۇنلىغان ئەرلەر قىزلارنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىگە ئۇنچىۋالا ئېتىۋار بېرىپ كەتمەيدۇ. چىراي ـ شەكلى ئادەتتىكىچىرەك بولسىمۇ ئائىلە ئىشلىرىغا پىششىق، مىجەزى ئوڭلۇق، يەنە كېلىپ ئۆزىنى ھەقىقى ياخشى كۆرىدىغان قىزلارنى ئەرلەر ئۆزلىرىگە مەڭگۈلۈك ھەمراھ قىلىشنى ئويلايدۇ. ئەلۋەتتە مۇشۇ ئاساستا گۈزەل

چىرايغا ئىگە بولغان بولسا كىمخاب ئۈستىگە گۈل باسقاندەك تېخىمۇ ياخشى بولغىنى شۇ. بىراق، ئۆزىنى سورىغان شەھەر سوراپتۇ دېگەندەك، كۆپىنچە ئەرلەر ئۇنداقلارغا ئۆزىنى بەك ئۇرۇپ كەتمەيدۇ.

ئىش كۆرگەن، جەمئىيەتتە قاتتىق چېنىققان ئەرلەر، تويي قىلىشقا نىسبەتەن ئايالىلارغا ئوخشاش دائىم خام خىيالدا بولۇپ يۈرمەيدۇ، بەلكى تەمكىنلىك بىلەن ئۆز ئەتراپىنى كۆزىتىپ، ئۆزىگە لايىق كېلىدىغان قىزلارنى تاللايدۇ. مۇنداق بىر نۇقتىغا جەزمەن دىققەت قىلىش كېرەككى، بەزى ئەرلەر دائىم مۇھەببەتلەشكەن چاغدا بىر ياڭزا گەپ قىلىدۇ، ئەمەلىي تۇرمۇشتا بولسا يەنە بىر ياڭزا ئىش قىلىدۇ. بولۇپمۇ، بولغۇسى ئايالى ئۆزىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بىلەن ئەپ ئۆتەلەمدۇ ـ يوق، ئائىلىگە ئەستايىدىل غەمخورلۇق قىلامدۇ ـ يوق؟ دېگەندەك مەسىلىلەردە، ئەرلەرنىڭ ئۆيى كۆپىنچە مۇتەئەسسىپرەك كېلىدۇ. رېئال تۇرمۇشتا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قارشى تۇرۇشى بىلەن نىكاھتىن يېنىشىپ كېتىدىغان مىسالىلار ئاز ئەمەس، سېلىشتۇرۇپ كۆرگەندە بۇ جەھەتتە ئەرلەر ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىڭ باھاسى ۋە ئىنكاسىغا بىرقەدەر ئېتىبار بېرىدۇ. ئەرلەر: كېيىن ئاتا ـ ئانا ۋە خوتۇن ئوتتۇرىسىدا تەڭقىسلىقتا قالغاندىن كۆرە، ئاتا ـ ئانىنىڭ رازىلىقى بىلەن تويي قىلغان تۈزۈك، دەپ قارايدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئەرلەر ئادەتتە مۇشۇ ئىش ئۈچۈن ئاتا ـ ئانىسىنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىشنى خالىمايدۇ. ئىلگىرىكىگە سېلىشتۇرغاندا، ھازىر بۇ خىل قاراشقا ئىگە ئەرلەر خېلى كۆپىيىپ قالدى، بۇ ئېھتىمال يالغۇز پەرزەنتلەر، شۇنىڭدەك ئاتا ـ ئانىسىدىن ئايرىلىپ باقمىغان ياشلار سانىنىڭ كۆپىيىپ بارغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك!

شىركەت خادىملىرى ئىچىدە، «ۋاپادار ئايال يېرىم دۆلەت»، «ئەرنى ئەر قىلغانمۇ خوتۇن، يەر قىلغانمۇ خوتۇن» دېگەندەك سۆزلەر تارقالغان. شىركەتتىكى خىزمەتداشلىرىنى ئۆيىگە مېھمان بولۇشقا تەكلىپ قىلغاندا ياكى باشلىقىنىڭ ئۆيىگە بارغاندا، ئەرلەر ئايالىنىڭ مەردانە بولۇپ،

خەجلەش ئادىتى، ئائىلە مۇھىتىغىمۇ ناھايىتى ئېتىبار بېرىدۇ.

ئەرلەرنىڭ بۇنداق مۇتەئەسسىپ ۋە مەنپەئەتپەرەسلىك روھىي ھالىتى، ئۇلارنىڭ جەمئىيەتتە ئوينىغان رولى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئېدىتلىق ۋە نازاكەتلىك ئايالنىڭ بولۇشى، شۇ كىشىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىياتىغا ئىنتايىن پايدىلىق. باشلىقنىڭ: «ئايالىڭ جايىدا جۇمۇ!» دېگەندەك بىرەر ئېغىز ماختاش سۆزى، ئۇنىڭ ئايالىغا بېرىلگەن باھا بولۇپلا قالماستىن، شۇ ئايالنىڭ ئېرى بولمىش ئۆزىنى مۇئەييەنلەشتۇرگەنگە باراۋەر. شۇڭا، ناھايىتى كۆپلىگەن ئەرلەر ئۆزىگە خوتۇن تاللىغاندا: چىرايى ئادەتتىكىچە، ئەمما ئوبدان تەربىيە كۆرگەن ئاياللار، ئېنىقكى ھېلىقىندەك پەقەت تاشقى كۆرۈنۈشلا ئادەمنى جەلپ قىلىدىغان ئاياللارنى بېسىپ چۈشىدۇ، دەپ قارايدۇ.

بەزىلەر: «خوتۇن بولىدىغان ۋە ئاشنا بولىدىغان ئاياللارنى پەرقلەندۇرۇش لازىم.» دەيدۇ. نۆۋەتتە، مۇشۇنداق قاراشنىڭ تۇرۇتكىسى ئاستىدا، نۇرغۇنلىغان ئەرلەر ئىندىۋىدۇئاللىقا باي، تاشقى كۆرۈنۈشى چىرايلىق، ئادەمنىڭ جىنسىي ھەۋىسىنى قوزغايدىغان ئاشنىغا ئىگە بولۇش بىلەن بىرگە، يەنە تاشقى كۆرۈنۈشى ئادەتتىكىچە، مىجەزى ئوچۇق ھەم مۇلايىم، پاك ئائىلىدىن چىققان قىزلارنى توي قىلىش ئوبيېكتى قىلىپ تاللايدۇ.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئاياللارغا سېلىشتۇرغاندا، كۆپ ساندىكى ئەرلەر توي قىلىشتا رېئال مەنپەئەتكە تېخىمۇ بەكرەك ئېتىبار بېرىدۇ، ئۇلارنى توي قىلىشقا ھەيدەكچىلىك قىلغان ئامىللار ئىچىدە، رېئال نەرسىلەر مۇھەببەتتىن كۆپتۇر.

# 15. ئەرلەر دائىم ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلەشنى ئويلايدۇ

***كۆپ قىسىم ئەرلەر ئايالىنىڭ گۈزەل چىرايىغا، ئېسىل ئائىلىدىن چىققانلىقىغا نىسبەتەن پەخىرلىنىش ھېسسىياتىدا بولىدۇ، ۋەھالەنكى، ئايالىنىڭ بىلىم سەۋىيىسى، شۇنىڭدەك تەربىيىلىنىشى ئۆزىدىن ئېشىپ كەتسە، ئۇلار كۆپ ھاللاردا ئېقرار قىلىشنى خالىمايدۇ.***

نۇرغۇنلىغان ئەرلەر دائىم ئۆزىنىڭ ھەممە جەھەتتە ئالدىنقى قاتاردا تۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئەگەر نىكاھ ئىشىدا ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىيەلمىسە، ئۇلار ئۆزىنىڭ پسىخىك جەھەتتىكى تەڭپۇڭلۇقىنى يوقىتىپ قويىدۇ. شۇڭا، ئەرلەر ئايالىنىڭ مۇلايىم ۋە كەمتەر بولۇشىنى، تۇرمۇشىنىڭ ئېغىرلىق مەركىزىنى ئائىلىگە قارىتىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئۇلار شۇنداق بولغاندا ئايالىم تاشقى مۇھىت بىلەن بارا ـ بارا ياتلىشىدۇ ـ دە، ئۆزۈم ئۇستۇنلۇكنى ساقلاپ قالالايمەن، دەپ قارايدۇ. بۇ خىل ئوي قارىماققا كۈلكىلىكتەك تۇيۇلسىمۇ، ئاشۇ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسى كەمچىل ئەرلەرنىڭ غۇرۇرىنىڭ زىيانغا ئۇچرىشىدىن قورقۇش پسىخىكىسىنى ھەقىقىي ئەكس ئەتتۇرۇپ بەرگەن.

شۇ خىلدىكى ئەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى خىزمەت ئىقتىدارى ئۆزىدىن ئېشىپ چۈشىدىغان ئاياللار ياكى ئوقۇش تارىخى ئۆزىدىن ئۇستۇن ئاياللار بىلەن تويلىشىشنى خالىمايدۇ. ئەلۋەتتە، بۇنىڭ ئەكسىچە ئۆزىنىڭ شۇ جەھەتتىكى ئۇستۇنلۇكىنى پەش قىلىپ ھاكاۋۇرلىشىۋالىدىغان ئەرلەرمۇ يوق

قىلىدۇ، خالاس.

تەكىتلەشكە تېگىشلىك يېرى شۇكى، كۆپ قىسىم ئەرلەر ئائىلىنىڭ گۈزەل چىرايىغا، ئېسىل ئائىلىدىن چىققانلىقىغا نىسبەتەن پەخىرلىنىش ھېسسىياتىدا بولىدۇ. ۋەھالەنكى، ئائىلىنىڭ بىلىم سەۋىيىسى، شۇنىڭدەك تەربىيىلىنىشى ئۆزىدىن ئېشىپ كەتسە، ئۇلار كۆپ ھاللاردا ئىقرار قىلىشنى خالىمايدۇ.

ئوقۇش تارىخى ئۈستۈن، قابىلىيەتلىك ئائىلىلار ئالدىدا، ئەرلەر دائىم ئالاقزادە بولۇپلا يۈرىدۇ. چۈنكى، ئۇلار بىلەن تۇرمۇش قۇرغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت دائىرىسى ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت باغلاش ئىقتىدارى ئۆزىنى بېسىپ چۈشىدۇ ـ دە، ئۆزى بارا ـ بارا پەسكويغا چۈشۈپ قالىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇنداق ئائىلىلار جەمئىيەتتە ئوڭايلا باشقا ئەرلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغايدۇ، بۇنىڭ بىلەن باشقا ئەرلەرنى ئېرى بىلەن سېلىشتۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىدۇ ـ دە، ئەرلەر تېخىمۇ پاسسىپ ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ.

ئالغا ئىنتىلىش روھىغا باي، خىزمەت ئىقتىدارى كۈرۈنەرلىك ئائىلىلارنى ئەرلەر ياقتۇرۇپ قېلىپ، ئۇلارغا توي قىلىش تەكلىپىنى قويغان تەقدىردىمۇ، كۆپ ھاللاردا ئائىلىسىنىڭ قارشى تۇرۇشىغا ئۇچرايدۇ. بۇ ئانىلار مەيلى ئائىلىلار ئۆز خىزمىتىدە قانچىلىك قابىلىيەتلىك بولۇپ كەتمىسۇن، ئائىلە ئىشلىرىغا كەلگەندە يارىمايدۇ دەپ تورۇۋۇالىدۇ، كىچىكىدىن تارتىپلا ئانىسىنىڭ زىيادە ئامراقلىقىدا ئۆسكەن ئەرلەر كۆنسايىن كۆپىيىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، بۇ ئانىلارنىڭ پىكرى خېلى خېرىدارلىق بولۇپ قالدى.

گەرچە، ھازىرقى زاماندا ئائىلىلارنىڭ ئىجتىمائىي سەھنىلەرنى جانلاندۇرۇۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى مىساللار ئاز بولمىسىمۇ، ئەمما ئەرلەردىكى بۇ خىل پسىخىك ھالەت ھېچقانچە ئۆزگەرمىدى. ئەرلەرنىڭ قەلبىدە، يەنىلا ئائىلىم ئانامغا ئوخشاش ھەممە تەلىپىمنى شەرتسىز قوبۇل قىلىسىكەن، ئۆزىنىڭ شەخسىيىتىدىن كېچىپ مېنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللىسىكەن، دەيدىغان ئوي يوشۇرۇنغان.

نۇرغۇنلىغان ئاياللار بۇ پەقەت ئەرلەرنىڭ ئورۇنسىز تەلىپىدىن ئىبارەت دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا، ھەر بىر ئەركىشىدە ئازدۇر - كۆپتۇر بۇ خىل ئوي بولىدۇ. ئەرلەرنىڭ يالغۇزلۇق ھېس قىلىغاندا، ياردەمگە موھتاج بولغاندا، توي قىلىشنى ئۈمىد قىلىشىمۇ، مۇشۇ خىل ئويدا ئىككەنلىكىنىڭ كونكرېتنى ئىپادىسى. بۇنىڭغا قارىتا، ئاشۇ ئاياللار تۆۋەندىكىدەك ئىنكاس قايتۇرۇشى مۇمكىن: «شۇمۇ گەپمۇ، مەن يە سىزنىڭ ئاپىڭىز بولمىسام».

بۇنداق دېيىش ئېھتىمال توغرىدۇر. بىراق ئىنچىكىلىك بىلەن ئويلىغاندا، ئايال كىشىمۇ بەزى چاغلاردا ئېرىدىن ياكى يۇرگىنىدىن ئۆزىگە ئاتا مۇھەببىتى ياكى دوستلۇق مېھرىگە ئوخشاش بىر نېمىلەرنى ھەدىيە قىلىشنى ئۈمىد قىلىدۇ ئەمەسمۇ؟

ئومۇمەن، ئاتالمىش نىكاھ ئىشى يالغۇز بىر جۈپ ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ بىرلىشىشىلا ئەمەس. ئۇلار ئۆزئارا ئاتا - ئانا ياكى دوستلارنىڭ رولىنى ئوينايدۇ، لازىم بولغاندا ھەر قايسىسى بالىلاردەك سەبىيلىكنى نامايان قىلىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى نىكاھلىق تۇرمۇشنىڭ تەركىبىي قىسمىدۇر. ئەگەر بۇنداق بولمىغاندا، ئۇنى ھەقىقىي نىكاھلىق تۇرمۇش دېگىلى بولمايدۇ.

## 16. تويي قىلىش بالا تۇغۇش دېمەكتۇر

*ئەرلەر ئادەتتە تويي قىلىش بالا تۇغۇش دېمەكتۇر دەپ قارايدۇ. شۇڭا، تويي قىلىشنى قارار قىلغان چاغدا، بۇ نۇقتا ناھايىتى زور رول ئوينايدۇ. تويي قىلىش ئوبيېكتى تاللىغان چاغدا، ئەرلەر ئالدى بىلەن ئۆزىگە بالا تۇغۇپ بېرەلەيدىغان ھەمدە بالىلارنى ئەستايىدىل بېقىپ چوڭ قىلالايدىغان ئاياللارنى ئويلىشىدۇ. شۇڭا، قارشى تەرەپ مەيلى قانچىلىك چىرايلىق بولۇپ كەتمىسۇن، ناۋادا ئۇ كۆڭۈل ئېچىش ياكى خىزمەتنى بالا تۇغۇش ۋە تەربىيىلەپ چوڭ قىلىشتىنمۇ مۇھىم بىلىدىكەن ياكى دىتسىز بولىدىكەن، ئۇ ھالدا، ئۇلارنىڭ ئەرلەر تويي قىلغاندا ئويلىشىدىغان ئوبيېكتى بولالىشى ناتايىن.*

ئەرلەرنىڭ تويي قىلغاندىن كېيىن، پەرزەنت كۆرۈش ئارزۇسى ئاياللارغا قارىغاندا كۈچلۈكرەك بولىدۇ.

ئەرلەرگە نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئاتالمىش نىكاھلىق تۇرمۇش ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئايال بىلەن بىرگە بىر ياستۇققا باش قويۇپ، ياشاشقا، يەنە ئۇنىڭ ئۆزى ئۈچۈن ئەۋلاد قالدۇرۇپ بېرىدىغانلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئالدىنقىسىغا ئوخشاش، كېيىنكىسىمۇ تويي قىلىش ـ قىلماسلىقنى بەلگىلەيدىغان مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرىدۇر.

ئەلۋەتتە بالا ئېلىشنى خالىمايدىغان ئەرلەرمۇ بار. ئۇلار قىز تەرەپ بىلەن

بۇ ھەقتە بىردەك پىكىرگە كەلگەندىن كېيىن، ئاندىن توي قىلىدۇ. بىراق، بۇ ئىنتايىن ئاز ئۇچرايدىغان ئەھۋالدۇر. كۆپ ساندىكى ئەرلەرنىڭ ھەممىسى توي قىلىش ـ ئائىلە باشقۇرۇش ۋە پەرزەنت بېقىش، دەپ قارايدۇ، يەنە كېلىپ بۇ ھەقتە، ئاجايىپ شېرىن خىياللارغا غەرق بولىدۇ. شۇڭا، بالا تۇغۇشنى خالىمايدىغان ئاياللارغا ئۇلار ھەرگىز يېقىن يولىمايدۇ.

ئەرلەرنىڭ پەرزەنتلىك بولۇشنى شۇقەدەر ئارزۇ قىلىشى، ئۇلارنىڭ مەڭگۈ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئىستىكىنىڭ كۈچلۈك بولغانلىقىدا.

ئەگەر ئۆزى بىر ئۆمۈر مىڭ بىر جاپا ـ مۇشەققەتتە تىكلىگەن ئىگىلىكى ياكى تەئەللۇقاتلىرىنى ئەۋلادلىرىغا قالدۇرالىسا، بۇ ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلايدىغان ئەڭ ياخشى ئۇسۇلدۇر. لېكىن، كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغان يېرى شۇكى، ئۆزىنىڭ مۇراد ـ مەقسىتىگە يېتىپ بۇنداق قىلالايدىغانلار ئىنتايىن ئاز بولۇپ، مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئۆلۈمنىڭ يېتىپ كېلىشىگە ئەگىشىپ بۇ دۇنيادىن شەپقەتسىزلا يوقىلىپ كېتىدۇ.

ئىنساننىڭ ھاياتى چەكلىك. كىشىلەر مەيلى ئالتۇن ـ كۈمۈشكە كۆمۈلۈپ يۈرگەن بايلار بولسۇن، ياكى ھەممىگە قادىر پادشاھ ـ ۋەزىرلەر بولسۇن، ئاخىرقى ھېسابتا ھامان ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. شۇڭا، دائىم ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا ئۆزى ئۆلۈپ كېتىشتىن بۇرۇن، بۇ دۇنيادا نەسىل قالدۇرۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ.

ئەلۋەتتە، ئاياللارمۇ ئوخشاشلا ئۆلۈمدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. شۇڭا، قائىدە بويىچە ئېيتقاندا، ئۇلارمۇ ئوخشاشلا پەرزەنت قالدۇرۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئەمما، تەپسىلىي كۆزەتكەندىن كېيىن، بىز بۇ جەھەتتە ئەر ـ ئاياللار ئارىسىدا يەنىلا ئاز ـ تولا پەرقنىڭ بارلىقىنى بايقايمىز. ۋەھالەنكى، بۇ خىل پەرق ئىككى تەرەپ جىنسىي ماھىيىتىنىڭ ئوخشىمىغانلىقىدىن كېلىپ چىققان.

جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق، ئاياللار يېڭى ھاياتلىق پەيدا قىلىشى مۇمكىن، شۇڭا مەيلى ئۆزى ھېس قىلالىسۇن، ياكى ھېس

قىلىشقا يۈزلەنگەن جەريان دېيىشكە بولىدۇ.

ۋەھالەنكى، ئەرلەرنىڭ جىنسىي پائالىيىتى ناھايىتى قىسقا بولىدۇ. مەنى ئاققان ئاشۇ بىر دەقىقە بىلەنلا ئاخىرلىشىدۇ. گەرچە بۇ جەرياندا بەزى چاغلاردا ھەتتا زوراۋانلىق قىلىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلسىمۇ، ئەمما مەنى ئېقىش تامانلانغان ھامان، ھەممە ئىش ئاخىرلىشىدۇ.

كۆچلۈك ھۆزۈرلىنىش ئىچىدە، ئەرلەر بەدىنىدىكى قايناق ھېسسىياتنى چىقىرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، قېپقالىدىغىنى ئۆلۈمگە ئوخشاشلا يوقلۇق تۇيغۇسىدۇر. بۇ خىل تۇيغۇ قانچە چوڭقۇر بولغانسېرى، ئەرلەر ئۆزىنىڭ ئىرسىيەت گېنىنى قالدۇرۇشقا شۇنچە تەقەززا بولىدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئەرلەردىكى بۇ خىل تەرسالارچە نەسىل قالدۇرۇش ئىستىكى، ئۇلارنىڭ جىنسىي پائالىيىتىدىكى يوقلۇق تۇيغۇسى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك.

شۇڭا، ئاياللارنىڭ «ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئادىمى ئۈچۈن بالا تۇغۇپ بېرىش» دەيدىغان تولىمۇ تەبىئىي خىيالى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئەرلەرنىڭ ئارزۇسى ئۆز نەسلىنى قالدۇرۇشقا مايىلدۇر.

يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ تەھلىل قىلىپ كۆرىدىغان بولساق، بىز بالا تۇغۇشتىن ئىبارەت بۇ ئىشتا، ئاياللارنىڭ ئۆز كۆڭلىدىكى ئادەمگە ئوخشايدىغان بالا تۇغۇشنى ئويلايدىغانلىقىنى، ئەمما ئەرلەرنىڭ ئۆزى بىلەن ئانچە پەرقلەنمەيدىغان بالىلارنى قالدۇرۇپ قويۇشنى خالايدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. بۇ دەل ئەر ـ ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى نازۇك پەرقتۇر.

ئومۇمەن، ئەرلەر ئادەتتە توي قىلىش ـ بالا تۇغۇش دېمەكتۇر دەپ قارايدۇ. شۇڭا، توي قىلىشنى قارار قىلىدىغان چاغدا، بۇ نۇقتا ناھايىتى زور رول ئوينايدۇ. توي قىلىش ئوبيېكتىنى تاللىغان چاغدا، ئەرلەر ئالدى بىلەن ئۆزىگە بالا تۇغۇپ بېرەلەيدىغان ھەمدە بالىلارنى ئەستايىدىل بېقىپ چوڭ قىلالايدىغان ئاياللارنى ئويلىشىدۇ. شۇڭا، قارشى تەرەپ مەيلى قانچىلىك چىرايلىق بولۇپ كەتمىسۇن، ناۋادا ئۇ كۆڭۈل ئېچىش ياكى خىزمەتنى بالا تۇغۇش ۋە تەربىيىلەپ چوڭ قىلىشتىنمۇ مۇھىم بىلىدىكەن ياكى دىتسىز

بولىدىكەن، ئۇ ھالدا، ئۇنىڭ ئەرلەر توي قىلغاندا ئۆيلىنىشىدىغان ئوبيېكتى بولالىشى ناتايىن.

يېقىنقى يىللاردىن بېرى، ئىيتىشلارغا قارىغاندا بالا تۇغۇشنى ئۈمىد قىلىدىغان ئاياللارنىڭ سانى بۇرۇنقىغا قارىغاندا بىر ئاز كۆپەيگەن، ئەمما ئەرلەرگە نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، مۇتلەق كۆپ قىسمىنىڭ ھەممىسى ئوغۇل ئېلىشنى، بولۇپمۇ تۇنجى بالىسىنىڭ ئوغۇل بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدىكەن. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئوغلى ئۆزىگە تېخىمۇ يېقىن بولۇپ، ئۆزىگە ئىككى ئەۋلاد ئوتتۇرىسىدىكى قان بىلەن گۆشتەك مېھىر - مۇھەببەتنى تېخىمۇ ئېنىق ھېس قىلدۇرالايدىكەن.

نۇرغۇن ئەرلەرنىڭ بىر يېرىنى ئاياللار زادىلا چۈشىنىپ يېتەلمەيدۇ. ئۇ بولسىمۇ، بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن، ئېرىنىڭ ئۆزى ھامىلدار چېغىدىكى مۇلايىم ۋە كۆيۈمچانلىقىنىڭ تېزدىن يوقىلىپ كەتكەنلىكىدۇر. ئەلۋەتتە يەڭگىشتىن ئىبارەت بۇ مۇشكۇل ۋەزىپىنى ئادا قىلغان ئايالىغا قارىتا، ئەرلەر چەكسىز مىننەتدار بولىدۇ، ئەمما شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئەرلەر كۆڭۈل بۆلىدىغان مۇھىم نۇقتا بۇنىڭدىن كېيىن بالىنى قانداق تىنچ - ئامان بېقىپ چوڭ قىلىش كېرەك، دېگەن مەسىلىگە ئاغدۇرۇلىدۇ.

## 17. ئۇلار بىرلا ۋاقىتتا ئايالى ۋە ئاشىنىسىدىن تەڭلا بەھرىمەن بولۇشنى ئويلايدۇ

*ئاشۇ تىرىشىش ئارقىلىق مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن ئەرلەرگە نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ ئايالىغا ساداقەتسىزلىك قىلىشى ياكى سىرتلاردا «ئوۋ ئوۋلىشى» نى ئۇنىڭ ھاياتىدا مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەنلىكىنىڭ بەلگىسى دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ. ئەمما ئۇ مەغلۇپ بولغان ھامان، يەنە ئۆزىنى قايتىدىن ئايالىنىڭ قوينىغا ئاتىدۇ. ئېھتىمال نۇرغۇنلىغان ئاياللار بۇنىڭغا قارىتا ھەيران قېلىشى مۇمكىن، لېكىن ئەمەلىيەتتە ئايالى ۋە ئاشىنىسىدىن تەڭلا بەھرىمەن بولۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ.*

ئەرلەرنىڭ ساداقەتسىز ھەرىكەتلىرى قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە تۈگىگىنى يوق. گەرچە يېقىنقى ۋاقىتلاردىن بۇيان بۇ خىل ئەھۋال ئايالللاردىمۇ كۆپىيىشكە باشلىغان بولسىمۇ، ئەمما سان جەھەتتىن قارىغاندا، ئەرلەر يەنىلا مۇتلەق كۆپ ساننى ئىگىلەيدۇ.

بۇ خىل ئەھۋالنى تەبىئەت دۇنياسىدىمۇ ئۇچراتقىلى بولىدۇ. كۆپ قىسىم ھايۋاناتلارنىڭ ھەممىسى ئادەتتە بىر ئەركەك ھايۋان بىر نەچچە چىشى ھايۋانلار بىلەن جۈپلىشىش ئارقىلىق ئەۋلاد قالدۇرۇپ كۆپىيىپ بارىدۇ.

شۇڭا، بىز دائىم چىشى ھايۋانلارنى تالىشىش ئۈچۈن، ئەركەك ھايۋانلار ئارا قانلىق ئېلىشىشلارنىڭ بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى ئۇچرىتىپ تۇرىمىز. مەسىلەن، جەنۇبىي قۇتۇپتا ياشىغۇچى دېڭىز يىلپىزلىرىنى ئالساق، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئەڭ كۈچلۈك ئەركەك يىلپىز بىر توپ يىلپىزلار ئىچىدىكى بارلىق چىشى يىلپىزلارنى مونوپول قىلىۋالىدۇ. بۇ خۇددى پادىشاھلارنىڭ بىر تالاي كېنىزەكلىرى بولغانغا ئوخشاشلا بىر ئىش.

بىرەر ئاشخانىلارغا بېرىپ قالسىڭىز، ھامان بىر توپ مۈشۈكنىڭ چىشى مۈشۈك ئەتراپىدا پەرۋانە بولۇپ يۈرۈشكەنلىكىنى كۆرىسىز (ئۇنداق يەردە ئۇلار ئۈچۈن ئوزۇق - تۈلۈك يېتەرلىك بولىدۇ). كۈيلەش مەزگىلى يېتىپ كەلگەن ھامان، ئەركەك مۈشۈكلەرنىڭ سانى بىراقلا كۆپىيىدۇ - دە، چىشى مۈشۈكلەرنى تالىشىش ئۈچۈن ھەر ئاخشىمى چىرقىرىشىپ، سوقۇشىدۇ. بىراق، چىشى مۈشۈك ھامىلدار بولۇپ قالسا ياكى تۇغسا، شۇنچىلا كۆپ ئەركەك مۈشۈكلەرنىڭ ھەممىسى بىراقلا غايىب بولىدۇ.

ئەركەك ھايۋانلار ھەممە يەرگە ئۆزىنىڭ ئۇرۇقىنى چاچىدۇ، چىشى ھايۋانلار بولسا شۇ ئارقىلىق كېيىنكى ئەۋلادلارنى تۇغىدۇ ۋە بېقىپ چوڭ قىلىدۇ، بۇ تەبىئەت دۇنياسىنىڭ قانۇنىيىتىدۇر. ئەرلەرنىڭ ئاتالمىش «ئوۋ ئوۋلاپ كېلەيلى» دېگىنى، مەلۇم مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئەركەك ھايۋانلارنىڭ مەلۇم تەبىئىي تۇيغۇسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىكتۇر.

يەنە بىر تەرەپتىن، ھايۋاناتلار دۇنياسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ مەنىۋى ئېڭى يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان بولغاچقا، كىشىلەر يالغۇز تەبىئىي تۇيغۇنىڭ ھەيدەكچىلىكى بىلەنلا خالىغانچە ھەرخىل ئاياللار بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەيدۇ.

ھازىرقى جەمئىيەتتە بولسا، بىر ئەرگە بىر خوتۇنلۇق تۈزۈم يولغا قويۇلغان. بۇنىڭغا خىلاپ كېلىدىغان ھەرقانداق ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسى ئىجتىمائىي ئەخلاقتا يات دەپ قارىلىپ، جامائەت پىكرىنىڭ ئەيىبلىشىگە

پەيدا بولغان سۇركىلىشلەر ئۆزلىرىگە شۇنداقلا مۇناسىۋەتلىك كىشلەرگە غايەت زور بېسىم پەيدا قىلىدۇ.

بىراق، ئەمەلىيەتتە «ئوۋ ئوۋلاش» نى ئويلاپمۇ باقمىغان ئەرلەر ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. ئەمەلىي ئەھۋالنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئەركەكلا بولىدىكەن، كۆپىنچىسىنىڭ مۇشۇنداق سىناپ كۆرۈش ئارزۇسى بولىدۇ.

شۇنداق دېگەن تەقدىردىمۇ، كۆپ قىسىم ئەرلەر ئايالىدىن ۋاز كېچىپ، باشقا ئاياللار بىلەن توي قىلمايدۇ. تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئەرلەرگە نىسبەتەن ئائىلە ئۇلارنىڭ جاراھەتلىرىنى ساقايتىدىغان ھەم دەم ئېلىپ ئۆزىنى ئوڭشىۋالىدىغان ئارامگاھى بولغانلىقىدا. جەمئىيەتتە ياشاۋاتقان ئەرلەرگە نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، مەيلى ئۇنىڭ ھوقۇقى قانچىلىك كاتتا بولۇپ كەتمىسۇن، ھەممىسى ئوڭۇشسىزلىق ۋە مەغلۇبىيەتتىن ھامان خالىي بولالمايدۇ. شۇڭا، ئەرلەر ئائىلىسىدىن ئىبارەت ئۆزىگە تەسەللى بېرىدىغان ۋە جاراھەتلىرىنى ساقايتىدىغان ئورۇنغا ئېھتىياجلىق بولىدۇ. ئېرى ئايالىنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئانىسىنىڭ مېھرىگە ئوخشاش مېھرىبانلىقنى ئېرىشەلەيدۇكى، بۇنداق مېھرىبانلىقنى ياش ئاشنىسىنىڭ ئۆزىگە ئاتا قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس.

ئەرلەرنىڭ كەسىپ جەھەتتە مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىش ۋاقتى ئادەتتە 45 ياشتىن 50 ياشقىچە بولغان ئارىلىقتا بولىدۇ. بۇ چاغدا ئايالى ئۆزىنىڭ جۇلالىنىپ تۇرغان ياشلىقىنى يوقىتىدۇ. شۇڭا، بەزى ئەرلەر گەرچە مەلۇم چاغلاردا ئايالىغا ساداقەتسىزلىك قىلىپ قويغان بولسامۇ، ئايالىم بۇنىڭلىق بىلەن ئاجرىشىپ كېتىمەن دەپ تۇرۇۋالمايدۇ دەپ ئويلايدۇ. رېئال تۇرمۇشتا ئېرىنىڭ ساداقەتسىزلىكى سەۋەبىدىنلا ئاجرىشىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويىدىغان ئايالار كەمدىن - كەم ئۇچرايدۇ. بۇنى ئاساسلىقى ئاياللارنىڭ نۆۋەتتىكى مۇقىم ئىقتىسادىي ئورۇنىدىن مېھرىنى ئۈزۈلمىگەنلىكى ۋە باشقا بەزى سەۋەبلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان، ئالايلۇق، بالا مەسىلىسى يەنى بالىلارغا تارتىنىشىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە.

ئاشۇ تىرىشىش ئارقىلىق، مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن ئەرلەرگە

نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ ئايالىغا ساداقەتسىزلىك قىلىشى ياكى سىرتلاردا «ئوۋ ئوۋلىشى» نىڭ ئۇنىڭ ھاياتىدا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەنلىكىنىڭ بەلگىسى دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ. ئەمما ئۇ مەغلۇپ بولغان ھامان، يەنە ئۆزىنى قايتىدىن ئايالىنىڭ قوينىغا ئاتىدۇ. ئېھتىمال نۇرغۇنلىغان ئاياللار بۇنىڭغا قارىتا ھەيران قېلىشى مۇمكىن. لېكىن، ئەمەلىيەتتە بولسا ئاشۇ ئەرلەرنىڭ ھەقىقىي ئويى شۇنداق بولۇپ، ئۇلار بىرلا ۋاقىتتا ئايالىدىن ۋە ئاشنىسىدىن تەڭلا بەھرىمەن بولۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ.

ئەرلەرنىڭ جىنسىي پائالىيىتى نىشان تاللىماي خالىغانچە ئېلىپ بېرىلسا بولىۋېرىدۇ. ئەمما، قوبۇل قىلغۇچى تەرەپ بولغان ئاياللاردا بەلگىلىك پىسخىك ياكى روھىي تەييارلىق بولمىسا، ھەر قانچە قىلىپمۇ جىنسىي پائالىيەتكە كىرىشىپ كېتەلمەيدۇ. بۇنىڭدىن جىنسىي مۇناسىۋەت جەھەتتە ئەرلەرنىڭ شاللاق ۋە ئاياللارنىڭ ئېغىر - بېسىق كېلىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ خىل جىنسىي جەھەتتىكى تۇپتىن ئوخشىمايدىغان پەرق بەزى ئەرلەردە «ئوۋ ئوۋلاش» ئىمپۇلىسى ئاساسەن پەيدا بولىدىغانلىقى ۋە ئۇنى ئەمەلدە كۆرسىتىدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن. ئەڭ ئاخىرقى باسقۇچقا يەتمىگەن تەقدىردىمۇ، يەنە شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئادەتتىكى چاغلاردا قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا «ئوۋ ئوۋلاش» نى كۆرمىڭ قېتىم ئويلىغان.

ئۆز ئايالىغا ساداقەتسىزلىك قىلىپ قويغان ئەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئايالىغا يۈز كېلەلمىگەنلىكى ئۈچۈن روھىي جەھەتتىن ئازابلىنىدۇ. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ئۇلار يەنىلا ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالالمايدۇ.

ئەلۋەتتە، كۆپ قىسىم ئەرلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئايالىدىن ئايرىلىپ كەتكۈسى كەلمەيدۇ، شۇڭا ئايالىغا بىلىندۇرمەسلىك ئۈچۈن ئۇلار ھەر دائىم دەككە - دۈككە ئىچىدە يۈرۈيدۇ. سىرتلاردا تازا «ياشاپ» بولۇپ، ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئايالىغا ئالاھىدە يېقىنچىلىق قىلىپ كېتىدۇ. ئەگەر ئايالى ئۆزىدىن گۇمانلىنىپ قالىدىغان بولسا، ئۇ شۇئانلا قەتئىيلىك بىلەن رەت قىلىدۇ. ئەرلەرنىڭ بۇنداق قىلىشىمۇ بۇ ئائىلىنى بۇزۇشنى

ئاشكارىلىنىپ قالىدىغان بولسا، ئۇ هالدا، كۆپ ساندىكى ئەرلەر ئائىلىنى ئويلاپ ئايالىنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ، گۇناھىنى گەدىنىگە ئالىدۇ.

لېكىن ئاياللار بۇنىڭلىق بىلەن بىپەرۋالىق قىلماسلىقى كېرەك.

مەيلى نۇرغۇنلىغان ئەرلەرنىڭ يېڭىسىنى تاپسا، كونىسىدىن كېچەلمىگەنلىكىنى قانچىلىك تەكىتلىمەيلى، ئۇلار دائىم بىردەملىك هاياجىنىنى بېسىش ئۈچۈن ھەددىدىن ئوشۇق غىدىقلىنىشنى كۆزلەيدۇ. ئەمما، بىر نۇقتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش لازىمكى، يەنى سىرتلاردا «ئوۋ ئوۋلايدىغان كۆپىنچە ئەرلەرنىڭ ئايالى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى كۆپ ھاللاردا ياخشى بولمىغان ياكى لەززەتسىز بولغان بولۇشى مۇمكىن. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئاشۇ ئەرلەرنىڭ ئەخلاقسىزلىقى كەلتۈرۈپ چىقارغان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئاياللارنىڭ ھورۇنلۇقى، شەرمي ھايالىق بولمىغانلىقى، ھاكاۋۇر بولغانلىقى بىلەنمۇ ئاز - تولا مۇناسىۋەتلىكتۇر.

بۇ ئەھۋاللارغا قارىتا ئايال كىشى توغرا بىر تەرەپ قىلىش پوزىتسىيىسىنى قوللانماي، بەلكى ھەدېسىلا ئېرىنى ئەيىبلەۋەرسە، ئەكسىچە ئېرىنى پۈتۈنلەي ئاشىنىسىنىڭ قوينىغا ئىتتىرىپ قويۇپ، ئۇنىڭدىن ئۈزۈل - كېسىل ئايرىلىپ قېلىشى مۇمكىن.

ئومۇمەن ئەرلەرنىڭ ساداقەتسىزلىكىگە قارىتا، ئاياللار ھەم ھەددىدىن زىيادە چالۋاقاپ كەتمەسلىكى، ھەم بىپەرۋالىق قىلماسلىقى لازىم. ئەڭ ياخشىسى سەۋرچانلىق بىلەن ئىش تۇتقان تۈزۈك.

# 18. ئەرلەر ئاجرىشىپ كەتكەندىن كېيىن، ئوڭايلا ئۆزىنى نابۇت قىلىش يولىغا ماڭىدۇ

***مەيلى ئۇ قارشى تەرەپنى تاشلىۋەتسۇن، ياكى قارشى تەرەپ تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلسۇن ئاجرىشىپ كەتكەندىن كېيىن، ئەرلەر هامان ئازابلىنىدۇ ۋە بىئارامىلىق هېس قىلىدۇ. ئەگەر تاشلىۋېتىلگەن بولسا، ئۇنىڭ چىرايىدىن دائىم روهىي ئەنسىزلىك، غەمكىنلىك ۋە ئۈمىدسىزلىنىش تەك روهىي هالەت ئىپادىلىنىدۇ. نەتىجىدە، ئۇ شەپقەتسىزلىك بىلەن تاشلىۋېتىلگەن بالىدەك، سوغۇق، ياۋايى ۋە چۈشكۈن بولۇپ قالىدۇ.***

مەيلى ئەرلەر تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئاجرىشىپ كېتىشنى تەلەپ قىلسۇن، ياكى باشقىلار تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلسۇن، ئۇنىڭ ئۆزىنى نابۇت قىلىش پسىخىكىسى دائىم سۆز ـ هەرىكەتلىرىدە ئىپادىلىنىپ قالىدۇ.

بەزى ئەرلەر تەشەببۇس بىلەن نىكاهتىن ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلغاندا، ئۇ دائىم ئۆزىنى جازالايدىغان ئىشلارنى قىلىشقا مايىل بولىدۇ هەم شۇ ئارقىلىق ئۆزى قىلغان «ئەسكىلىكلىرى» ئۈچۈن بىئارام بولۇۋاتقان كۆڭلىگە تەسەللى ئىزدەيدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ كەڭ قورساق، مەردلىكى بىلەن هېسسىيات جەهەتتىكى قەرزىنى تۆلىمەكچى بولىدۇ. بولۇپمۇ، باشقا بىر ئايالنىڭ

قىلغاندا، ئىپادىسى تېخىمۇ گەۋدىلىك بولىدۇ. بىئاراملىق روھىي ھالىتىنىڭ تۇرتكىسى ئاستىدا، ئۇ ئايالغا: «نېمىنى ئالغىڭىز كەلسە، شۇنى ئېلىڭ» دەيدۇ ـ دە، ئۆزىنى روھىي ھالەتتىن قۇتۇلغاندەك ھېس قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىگە ئىشەنگەن ھالدا: «مەن ئەمدى ھاياتىمنى تامامەن يېڭىۋاشتىن باشلايمەن، ياخشى ئات كەينىگە قايتمايدۇ، دېگەن گەپ بار، ھەرگىز كەينىمگە يانمايمەن! » دەيدۇ.

بىراق، ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇ ئۆزىنى نىكاھلىق تۇرمۇشىنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىققان ئاشۇ بۇزۇقچىلىقنىڭ قىسقا ئۆمۈرلۈك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ. ئىچىنىشلىق پاكىت ئالدىدا نۇرغۇن ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان خام خىياللىرى ئۇزۇل ـ كېسىل بەربات بولىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا، ئۇ باشقا نۇرغۇن كىشىلەرگە ئوخشاش ھەسرەت ئىچىدە قىلدەك تولغىنىدۇ.

ئۇنىڭ ئاشنىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى كرىزىسكە يولۇققاندا، ئۇ پۇشايمان يەيدۇ ھەم ئايالىغا يارىشىپ قېلىش تەلىپىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن قويىدۇ. بۇ چاغدا ئۇ ئۆزى تەرىپىدىن «نابۇت قىلىنغان» ئايالىنىڭ شۇنچە قىسقا ۋاقىت ئىچىدە جاسارىتى ۋە غەيرىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەنلىكىنى ھەيرانلىق ئىچىدە بايقايدۇ. نىكاھتىن ئاجرىشىش ھادىسىسىنىڭ زەربىسىدىن كېيىن ئۇ بارا ـ بارا ئەسلىگە كېلىپ، ئۆزىنى يەڭگىل ھېس قىلىشقا باشلايدۇ ھەمدە يالغۇزلۇقنى خالايدىغان بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا ئۇ ئېرىنىڭ تەلىپىنى كەسكىنلىك بىلەن رەت قىلىدۇ.

ئەركىشى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلغانىكەن، ئۇ ئەلۋەتتە ئەيىبلەشكە ئۇچرايدۇ. نۇرغۇنلىغان جەھەتتە ئۆزىنىڭ خاتالىقلىرى ئۈچۈن قانۇنىي مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالغاندىن باشقا، يەنە بىئاراملىق روھىي ھالىتى بىلەن ھېسسىيات جەھەتتىكى قەرزىنى تۆلەيدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن قارىغاندا، ئايالى تاشلىۋېتىلگەن تەرەپ بولغاچقا، ھېچقانداق روھىي بېسىمغا ئۇچرىمايلا، مەردانە قىياپەت بىلەن كېتىپ قالىدۇ ـ دە، تېخىمۇ يامىنى شۇكى، ئەگەر ئۇ خالىسا، ئۇ قىلچە خىجىل بولمايلا مەن ئېرىمگە يۈز كېلەلمىگۇدەك ھېچقانداق ئىش قىلمىدىم، بەلكى ئۇ ماڭا

ئاسىيلىق قىلدى، دەيدۇ.

ئاجرىشىپ كەتكەندىن كېيىن، بىئارامىلىق ھېسسىياتى ئەرلەرگە نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، بىر چوڭقۇر تۇزاقتۇر، ئۇ چوقۇم ئۆزىنى ئۇنىڭ ئىچىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىشى لازىم. توي قىلغانلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى ناھايىتى زور دەرىجىدە بىر - بىرىنى شەرت قىلىدىغان نىكاھلىق مۇناسىۋەتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان، رېئال تۇرمۇشتىكى كىشىلىك مۇناسىۋەتتىن پۈتۈنلەي ئايرىغان ھەرىكەت يوق دېيەرلىكتۇر. بۇ ئەرلەر جەزمەن بىلىشكە تېگىشلىك داۋلى. ئەرلەر بۇ خىل بىر - بىرىنى شەرت قىلىدىغان مۇناسىۋەتنى ھېس قىلغان ھامان، ئۆزىنى نابۇت قىلىدىغان، ئەھمىيەتسىز، ئەخمىقانە ئىشلارنى ئاز قىلىدىغان بولىدۇ، مۇشۇنداق بولغاندىلا ئۆزىنى بىئاراملىق ئىچىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقالايدۇ.

ئەرلەر ئايالى بىلەن ئاجرىشىپ كەتكەن ھامان، باشقا ئاياللار ئۇلارنى كۈتۈپ تۇرىدۇ. ئەمما، ئۇلارنىڭ ئايالىنىڭ ئەھۋالى ئادەتتە، ئۇنداق بولمايدۇ. لېكىن، بۇنداق ئەرلەر كۆپ ھاللاردا سىرتىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلمەيدۇ. شۇڭا، كۆپ تەرەپنىڭ غەمخورلۇق قىلىشىغا تولىمۇ موھتاج بولۇپ قالىدۇ. (ئەلۋەتتە، ئۇ تاشلىۋەتكەن ئايالمۇ ئوخشاشلا غەمخورلۇققا موھتاج). ئادەتتە، ئۇ ئۆيدىن چىقىپ كەتكەندە، ئائىلىسى، بالىسى ھەم ئاۋۋالقى نۇرغۇن دوستلىرىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ.

گەرچە ئۇنى بېقىپ چوڭ قىلغان ئاتا - ئانىسى، بىر تۇغقان ئاكا - ئىنى، ھەدە - سىڭلىسى ئۇنىڭدىن كەچمەي ياردەم قوللىرىنى سۇنغان بولسىمۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئەرلىك ئوبرازىغا داغ تەگكۈزمەسلىك ئۈچۈن، چىشىنى چىشلەپ تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ياردىمىنى رەت قىلىدۇ. ئەرلىك غۇرۇرى ئۇنىڭ باشقىلاردىن ياردەم تەلەپ قىلىشىنى توسۇپ قالغان بىلەن، ئۇنىڭ ئىقتىدارسىزلىقى ۋە ئاجىزلىقىنى ئاشكارىلاپ قويىدۇ.

ئۆتكەنكى ئون يىل مابەينىدە، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئاجرىشىپ كېتىشنى تەلەپ قىلىدىغان ھادىسە خېلى ئومۇملىشىپ قالدى. بۇ بىزنىڭ

كومپيۇتېرلىق بىنورمال ئەھۋالدۇر. ئەرلەر يۈز بېرىۋاتقان بۇ ئەھۋاللارغا چەكچىيىپ قاراپ قالماقتا. چۈنكى، ئايالىنىڭ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلىشى ئۇلارنىڭ ئۇخلاپ چۈشىگىمۇ كىرمەيدىغان ئىش ئىدى.

شۇڭا، كۆز ئالدىدىكى رېئاللىقنى قوبۇل قىلالمىغان بەزى ئەرلەر، بۇ چاغدا ئۆزىنى قاتتىق ئازابلايدىغان ئەرلىك ۋىجدانىغا خىلاپ كېلىدىغان بەزى ئۇسۇل - چارىلەر ئارقىلىق ئۇنى نىيىتىدىن ياندۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ. بۇ ئامال - چارىلەر كار قىلمىغاندا، غەزىپىنى باسالماي، بەزى چەكتىن ئېشىپ كېتىدىغان ئىشلارنىمۇ قىلىپ قويۇشى مۇمكىن. مۇشۇ جەرياندا، قورقۇنچلۇق، ئۈمىدسىزلىنىش، شۇنىڭدەك روھىي جەھەتتىكى غايەت زور بېسىم ئۇنى ئوڭايلا ھالاكەت گىردابىغا ئاپىرىپ قويىدۇ.

30 ياشلىق ئىنژېنېر دوننادنىڭ ئاجرىشىش مەزگىلىدىكى مۇشكۇلاتلارنى بېشىدىن كەچۈرۈش جەريانى بۇنىڭغا تىپىك مىسال بولالايدۇ.

دونناد كەسىپچانلىقى كۈچلۈك، سودىغا ماھىر ئادەم ئىدى. كەيسى بىلەن توي قىلغاندىن كېيىن، ئۇ باشقا ئادەم بىلەن شېرىكلىشىپ ئۆيىدىن 300 چاقىرىم يىراقلىقتىكى بىر جايدا زاۋۇت قۇرۇپ، كومپيۇتېر زاپچاسلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشىدۇ.

ئۇنىڭ ئايالى قاتتىق ئائىلە تەربىيىسىدە چوڭ بولغان شەرمى ھايالىق قىز بولۇپ، دونناد بىلەن توي قىلغاندا ئاران 22 ياشتا ئىدى.

كەيسى دوننادنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويماي، خوتۇنلۇق بۇرچىنى ئوبدان ئادا قىلىدۇ. شۇڭا، گەرچە ئۇ جىنسىي تۇرمۇشتىن تېگىشلىك لەززەت ئالالمىسىمۇ، ئۆكۈنمەيدۇ. كەيسىنىڭ ديانەتلىك شۈكرى - قانائەتچان ئايال ئىكەنلىكىنى بىلگەن دونناد پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خاتىرجەم ئۆز كەسپىگە بېرىلىپ كېتىدۇ. ئەگەر كەيسى جىنسىي تۇرمۇشتا بەكلا تەشەببۇسكار بولۇپ كەتكەن بولسا، دوننادنىڭ ئىشلىرىغا خاتىرجەم بېرىلىپ كېتىشى قىيىنغا توختايتتى.

گەرچە كەيسى ئۆزىنىڭ جىنسىي تۇرمۇشىدىن ئۈمىدسىزلەنگەن

بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا دونناد بىلەن بۇ مەسىلە ھەققىدە ئۇچۇق - يورۇق سۆزلىشىشتىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ، چۈنكى ئۇ دوننادنىڭ ئەرلىك غورۇرىغا تېگىشنى راۋا كۆرمەيدۇ. جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش مۈشكۈل بولغاچقا، ئۇ جىنسىي تۇرمۇشتا ئانچە ئېتىبار بېرىپ كەتمەيدىغان قىياپەتكە كىرىۋالىدۇ - دە، مەلۇم دەرىجىدە ئېرىنىڭ جىنسىي تەلىپىنىمۇ كونترول قىلىدۇ.

توي قىلىپ دەسلەپكى ئۈچ يىلدا، ئۇلار ئىككى باللىق بولىدۇ. زاۋۇتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىلگەنلىكتىن، دوننادنىڭ ئائىلىدە بولىدىغان ۋاقتى بارغانسېرى ئازلاپ كېتىدۇ. گەرچە دونناد ئايالى بىلەن دائىم بىللە بولالمىسىمۇ، بىراق ئۇ قەتئىي تالاغا قارىمايدۇ. ئايالى ئۆيدە ۋايىسماي كەچكىچە بالىغا قاراۋاتسا، ئۆزى ئايالىنىڭ ھالىدىن تۈزۈك خەۋەر ئالالمىغانلىقىنى ئويلىسا ئۇستىگە، يەنە ئۇنداق بولمىغۇر ئىشلارنى قىلسا قانداق بولىدۇ؟

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كەيسى ئۆيدە يالغۇز ئولتۇرۇۋېرىپ زېرىكىشكە باشلايدۇ ۋە نېرۋىسى ئۆرلەيدۇ. ئۇ باشقا ئامال تاپالمىغانلىقتىن، توي قىلىپ 8 - يىلى ئۆزىنىڭ باشقىلار بىلەن ئويناش قىلىش ھوقۇقى بارلىقىنى ھېس قىلىدۇ.

بىرىنچى قېتىم ئويناش قىلىش ئاخىرلىشىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇ يەنە 2 - قېتىم ئويناش قىلىشنى باشلايدۇ. دونناد يۈز بېرىۋاتقان بۇ ئەھۋاللاردىن بىخەۋەر بولغاچقا، ئۆز خىزمىتى بىلەن ئالدىراش يۈرۈۋېرىدۇ. ئۆيدە قايتقاندىن كېيىن، كەيسىنىڭ ھېسسىيات جەھەتتىكى ئۆزگىرىشى ۋە ئۆزىدىن يىراقلىشىش پوزىتسىيىسىنىمۇ قىلچە سەزمەيدۇ.

دوننادنىڭ تىجارىتى جانلىنىپ، ئىشلىرى تازا روناق تېپىۋاتقاندا، كەيسى ئۈشتۈمتۈتلا ئۆزىنىڭ نىكاھلىق تۇرمۇشىدىن نارازى ئىكەنلىكىنى، بەختلىك بولالمىغانلىقىنى جاكارلاپ، بىر مەزگىل دونناد بىلەن ئايرىلىپ تۇرۇشنى ئويلىغانلىقىنى ئېيتىدۇ ھەمدە دوننادتىن كۆچۈپ چىقىپ كېتىشنى

مەن يوق، سىز گە خىزمەت بولسىلا بولدى، ماڭا كۆڭۈل بەرمىدىڭىز، سىزدە ھېسسىيات دېگەن نەرسە يوق، سىز ئۆتۈپ كەتكەن شەخسىيەتچى، مەن تېگىشلىك غەمخورلۇققا ئىگە بولالمىدىم. » دەپ ئاغرىنىدۇ.

بۇ ئۇشتۇمتۇت زەربىدىن دونناد قاتتىق ئازابلىنىدۇ. چۈنكى، ئىلگىرى بۇ جەھەتتە ھېچقانداق بىر بېشارەت بولمىغانىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىكى بۇ ئىشلارغا زادىلا ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئايالىنى نېرۋا كېسەللىكلىرى دوختۇرىغا كۆرۈنۈپ بېقىشقا تەۋسىيە قىلىدۇ. ھەمدە يۈز بېرىۋاتقان بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى روھىي جەھەتتىكى مەسىلە دەپ قارايدۇ. كەيسى بولسا قەتئىي ھالدا: «سىز قاچان كۆچۈپ چىقىپ كېتىسىز، مەن شۇ چاغدا دوختۇرغا كۆرۈنىمەن! » دەپ تۇرۇۋالىدۇ. دونناد بۇنىڭغا قارشى تۇرغاندا، ئۇ: «ئۇنداق بولسا ئاجرىشىپ كېتەيلى» دەپ تەھدىت ئىشلىتىدۇ. ئاخىر دونناد نائىلاج ئۆيدىن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن، دونناد نۇرغۇن ئەرلەر بېشىدىن كەچۈرگەن، ئورتاق خۇسۇسىيەتكە ئىگە ھەر قايسى باسقۇچلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈشكە باشلايدۇ.

بىرىنچى باسقۇچتا، ئۇنىڭ ئىنكاسى قولىقىغا پۇتۇنلەي ئىشەنمەسلىك ۋە ھەدەپ ئۆزىنى ئاقلاش بولىدۇ.

ئىككىنچى باسقۇچتا، دونناد ناھايىتى بىچارە قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، بۇنىڭدىن كېيىن چوقۇم تىرىشىپ، «يارامىلىق ئەر» بولىمەن دەپ يالۋۇرىدۇ. ئۇ كۆڭلىدە: «مەن كەيسىنى بەك ئوبدان چۈشىنىمەن، مەن شۇنداق دېسەم ئۇ مېنى چوقۇم كەچۈرۈۋېتىدۇ ھەمدە مېنى كۆچۈپ كېلىڭ دەيدۇ» دەپ ئويلايدۇ.

ئارىدىن ئۈچ ئاي ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئەمما، كەيسىدىن ھېچقانداق سادا چىقمايدۇ. ئۇ ھەر قېتىم كەيسىنى ئىزدەپ بارغاندا، كەيسى خالىمىغاندەك قىلىپ: «يەنە بىر مەزگىل مۇشۇنداق تۇرۇپ باقايلى، ئەگەر بۇنىڭغا كۆنمىسىڭىز، ئەڭ ياخشىسى ئاجرىشىپ كېتەيلى» دەيدۇ.

يەنە بىر نەچچە ئاي ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئەمما، كەيسىدىن يەنە سادا چىقمايدۇ. بۇ چاغدا دونناد ئۈچىنچى باسقۇچقا قەدەم قويىدۇ.

بۇ باسقۇچتا، كەيسى ئاجرىشىپ كېتىشنى قارار قىلىدۇ. ئەلۋەتتە، كەيسى ئېرى بىلەن بىۋاستە توقۇنۇشۇپ قېلىشنى ھەمدە ئۇنىڭغا ھېسسىيات جەھەتتە ئازار بېرىشنى خالىمايدۇ. شۇڭا ئۇ ئېرى بىلەن چىرايلىق ئاجرىشىپ كېتىشنىڭ يوللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىدۇ.

4 ـ باسقۇچقا قەدەم قويغاندا، يارىشىپ قېلىشنى ئۈمىد قىلىش باسقۇچى ئۆتۈپ كېتىدۇ ـ دە، ئەڭ قورقۇنچلۇق چۈش رېئاللىققا ئايلىنىدۇ، ئۇ يىغلايدۇ ـ قاقشايدۇ، پۈتۈن بەدەنلىرى تۈرۈپ ـ تۈرۈپ غال ـ غال تىترەيدۇ. بىر مەزگىل ھاڭۋاقتى بولۇپ قالىدۇ، ئۇنىڭدا ئاۋۋالقى زەئىپلىشىش ئالامەتلىرى كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ. ئۇ ھەر كۈنى 4 ـ 5 قېتىم باھانە ـ سەۋەب تېپىپ، كەيسىنى ئىزدەپ، ئۇنىڭ قايتا ئويلىنىپ كۆرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. دەردىنى تاماكا، ھاراقتىن چىقىرىشقا باشلايدۇ.

ئۇنىڭ دىققىتى چېچىلىپ، خىزمەتكە ۋاقتىدا بارمايدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۇ ئۆزىنىڭ تىجارىتىگە كۆڭۈل بۆلمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ ھەمدە مۇشۇ تىجارەتنى دەپ تۇرمۇشۇمدىكى ئەڭ ئەتىۋارلىق نەرسەمدىن مەھرۇم قالدىم دەپ ئاغرىنىدۇ. ئارقىدىنلا، ئۇ ئائىلىسىدە بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەشكە باشلايدۇ. مۇناسىۋەتنىڭ بۇزۇلۇشىدىكى ھەقىقىي سەۋەبنى بىلمەكچى بولىدۇ.

ئىككى ئايدىن كۆپرەك ھېسسىيات جەھەتتە ئازابلانغاندىن كېيىن، ئۇ ئاستا ـ ئاستا ھوشىنى يىغىدۇ. بەشىنچى باسقۇچقا قەدەم قويغاندىن كېيىن، ئۇ ئىجتىمائىي ئالاقە ۋە ھېسسىيات پائالىيەتلىرىنى قايتىدىن باشلايدۇ.

شۇنىڭ بىلەن، دونناد ئۆزىدىن ئىككى ياش كىچىك بىر ئايال بىلەن دوست بولۇپ قالىدۇ. ئۇ ئايال دوننادنى چۈشىنىدۇ. ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ، ئۆزىنىڭ ئوتلۇق قەلبى بىلەن دوننادنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇۋالىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇلار تۇرمۇش قۇرىدۇ.

يەنە بەزى ئەھۋاللاردا، بۇ تاشلىۋېتىلگۈچى قايتىدىن ئۆزىنى رۇسلاپ، ئۆزىنى ئاشۇ ئۇشتۇمتۇت كەلگەن ئازاب ـ ئوقۇبەت ئىچىدىن قۇتۇلدۇرۇشقا

باشلىغاندا، بۇرۇنقى ئايالى ئېھتىمال ئۇنىڭغا قايتىدىن قىزىقىپ قېلىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن يارىشىپ قېلىشنى تەلەپ قىلىشى مۇمكىن. بىراق بۇ چاغدا ئېرىنىڭ ئۇنىڭ ئالدىدا بۇرۇنقىدەك بىچارە قىياپەتتە تۇرۇشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. شۇنداقتىمۇ، ئېرى گەرچە بۇ چاغدا ئۆزىنىڭ قىيىن ئۆتكەلدىن ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتكەنلىكىگە قەتئىي ئىشەنسىمۇ، يەنىلا تەۋرىنىپ قېلىشى مۇمكىن. چۈنكى، مۇھەببەت دېگەن ئاجايىپ بىر نەرسە، شۇنىڭ بىلەن ئۇ قايتىدىن ئازابلىنىشى، ھەتتا ئۆزىنىڭ ئوغۇل بالىدەك بولالمىغىنىغا ئۆكۈنۈشى مۇمكىن.

ئاجرىشىش جەريانىدا، كۆپ ساندىكى ئەرلەرنىڭ كەچۈرمىشى ئەرلەر مۇستەقىل ياشىيالايدۇ ئەرلەر غەيرەتلىك كېلىدۇ، دەيدىغان ئەپسانىنى بىتچىت قىلىۋەتتى.

مەيلى ئۇ قارشى تەرەپنى تاشلىۋەتسۇن، ياكى قارشى تەرەپ تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلسۇن، ئاجرىشىپ كەتكەندىن كېيىن، ئەرلەر ھامان ئازابلىنىدۇ ۋە بىئاراملىق ھېس قىلىدۇ. ئەلۋەتتە، ئاياللارمۇ شۇنداق تاشلىۋېتىلگەن بولسا، ئۇنىڭ چىرايىدىن دائىم روھىي ئەنسىزلىك، غەمكىنلىك، ۋە ئۈمىدسىزلىنىشتەك روھىي ھالەت ئىپادىلىنىدۇ. نەتىجىدە، ئۇ شەپقەتسىزلىك بىلەن تاشلىۋېتىلگەن بالىدەك سوغۇق، ياۋايى ۋە چۈشكۈن بولۇپ قالىدۇ.

## 19. 40 ياش ئەتراپىدىكى ئەرلەر ئاسانلا تالاغا قاراپ قالىدۇ

***40 ياش ئەتراپىدىكى ئەرلەر كۆپ ھاللاردا مۇئەييەن ئورۇنغا ئىگە بولغان بولىدۇ. ئادەتتە ئۇلار باشلىقلىق سالاھىيىتى بىلەن ياش، خىزمەت تەجرىبىسى كەمچىل بولغان ئاياللارنى باشقۇرىدۇ. بۇ خىل ھەم باشقۇرۇش، ھەم قانات ئاستىغا ئېلىشتەك خىزمەت مۇناسىۋىتى جەريانىدا، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى يېقىنچىلىق بارغانسېرى كۈچىيىدۇ. ۋەھالەنكى، بۇ خىل ئادەتتىن تاشقىرى يېقىنچىلىق مۇناسىۋەت ئاخىرى بىر-بىرسىگە مۇھەببەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.***

توي قىلغاندىن كېيىن، ناۋادا مۇھەببەتنى يېتىلدۈرۈشكە دىققەت قىلمىسا، ئەر- ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى تېتىقسىز تۇرمۇش كۈندىن- كۈنگە داۋاملىشىۋەرسە، بەزى ئەلەردە قايناق ھېسسىياتنى قوغلىشىدىغان ھەۋەس پەيدا بولۇپ قېلىشى، ھەتتا تالاغا قاراپ قالىدىغان ئەھۋاللارنىڭ كېلىپ چىقىشىمۇ مۇمكىن. تەلەيمۇ ياكى بەختسىزلىكمۇ، ئەرلەر خىزمەت ئورۇنلىرىغا بارغاندا، ھامان بىر قىسىم قىزلار ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە بولۇپ يۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ گۈزەل جامالى، كېلىشكەن تەقى- تۇرقىغا قاراپ،

40 ياش ئەتراپىدىكى ئەرلەر كۆپ ھاللاردا مۇئەييەن ئورۇنغا ئىگە بولغان بولىدۇ. ئادەتتە ئۇلار باشلىقلىق سالاھىيىتى بىلەن ياش، خىزمەت تەجرىبىسى كەمچىل بولغان ئاياللارنى باشقۇرىدۇ. بۇ خىل ھەم باشقۇرۇش، ھەم قانات ئاستىغا ئېلىشتەك خىزمەت مۇناسىۋىتى جەريانىدا، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى يېقىنچىلىق بارغانسېرى كۈچىيىدۇ. ۋەھالەنكى، بۇ خىل ئادەتتىن تاشقىرى يېقىنچىلىق مۇناسىۋەت ئاخىر بېرىپ سۆيگۈ ـ مۇھەببەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

مۇشۇ 40 ياش ئەتراپىدىكى ئەرلەرنىڭ ھەممىسى شىركەت ياكى ئىدارىلەردە كۈچكە تولغان ھەم مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالغان شەخسلەر بولۇپ، ئۇلار ئۆيگە قايتقان ئەھۋالدىمۇ تاماق يېيىش، ئۇخلاشتىن باشقا ھېچقانداق ئىش قىلمايدۇ، يەنە ئەتىسى تاڭ ئاتا ـ ئاتمايلا قورسىقىنى تويغۇزۇپ ئىدارىسىگە ماڭىدۇ. شۇڭا، ئۇلارنىڭ ئايالى بىلەن بىرگە بولىدىغان چاغلىرى بىرگە ئىشلەيدىغان ياش چوكانلارغا قارىغاندا كۆپ ئاز بولىدۇ. ئۇزۇن مەزگىل بىللە ئىشلەش نەتىجىسىدە، ئۇلار ئارىسىدا تەبىئىي ھالدىلا مۇھەببەت پەيدا بولۇشقا باشلايدۇ.

ئۇنىڭ ئۈستىگە بالىلىق بولغان كۆپىنچە ئاياللار بالا بېقىش، بالا تەربىيىلەش، ئاش ـ تاماق ئېتىش، كىر ـ قات يۇيۇش قاتارلىق ئائىلە ئىشلىرى بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئۆزىنى ياساشقا ئانچە ئەھمىيەت بېرىپ كەتمەيدۇ. ئەرلەر بولسا، ئۆيدە ھېچ ئىش قىلماي قېتىپ ياسىنىپ يۇرگەچكە، شىركەت ياكى ئىدارىلەردە ئۇلارغا قول ئاستىدىكى ياش ئاياللارنىڭ زوقى كېلىدۇ ھەم ئۇلارنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ ياش چوكانلار ئىشقا كەلگەندە، چىرايلىق ياسىنىپ كېلىدۇ، ئادەتتەقول ئاستىدىكى ئاياللارنىڭ ئازراقلا جەلپ قىلىش كۈچى بولىدىكەن، كۆپ ساندىكى ئەرلەر ئۇلارنى ياقتۇرۇپ قالىدۇ. سودا ئېلانلىرىدا دائىم شىركەتنىڭ دىرېكتورلىرى بىلەن كاتىپ قىزلارنىڭ بىرگە چۈشكەن سۈرەتلىرى كۆزىمىزگە چېلىقىدۇ. بۇ ئېلانلارنىڭ ئاستىغا كۆپ ھاللاردا «مۇھەببەت يىراقتىكى ئۈچقۇن ئەمەس» دېگەندەك ئاساسلىق سۆزلەر يېزىلغان

بولىدۇ. مۇشۇ بىر نۇقتىدىنلا بىز ئۇنىڭ شىركەتلەرنىڭ غوللۇق خادىملىرىنىڭ پسىخىكىسىنى مەلۇم دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، بەزى ئەرلەرنىڭ مەنىۋى دۇنياسىدا ئورۇنسىز ئەر - ئاياللار مۇناسىۋىتى ئېلىپ بېرىشتىكى باھانە - سەۋەبلەر ئىنتايىن تولۇق. شۇڭا، مۇناسىۋەتلىك ئاياللاردا ئوخشاش ئويى بولسىلا شىركەت ياكى ئىدارىلەردە، بۇنداق ئەر باشلىقلار بىلەن ئايال كاتىپلار (خىزمەتچىلەر) ئوتتۇرىسىدا مۇھەببەتنىڭ پەيدا بولۇپ قېلىشى ئېرىقتا سۇ ئاققاندەكلا تەبىئىي ئەھۋالدۇر.

ئەرلەرنىڭ تالاغا قاراپ قېلىشىنىڭ سەۋەبى ناھايىتى كۆپ، ئۇسۇلىمۇ نۇرغۇن، ئالاھىدىلىكىمۇ ھەرخىل. يۇقىرى - تۆۋەنلىك مۇناسىۋەت بولغانىكەن، ئۇ ھالدا ئەر باشلىقلارنىڭ خىزمەتتىن چۈشكەندە قول ئاستىدىكى ئايال خىزمەتچىلەرنى رېستورانغا بىللە تاماق يەپ كېلىشكە تەكلىپ قىلىشىمۇ نورمال ئەھۋال. گاھىدا بىللە تاماق يېگەندە، ئاز - تولا ھاراق ئىچىدىغان گەپ. ھاراق ئىچكەندىن كېيىن، قىزىپ قالىدىغان گەپ. قىزىپ قالغاندىن كېيىن، باشقا ئىشلارنىمۇ يۈز بەرمەيدۇ دېگىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.

ئەرلەر دېگەن جىنسىي ھەۋىسى ئىنتايىن كۈچلۈك ھايۋان. شۇڭا، ئۇلار ئۆزلىرى ياخشى كۆرىدىغان ئاياللار بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەندە، قارشى تەرەپتىن ئىنتايىن مىننەتدار بولىدۇ ھەم قارشى تەرەپكە تېخىمۇ ئامراق بولۇپ كېتىدۇ. ئۇلارنى ياخشى كۆرۈش دەرىجىسى قانچە چوڭقۇر بولغانسېرى، ئۆز ئائىلىسىگە نىسبەتەن مېھرى شۇنچە سۇسلاپ كېتىدۇ.

ئىش پۈتكەندىن كېيىن، نۇرغۇنلىغان ئەرلەر بىر تەرەپتىن ئايالىغا ئاسىيلىق قىلىپ قويغانلىقى ئۈچۈن، بىئاراملىق ھېس قىلىسىمۇ، يەنە بىر تەرەپتىن ياش ئاياللارنى كەلتۈرۈۋالغانلىقى ئۈچۈن ئىچ - ئىچىدىن خۇشال بولىدۇ. شۇڭا، خىزمەتكە بېرىش ئۇلار ئۈچۈن جاپا ئەمەس، تەڭداشسىز خۇشاللىنارلىق ئىشقا ئايلىنىدۇ.

## 20. ئەرلەر ئۆزىنىڭ نامى ۋە خىزمەت ئورنىغا ھەممىدىن بەك ئەھمىيەت بېرىدۇ

*ئەرلەر بىلەن ئاياللارنىڭ تالاغا قاراپ قىلىش مەسىلىسىگە قارىتا تۇتقان پوزىتسىيىسىنىڭ ئەڭ چوڭ پەرقى شۇكى، ئۇ بولسىمۇ، ئەرلەر ئادەتتە ئۆزىنىڭ شىركەتتىكى ئورنىغا دەخلى - تەرۇز يەتمەسلىكىنى ئاساسىي شەرت قىلىدۇ. ئەمما، ئاياللار بولسا، بەزىدە شىركەتتىكى يۇقىرى - تۆۋەنلىك مۇناسىۋىتىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ - دە، مۇھەببەت مەستانىسى بولۇپ قىلىپ، ئۆزىنى تارتىپ چىقىرالمايدۇ.*

ئەرلەر مەلۇم بىر مۇقىم ئايال بىلەن داۋاملىق جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈۋەرگەندىن كېيىن، ئۇلاردا بارا - بارا غەم ئەندىشە كۆپىيىشكە باشلايدۇ. بۇ ئەندىشىلەرنىڭ بىرى ئاشۇ خۇپىيانە ئىشلىرىنىڭ ئىدارە ياكى شىركەت تەرەپىنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن قورقۇشتۇر. ئەلۋەتتە، ئەگەر ئايالى بىلىپ قالسا، ئىشنىڭ تېخىمۇ چاتاق بولغىنى شۇ. بىراق، كېيىنكىسى قانداقلا بولمىسۇن، ئائىلىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەت بولۇپ، چارە قىلسىلا ئۇنى بېسىقتۇرۇۋەتكىلى بولىدۇ.

ئەگەر بۇ خۇپىيانە ئىشلار ئىدارە ياكى شىركەتتە تارقىلىپ كەتسە، شۇ ئەر ئىنتايىن ئوسال ئەھۋالدا قالىدۇ - دە، ئۇنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئىدارىدە قايتا پۇت تىرەپ تۇرۇشى تەسكە توختايدۇ. بەزى چاغلاردا ھەتتا

خىزمەت ۋەزىپىسى تۆۋەنلىتىلىشى ياكى باشقا ئورۇنغا يۆتكىۋېتىلىشى مۇمكىن. ئەلۋەتتە، تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ خەتەردىن قۇتۇلۇپ كېتىدىغان، ئاشۇ خۇپىيانە مۇناسىۋەتنى داۋاملىق ساقلاپ قالىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولىدۇ. بۇنداق بولغاندا، بەزى هاللاردا ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ھېسسىيات كۈنسايىن كۈچىيىدۇ. ئەمما، زىيادە جىددىيلىشىپ كەتكەنلىكتىن، ئۇ چارچاپ هالىدىن كېتىدۇ.

بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا تېخىمۇ چاتاق بولىدىغان يېرى شۇكى، بىر ياقتىن ئەر تەرەپ ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى كۈچىنىڭ بارىچە يوشۇرۇشقا تىرىشسا، يەنە بىر ياقتىن ئايال تەرەپ تېخىمۇ ئاكتىپ - تەشەببۇسكار بولۇپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى خۇپىيانە مۇناسىۋەتنى بىلىپ - بىلمەي باشقىلارغا (دوستلىرىغا) ئاشكارىلاپ قويىدۇ.

ئاياللار ئارىسىدىمۇ ئۆزىنى كۆرسىتىشنى خالىمايدىغانلارمۇ بولىدۇ، ئەمما مۇھەببەتنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، ئۇلارنىڭ تەمكىنلىكىنى داۋاملىق ساقلاپ قالالمايدىغانلىقى تۇرغان گەپ. ھەتتا، ئۆزلىرى ئوتتۇرىسىدىكى يېقىنچىلىقنى ئەتراپىدىكىلەرگە قەستەن كۆز - كۆز قىلىدىغانلارمۇ يوق ئەمەس. بولۇپمۇ، ئاياللار ئىناۋەتلىك باشلىقى بىلەن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، باشقا ئاياللارنى باشلىقىغا يېقىنلاشتۇرماسلىق ئۈچۈن، ئۇ بەزى كىچىك ھەرىكەتلەر ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ يېقىنچىلىق مۇناسىۋىتىنى ئەتراپىتىكىلەرگە ئۇقتۇرىدۇ. مەسىلەن، ئولتۇرۇشلاردا، ئۇ تەپ تارتماستىن قارشى تەرەپنىڭ قاچىسىدىن غىزا ئېلىپ يەيدۇ ياكى تۇلۇمدىن توخماق چىققاندەكلا ئۇنىڭغا ئەركىلەپ، يېقىنچىلىق قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ھەر خىل گەپ - سۆزلەر تارقىلىشقا باشلايدۇ.

ئاياللار ئەسلى تېخىمۇ ئېھتىياتچان بولۇشى كېرەك ئىدى. بىراق، يۇقىرىقى پوزىتسىيىدە بولغان ئاياللارنىڭ قەلب چوڭقۇرلۇقىدا «بۇ ئەر ماڭا مەنسۇپ» دەيدىغان شەخسىيەتچىلىك ئېڭى بولغاچقا، ئۇلار ئىختىيارسىز شۇنداق قىلىدۇ ھەمدە بۇ ئارقىلىق ئەرلەرنىڭ قەلبىنى ئۇتۇۋالماقچى بولىدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، بۇ مۇھەببەتلىشىش جەريانىدا ئاياللار كۆپ قوللىنىدىغان تەبىئىي ھەرىكەتتۇر.

ئۇنىڭغا ئالاھىدە ياخشى مۇئامىلە قىلغاندىن باشقا، باشقا ئەرلەرنىڭ ئۇنىڭغا يېقىنچىلىق قىلىۋاتقانلىقىنى سەزگەن ھامان، ئۇ شۇئان ئۆز ئىمتىيازىدىن پايدىلىنىپ ھەمدە ھەر خىل ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، شۇ ئەرگە زەربە بېرىدۇ. مەسىلەن: شۇ ئەرگە سوغۇق مۇئامىلىدە بولىدۇ، ئۇنى شىركەتتىن ئىمكانقەدەر سىقىپ چىقىرىشنىڭ كويىدا بولىدۇ. شۇنىڭدەك ئۆزى ئامراق ئاشۇ ئايالنىڭ ئالدىدا، ھېلىقى ئەرنى پەسكويغا چۈشۈرۈشكە ئۇرۇنىدۇ. ئۇنىڭ مەقسىتى پەقەت بىرلا، ئۇ بولسىمۇ، بىر ئامال قىلىپ، سۆيگۈ رەقىبىنى توسۇشتۇر.

ئەرلەر بىلەن ئاياللارنىڭ تالاغا قاراپ قېلىش مەسىلىسىگە قارىتا تۇتقان پوزىتسىيىسىنىڭ ئەڭ چوڭ پەرقى شۇكى، ئۇ بولسىمۇ، ئەرلەر ئادەتتە ئۆزلىرىنىڭ شىركەتتىكى ئورنىغا دەخلى - تەرۇز يەتمەسلىكنى ئاساسىي شەرت قىلىدۇ، ئاياللار بولسا، بەزىدە شىركەتتىكى يۇقىرى - تۆۋەنلىك مۇناسىۋىتىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ - دە، مۇھەببەت مەستانىسى بولۇپ قېلىپ، ئۆزىنى تارتىپ چىقىرالمايدۇ.

مەيلى ئاياللار قانداق مەقسەتنى چىقىش قىلسۇن، ئۇ بىر ئامال قىلىپ ئەتراپىدىكىلەرگە ئەر تەرەپنىڭ ئۆزى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى كۆز - كۆز قىلىدىكەن، ئۇ ھالدا ئەر تەرەپ ئەجەبلىنىپ قالىدۇ. گەرچە ئۇ ئايال تەرەپنىڭ ئۆزىنى قاتتىق ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، بۇ ئاشۇ ياخشى كۆرۈشنىڭ بىر خىل ئىپادىسى ئىكەنلىكىنى بىلسىمۇ، ناۋادا ئايال تەرەپنىڭ شۇ قىلىقى ھەددىدىن ئېشىپ كەتسە، ئۇ بۇ خىل مۇناسىۋەتتىن بىزار بولۇشقا باشلايدۇ.

ئەمەلىيەتتە، گەرچە ئاياللار بىلەن باردى - كەلدى قىلىۋاتقان ئوتتۇرا ياشلىق ئەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى مېھرى - مۇھەببەتكە ئەھمىيەت بەرسىمۇ، بىراق ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىدارە ياكى شىركەتتىكى ئورنى ۋە نام - شەرىپىگە تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىدۇ. ناۋادا ئاشۇ مېھرى - مۇھەببەت ئۇلارنىڭ ئورنى ۋە نام - شەرىپىگە دەخلى - تەرۇز يەتكۈزگەن ھامان، ئۇلار قىلچە ئىككىلەنمەيلا ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىغا خەۋپ يەتمىگەن ئاساستا ئاياللار بىلەن ئارىلىشىدۇ.

## 21. ئەرلەر ئايالىنىڭ تالاغا قاراپ قالغانلىقىنى سەزگەندە

***ئايالىنىڭ باشقا ئەر قويىندا ياتقانلىقىنى ئويلىغان هامان، ئەر بولغۇچىدا ئايالغا قارىتا قاتتىق سەسكىنىش تۇيغۇسى پەيدا بولىدۇ ـ دە، ئۇنىڭغا ئىچىمۇ ئۆچ بولۇپ كېتىدۇ.***

ئەرلەر قانداق ئەھۋال ئاستىدا ئايالىنىڭ تالاغا قاراپ قالغانلىقىنى سېزىپ قالىدۇ؟

ئالدى بىلەن ئەر ـ خوتۇن ئوتتۇرىسىدىكى جىنسىي مۇناسىۋەتتە قالايمىقانچىلىق يۈز بەرگەندە ئەر كىشىنىڭ كۆڭلىگە شەك چۈشۈپ قالىدۇ.

ئادەتتە، ئاياللار تالاغا قاراپ قالغاندا، ئېرىدىن يىراقلىشىشقا باشلايدۇ ياكى ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشتىن ساقلىنىدۇ. بۇ جەھەتتە ئاللار ئەرلەرگە ئوخشىمايدۇ، ئەرلەر ئۆزى ياخشى كۆرمەيدىغان ئاياللار بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئېلىپ بېرىۋېرىدۇ. ئەمما، كۆپ ساندىكى ئاياللار بولسا، ئادەتتە ئۇنداق قىلمايدۇ. گەرچە ئۇلار ئېرىنىڭ گۇمانىنى قوزغاپ قويۇشتىن قاتتىق ئېهتىيات قىلسىمۇ، ئەمما ئېرى جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلغاندا، ئۇلار: بىئارام بولۇۋاتىمەن، مىجەزىم يوق، هېرىپ قالدىم دېگەندەك باهانە ـ سەۋەبلەر بىلەن رەت قىلىدۇ. بىراق، دائىم رەت قىلىۋەرسە ئېرىنىڭ كۆڭلىگە شەك چۈشمەي ـ قالامتىمۇ؟ ئۇنىڭدىن باشقا،

ئانچە ئۇرۇپ كەتمەيدۇ ياكى ئىلگىرىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ بەك قىزغىن بولۇپ كېتىدۇ. مۇشۇنداق بىلىنەر - بىلىنمەس ئىنكاسلاردىن ئەرلەر ئاياللىنىڭ تالاغا قاراپ قالغانلىقىنى سېزىۋالىدۇ.

ئەرلەر ئاياللىدىن گۇمان قىلىپ قالغان ھامان، ئۇلارنىڭ روھىي ھالىتىدىمۇ بىلىنەر - بىلىنمەس ئۆزگىرىش پەيدا بولۇشقا باشلايدۇ.

تەسەۋۋۇر قىلىش كۈچى ئىنسانلاردا بار بولغان ئىنتايىن گەۋدىلىك قابىلىيەتتۇر. ئېرى ئاياللىنىڭ تالاغا قاراپ قالغانلىقىدىن گۇمانلىنىپ قالغاندا، ئۇ ياخشى رول ئوينىماي قالمايدۇ: ئېرى كاللىسىدا ئاياللىنىڭ باشقا ئەرلەر بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈۋاتقان مەنزىرىسىنى سۈرەتلەپ چىقىدۇ. ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرى قاناتلانغانسېرى ئۆزىگە ئېغىر روھىي يۈك ئارتىۋېلىپ، ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان ئەر ئالدىدا تېرى - پېرەڭ بولۇپ كېتىدۇ.

ئەگەر مۇشۇنداق داۋاملىشىۋەرسە، نەتىجىسى ئىنتايىن ئېچىنىشلىق بولىدۇ. گەرچە ئۇ ئايالى بىلەن ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋەتنى ساقلاپ قالغان تەقدىردىمۇ، تەسەۋۋۇر كۈچىنىڭ تەسىرىدە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى جىنسىي تۇرمۇش كۆڭۈللۈك بولمايدۇ، ھەتتا ئەڭ ئاخىرى جىنسىي ئىقتىدارسىزلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن.

ئاياللىنىڭ ئۆزىدىن قانائەت ھاسىل قىلماي، تالاغا قاراپ قالغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش، ئەرلەرگە نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئەجەللىك زەربە بولۇپ، بۇ ئۆزىنىڭ بىر ئەركەك بولۇش سۈپىتى بىلەن مەغلۇپ بولغانلىقىنىڭ ياكى ئۆز سالاھىيىتىنى يوقاتقانلىقىنىڭ بەلگىسىدۇر. شۇڭا، مۇشۇنداق داۋاملىشىۋەرسە، شۇ ئەرنىڭ مەنىۋىيىتىگە قاتتىق تەسىر قىلىپلا قالماي، بەلكى جىسمانىيىتىگىمۇ غايەت زور تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئاياللىنىڭ باشقا ئەر قوينىدا ياتقانلىقىنى ئويلىغان ھامان، ئەر بولغۇچىدا ئايالىغا قارىتا قاتتىق سەسكىنىش تۇيغۇسى

پەيدا بولىدۇ ـ دە، ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئۆچ بولۇپ كېتىدۇ.

بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، ئەرلەر نومۇس كۈچىدىن ئۆزلىرىنى ئازابلاۋاتقان، ھەقىقىي ئەھۋالىنى يا دوست ـ بۇرادەرلىرىگە ئېيتالمايدۇ، ياكى بالا ـ چاقىسىنى تاشلاپ بىر ياقلىق بولۇپ كېتەلمەيدۇ. داۋاملىق بىلمەسكە سېلىپ يۈرۈۋېرەي دېسە، تېخى ۋىجدانى كۆتۈرمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ھاراققا بېرىلىپ، خىزمەتتىن سوۋۇپ، ئۆزىنى تاشلىۋېتىدۇ. ئېھتىمال بۇ دەل ئەرلەرنىڭ جىنسىي جەھەتتىكى تراگېدىيىسى بولسا كېرەك.

## 22. ئەرلەر رەت قىلىنىشتىن قورقىدۇ

***ئەرلەر گۈزەل قىزلارنى كۆرگەن چاغدا، ئۇلارنىڭ كاللىسى كۆپ ھاللاردا دەرھاللا قالايمىقانلىشىپ كېتىدۇ - دە، ھەر خىل ئەجايىپ مۇمكىنچىلىكلەر ۋە سەلبىي مۇمكىنچىلىكلەرنى دەڭسەپ كۆرىدۇ. ناۋادا ئۇلار غەيرەتكە كېلىپ گەپ قىلسام بولىدىكەن دەپ ھېس قىلسا، ئۇلارغا يېقىنلىشىدۇ. ئەگەر پەرەز قىلىش ئارقىلىق ئالدىراقسانلىق قىلسام بولمىغۇدەك دەپ قارىسا، ئۇلار كۆپ ھاللاردا ئۆزلىرىنى كونترول قىلىدۇ.***

ئادەتتە، ئاياللارنىڭ ئەرلەر قەلبىدىكى ئوبرازىنىڭ قانداق بولۇشى ئۇلارنىڭ دەسلەپكى قېتىم كۆرۈشكەندە قالدۇرغان تۇنجى تەسىرگە باغلىق بولىدۇ. ئېھتىمال بۇ «بىر كۆرۈپ قەلبىمدە قالدىڭىز» نىڭ كېلىپ چىقىشى بولسا كېرەك.

ئۇ قىستا - قىستاڭ كىشىلەر توپى ئىچىدە ئۇياق - بۇياققا قارىغاندا، ناۋادا مەلۇم بىر قىزنى كۆرۈپ قىلىپ، يۈرىكى بىردىن گۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتسە، ئۇ قىزنىڭ ئوبرازى ئۇنىڭ قەلبىدىن ئاسانلىقچە ئۆچمەيدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاشۇ قىزنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. بۇ چاغدا، ئۇ ھاياجانلىنىپ ۋە جىددىيلىشىپ كەتكەندىن سىرت، ئۇنىڭ دىققىتىمۇ بارا - بارا ئاشۇ قىزغا مەركەزلىشىدۇ، ئەمدى ئۇنىڭ كۆزىگە باشقا نەرسىلەر كۆرۈنمەيدۇ. بۇ قىز ئۇنىڭ چوقۇنىدىغان مەبۇدىغا ئايلىنىدۇ ھەم ئۇنىڭ

قاتمۇقات تۇسالغۇلارنى يېڭىپ ئىنتىلىدىغان نىشانى بولۇپ قالىدۇ، ئۇ ئاشۇ قىزغا ئۆزىنى چۈشەندۈرمەكچى بولىدۇ. بىراق، ئۇ ئاشۇ قىز بىلەن يۈز تۇرانە تۇرغاندا، ئۇنىڭ كۆڭلى پاراكەندە بولۇپ، پۇت ـ قولى كالۋالىشىپ، نېمە قىلارىنى بىلمەي قالىدۇ. بەزىدە، ھەتتا ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارالماسلىقى مۇمكىن.

لېكىن، ئۇ شۇ قىز بىلەن پاراڭلىشىپ 1 ـ 2 مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن، ئۆزىنى تۇتۇۋالىدۇ ـ دە، ئۇنىڭ بىلەن ئەركىن ـ ئازادە پاراڭلىشىشقا باشلايدۇ، شۇنىڭدىن كېيىنلا ئۇ ئاشۇ قىزنىڭمۇ ئۆزىگە ئوخشاش ھېسسىياتلىق ئادەم ئىكەنلىكىنى بايقايدۇ. ئەگەر تەلىيى كېلىپ ئۇ قىز بىلەن ئۇزاق ۋاقىت پاراڭلىشىپ ئولتۇرسا، ئۇ ئۆزىنى ئىنتايىن بەختلىك ھېس قىلىدۇ. يات جىنسلارنىڭ تارتىش كۈچى دېگەن مۇشۇ شۇ، ئۇ تولىمۇ شېرىن تۇيغۇدۇر.

ۋەھالەنكى، ئەرلەرنىڭ يۈرەك سوقۇشىنى تېزلىتىۋەتكەن ئاياللار چوقۇم ئەرلەرنىڭ ئىنتىلىدىغان نىشانى بولۇپ قالىدۇ دېگىلى بولمايدۇ. ئۇ سىزگە قاراپ تۇرغىنى بىلەن، سىزگە گەپ قىلىشى ناتايىن. شۇ چاغدا، سىز مەن خاتا ھېس قىلىپ قالدىممۇ نېمە؟ ئارتۇقچە ئويلاپ كەتكەن ئوخشىمامدىمەن؟ خەق ماڭا ئەمەس، بەلكى بېشىمنىڭ ئۈستىدىكى تېلېۋىزور ئېكرانىغا قاراپ تۇرغان ئوخشايدۇ، دەپ قېلىشىڭىز مۇمكىن. ھەرگىز بۇنداق ئويدا بولماڭ. ئېسىڭىزدە تۇتۇڭكى، ئۇنىڭ كۆزى سىزدە، سىز راستتىنلا ئۇنىڭ دىققىتىنى قوزغىدىڭىز، ئەمما ئۇ سىزگە گەپ قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى، خالاس.

ئەرلەر كۆرۈنۈشتە بەستىلىك، مەغرۇر، قابىلىيەتلىك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما ئاياللارنىڭ ئالدىدا بولسا شۈكلىشىپ قالىدۇ. بىز كەسپىي ئالاقىلەردە، سودا سارايلىرىدا، رېستوران، مەيخانا، يەر ئاستى تۆمۈريولى ۋە باشقا جايلاردا ئۆزىمىزنىڭ كۆزى چۈشۈپ قالغان ئاياللار بىلەن ئۇچرىشىپ قالغاندا، بىز ئۇلارغا قاراپلا قالىمىز ـ يۇ، ئۇلار بىلەن پاراڭلىشىشقا پېتىنالماي قالىمىز. راست گەپنى ئېيتقاندا، ئەگەر بىزنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلغان

سىز گە ئەرلەرنىڭ ھەقىقىي ئىچكى دۇنياسىنى ئېيتىپ بەرسەك، سىز قانداق ئويلارسىز؟ سىز: «ئەرلەر نېمانچە قورقۇنچاقتۇ؟ بىز ئۇلارنى يەمتۇق؟» دەپ ئويلاپ قېلىشىڭىز مۇمكىن.

بىز سىزگە ئەرلەرنىڭ پسىخىكىسىنى ئېيتىپ بېرەيلى. ئەرلەر گۈزەل قىزلارنى كۆرگەن چېغىدا، ئۇلارنىڭ كاللىسى دەرھاللا قالايمىقانلىشىپ كېتىدۇ: قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن تونۇشسام قانداق بولار؟ ئۇ رەت قىلارمۇ؟ ئەگەر رەت قىلسا قانداق قىلارمەن؟ ئۇ توي ئۇزۇكى تاقىۋالغانمىدۇ؟ ئۇنىڭ قېشىدا بىرەر ھەمراھى يوقتەك قىلىدۇ، ئۇنىڭ كۆزىمۇ چوقۇم مەندە. ئېھتىمال قولىدىكى ئۈزۈك ھېچنېمىگە ۋەكىللىك قىلماسلىقى مۇمكىن. ئومۇمەن، ئۇلار ئۆزلىرىنى زورمۇ زور قىينايدۇ.

ئەرلەر گۈزەل قىزلار بىلەن تونۇشۇشتىن ئاۋۋال، ئۇلار ھەرخىل ئجابىي مۇمكىنچىلىكلەر ۋە سەلبىي مۇمكىنچىلىكلەرنى دەڭسەپ كۆرىدۇ. ناۋادا ئۇلار غەيرەتكە كېلىپ گەپ قىلسام بولىدىكەن دەپ ھېس قىلسا، ئۇلارغا يېقىنلىشىدۇ. ئەگەر پەرەز قىلىش ئارقىلىق ئالدىراقسانلىق قىلسام بولمىغۇدەك دەپ قارىسا، ئۇلار كۆپ ھاللاردا ئۆزلىرىنى كونترول قىلىدۇ.

ئەرلەردە رەت قىلىنىشتىن قورقۇش ئويى ئاۋۋال پەيدا بولىدۇ، بۇ ئەرلەرنىڭ ئاياللارغا يېقىنلىشىشتىن قورقۇشىدىكى ئەڭ ئاساسلىق سەۋەبتۇر. راست گەپنى قىلغاندا، ئەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى بۇ مەسىلىنى ئويلايدۇ. شۇڭا، ئۇلار كۆپ ھاللاردا تەۋەككۇلچىلىك قىلىشنى خالىمايدۇ ھەمدە «يەنىلا تەۋەككۇلچىلىك قىلمىغان تۈزۈك» دەپ ئۆزىگە ھاي بېرىدۇ. ئەرلەرنىڭ ئاياللار تەرىپىدىن رەت قىلىنىشنى خالىماسلىقى ئۇلارنىڭ بىر قەدەر ئومۇملاشقان روھىي ھالىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، ئاياللارنىڭ قولىدىكى ئۈزۈك بۇ خىل ئەندىكىش پسىخىكىسى تۇپەيلى، دائىم توي ئۈزۈكىمىكىن دەپ تەسەۋۋۇر قىلىنىپ، روھىي جەھەتتە بىھۇدە قالايمىقانچىلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مەيلى قىزلار باي بولسۇن، ياكى كەمبەغەل بولسۇن، ئىناۋەتلىك بولسۇن، ياكى نامسىز بولسۇن، چىرايلىق ياكى ئەقىللىق بولسۇن، ئەرلەر دائىم: ئۇنىڭ ئېرى بارمىدۇ؟ ئۇ ماڭا

سوغۇق مۇئامىلە قىلارمۇ؟ ئۇ ئەرلەرنى ياقتۇرارمۇ؟ ئۇنىڭ مىجەزى قانداقراقتۇ؟ دەپ ئۆزىگە سوئال قويىدۇ.

ئەرلەرمۇ ئاياللارغا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ، شۇڭا، ئۇلار ئۆزلىرىگە ناھايىتى چوڭ روھىي بېسىم تېپىۋالىدۇ. ئۇلار ئاياللار ئالدىدا ئۆزگىچىلىكىنى ساقلاشنى، قىلغان گېپىنىڭ باشقىلاردىن پەرقلىق ھەم ئورۇنلۇق بولۇشىنى بۇ ئارقىلىق ئاياللارنى ئۆزىگە قىزىقتۇرۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ.

ناۋادا ئىككى ناتونۇش ئەر ـ ئايال مەيخانىدا ئۇچرىشىپ قالسا، ئەر ھېلىقى ئايالنىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ قاراۋاتقانلىقىنى سەزگەندە، شۈبھىلىنىپ سەل تۇرۇۋالغاندىن كېيىن غەيرەتكە كېلىپ ھېلىقى ئايالنىڭ قېشىغا بېرىپ: «مەن سىزنىڭ ماڭا قاراپ تۇرغانلىقىڭىزنى سەزدىم» دېگەندە، ھېلىقى ئايال: «مەن سىزگە ئەمەس، بېشىڭىزنىڭ ئۈستىدىكى سائەتكە قارىغانتىم» دېسە، ئاھ خۇدا، بۇ ئەر كىشىگە نىسبەتەن بىر قەپەس قاباھەتلىك چۈش بولماي نېمە!

ئەر كىشى رەت قىلىنىشقا ئۇچرىغاندا تەبىئىي ھالدا غايەت زور روھىي زەربىگە بەرداشلىق بېرىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى يوقىتىپ قويۇشى، ھەتتا ئۆزىگە ئۆچ بولۇپ كېتىشى مۇمكىن. تېخىمۇ يامىنى شۇكى، رەت قىلىنىش قېتىم سانى قايتا ـ قايتا تەكرارلىنىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە، مۇشۇنداق بولىۋەرسە ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە: «مەن تۈگىشىپتىمەن» دېيىشى مۇمكىن.

شۇڭا، ئۇ يەنە بىر قېتىم ئاياللارغا يېقىنلىشىشنى ئويلىغاندا، مەيۈسلىنىپ: «مەن يەنىلا تەۋەككۈلچىلىك قىلمايلا قوياي. » دەپ ئۆزىگە ھاي بېرىدىغان بولۇپ قالىدۇ. بەزىدە بۇ خىل سەلبىي تەسىر ئۇنى پۈتۈنلەي ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ قويىدۇ، گەرچە بەزىلەر ئۇنىڭغا توختىماي يەل بېرىپ، روھىي جەھەتتىن تەسەللىي بەرسىمۇ، بىراق بۇ خىل قورقۇنچلۇق روھىي ھالەت ئۇلارنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ساقلىنىپ قېلىشى مۇمكىن.

ئۆزى يالغۇز ئۆيىدىن چىقماي ئۆلتۈرۈشى مۇمكىن. ئەمما ئۇ ئۆزىنى توختىتىۋالغاندىن كېيىن ئىختىيارسىز ئۆزىگە: «نېمىشقا قايتا سىناپ كۆرمەيمەن» دېيىشى مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن ئۇلىفىتتا ياكى يەر ئاستى تۆمۈريولىدا ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئايالنى ئۇچراتقان چېغىدا، غەيرەتكە كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن سالاملىشىدۇ. ئاياللارنىڭ ناتونۇش شارائىتتا ناتونۇش ئەرگە گەپ قىلىشنى خالىمايدىغانلىقىنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ، بۇ ئۇلارنىڭ تۇغما خۇسۇسىيىتى، چۈنكى ئۇلار دا ئۆزىنى قوغداش ئېڭى بولىدۇ، شۇڭا بارلىق ئەرلەرنى تاجاۋۇزچى دەپ قارايدۇ. ئەلۋەتتە، كۆپ ساندىكى ئەرلەر ئايالالارنىڭ بۇ خىل ئويىغا ناھايىتى ھۆرمەت قىلىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، ئاممىۋى سورۇنلاردا، مەسىلەن، دېڭىز ساھىلى، تەنتەربىيە سارىيى ياكى باشقا ئادەم كۆپ سورۇنلاردا، ئەرلەر گۈزەل ئايالالارنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇلار بىلەن يېقىنلىشىشنى خالىمايدۇ، چۈنكى بۇ چاغدا ئۇ بارلىق ئادەملەر خۇددى ئۆزىگە تىكىلىپ قاراۋاتقاندەك، ئۇنىڭ دېگەن ھەربىر ئېغىز گېپىنى باشقىلار ئاڭلاپ قالىدىغاندەك، ئۆزىنىڭ رەت قىلىنىشقا ئۇچرىغاندىن كېيىنكى ئوسال ھالىنى ھەربىر ئادەم كۆرۈپ قالىدىغاندەك ھېس قىلىدۇ. شۇنىڭدىن بىز ئەرلەرنىڭ بۇنداق سورۇنلاردىكى ئېشەنچسىزلىكىنىڭ قانچىلىك ئاجىز ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

## 23. ئۇ نېمشقا سز بلەن تېلېفونلاشمايدۇ

*ئەرلەر ئاياللار بىلەن تېلېفونلاشقان چاغدا ئادەتتە ئۆزىنىڭ شۇ ئايال قەلبىدىكى ئورنىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ياخشى تەسىر قالدۇرۇش ئۈچۈن، قىلماقچى بولغان گېپىنىڭ مەزمۇنىنى ئالدىن پىلانلاپ، ئۆزىنى مەغرۇر، ئالاھىدە كۆرسىتىشكە ئۇرۇنىدۇ، ئۇلار كۆپ ھاللاردا خۇشال، روھى كۆتۈرەڭگۈ چاغلاردا ئاياللارغا تېلېفون بېرىدۇ.*

تۇنجى قېتىم كۆرۈشكەندىن كېيىن، ناۋادا سىز بىرەر ئەرگە قىزىقىپ قالسىڭىز، ئۇنىڭ بىلەن يەنە كۆرۈشۈشنى ئارزۇ قىلىشىڭىز مۇمكىن، شۇنىڭ بىلەن سىز دەككە - دۈككىگە چۈشۈشكە باشلايسىز - دە، ھەرخىل پەرەزلەرنى قىلىپ خاتىرجەم بولالمايسىز. سىز ئۆز - ئۆزىڭىزگە «ئۇ ماڭا لايىقمىدۇ؟»، «ئىش قاملاشماي قالسا، قانداق قىلارمەن؟» دەپ سوئال قويىسىز ھەمدە كەلگۈسىڭىزنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا باشلايسىز. ھەتتا، «ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەندە قايسى كىيىمىمنى كىيسەم بولار؟»، «ئۆزۈمنى قانداق تۇتسام بولار؟» دەپ بىر يەردە تۇرالمايسىز.

بىراق، ئەرلەر بىلەن ئاياللارنىڭ ئويى ئوخشىمايدۇ. بەزى ئەرلەرنىڭ تەسەۋۋۇر قىلىش كۈچى ئاجىز بولغاچقا، ئۇلار كۆز ئالدىدىكى ئىشلارنىلا ئويلاپ، كەلگۈسىنى پەرەز قىلىپ كەتمەيدۇ، ھەمدە قارشى تەرەپ بىلەن قانداق سۆزلىشىشنىلا ئويلايدۇ. ئۇلار «مەن ئۇنىڭغا تېلېفون بەرسەم

كۆرۈشكەن ئەرلەرگە قىزىقىپ قالسا، مەسىلىنىڭ جاۋابى مانا مەن دەپ ئايدىڭلىشىدۇ. ئۇلار ئەزەلدىن تېلېفون بەرسەم بولارمۇ؟ دېگەن مەسىلىدە باش قاتۇرۇپ ئولتۇرمايدۇ.

ئۇنداق بولسا، بۇ خىل ئەرلەر نېمىشقا ئۇنداق ئارىسالدى بولىدۇ؟ چۈنكى، ئۇلار ھەرخىل ئىجابىي مۇمكىنچىلىكلەر ۋە سەلبىي مۇمكىنچىلىكلەرنى دەڭسەپ كۆرىدۇ. ناۋادا ئۇلار قارشى تەرەپنىڭ تېلېفون نومۇرىغا ئېرىشىش بىلەن بىرگە ئۇلارنىڭ مەدەت بېرىشىگە ئېرىشسە، ئۇلار تېلېفون قىلىدۇ. ئەگەر پەرەز قىلىش ئارقىلىق ئالدىراقسانلىق قىلسام بولمىغۇدەك دەپ قارىسا، ئۇلار كۆپ ھاللاردا ئۆزلىرىنى كونترول قىلىدۇ.

سىز: «ئۇ نېمىشقا ماڭا تېلېفون بەرمەيدىغاندۇ؟» دەپ سورىشىڭىز مۇمكىن، بۇ ئېھتىمال ئەرلەرنىڭ قەلبىدىكى سەلبىي مۇمكىنچىلىكنىڭ ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەنلىكىدىن بولسا كېرەك.

مەيلى دەسلەپكى ئۇچرىشىش قانچىلىك مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ كەتمىسۇن، ئەرلەر ھامان غەم ـ ئەندىشىدىن خالىي بولالمايدۇ. ئۇ يەنىلا رەت قىلىنىشتىن قورقىدۇ. ئۇ ئالدىدىكى تېلېفون نومۇرىغا بىر ھازا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، تېلېفون تۇرۇبكىسىنى قولىغا ئېلىپ ئۇرۇشقا تەمشەلگەندە، «ئۇ مېنى ئۇنتۇپ قالغانمىدۇ؟»، «ئۇ تۇرۇبكىنى قولىغا ئېلىپ مېنىڭ ئاۋازىمنى ئاڭلىغاندا، تېلېفوننى بېسىۋېتەرمۇ؟»، «ئېھتىمال ئۇ ماڭا تېلېفون نومۇرىنى بەرگەنلىكىگە پۇشايمان قىلىۋاتقاندۇ؟» دېگەندەك بارلىق پاسسىپ خىياللار ئۇنىڭ قەلبىنى چۇلغىۋالىدۇ.

ئۇ غەيرەتكە كېلىپ، تېلېفون ئۇرغان تەقدىردىمۇ، يەنە: «پاراڭلاشقاندا، نېمە دەرمەن»، «تىلىم كالۇالىشىپ جايىدا گەپ قىلالماي قالارمەنمۇ؟»، «ناۋادا ئۇنىڭ قېتىم سۆزلەشكەندىلا ئۇنى ئاتۇمىد قويسام، قانداق قىلارمەن؟»، «مەن تېلېفون ئۇرغاندا، ئۇ بىتاپ بولۇپ قالغان ياكى ئاچچىقى كېلىپ قالغان بولسا، يەنە قانداق قىلارمەن؟»، «ئۇ بۇرۇنقى ئەر دوستى بىلەن يارىشىپ قالغان بولسىچۇ؟» دېگەن خىياللار ئۇنىڭ كاللىسىنى

قوچۇۋېتىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، دەسلەپ ئۇچراشقاندا قارشى تەرەپ ئۆزىنى تېخى چوڭقۇر چۈشەنمىگەچكە، ئەرلەر تېلېفون ئۇرغان چاغدا ئادەتتە ئۆزىنىڭ شۇ ئايال قەلبىدىكى ئورنىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ ياخشى تەسىر قالدۇرۇش ئۈچۈن قىلماقچى بولغان گېپىنىڭ مەزمۇنىنى ئالدىن پىلانلاپ، ئۆزىنى مەغرۇر، ئالاھىدە كۆرسىتىشكە ئۇرۇنىدۇ. شۇڭا، ئۇلار كۆپ ھاللاردا خۇشال، روھىي كۆتۈرەڭگۈ چاغلاردا ئاياللارغا تېلېفون ئۇرىدۇ.

شۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، كۆپلىگەن ئەرلەر ئاياللارغا تۇنجى قېتىم تېلېفون بېرىشكە نىسبەتەن ناھايىتى ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىدۇ. شۇڭا، سىز ئەڭ ياخشىسى يالغان تېلېفون نومۇرى قالدۇرماڭ. ناۋادا ئۇ غەيرەتكە كېلىپ، سىزگە تېلېفون ئۇرغاندا، ئۇ سىز بولماي، ماگىزىن ياكى تىياتىرخانا بولۇپ چىقسا، ئۇلار قاتتىق ھاقارەت ھېس قىلىدۇ. كەسپىي ئەرلەر باشقىلارنىڭ ئۆزلىرىنى مازاق قىلىشىنى ياقتۇرمايدۇ!

ئەمەلىيەتتە، كۆپلىگەن ئەرلەرنىڭ ھەقىقىي ئەندىشىسى رەت قىلىنىشتىن قورقۇش بولماستىن، بەلكى تېلېفون ئۇلانغاندىن كېيىن، سىز بىلەن قانداق پاراڭ سېلىشتۇر.

كەسپىي ئەرلەر ئىشلارغا بىر قەدەر ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىدۇ. شۇڭا، ئۇ سىز بىلەن ئالاقىلىشىشقا ۋەدە قىلغان تەقدىردىمۇ، قايتىپ بېرىپ ئەستايىدىل ئويلىشىدۇ. ئەگەر ئۇ سىزنى ئۆزىگە لايىق كۆرمىسە، ئۇ سىزگە تېلېفون ئۇرمايدۇ. ئەلۋەتتە، ئاياللارمۇ شۇنداق.

بۇ چاغدىكى ئەرلەر ماشىنا ھەيدەۋاتقان شوپۇرغا ئوخشايدۇ، ئۇ مايىنى بېسىپ تېز ھەيدىشىمۇ، تورمۇزنى بېسىپ سۈرئەتنى ئاستىلىتىشىمۇ ھەتتا ئوتنى ئۆچۈرۈپ ماشىنىنى توختىتىشىمۇ مۇمكىن. زادى قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى ئۇ ئۆزىنىڭ پەرىزى ئارقىلىق بەلگىلەيدۇ. بەزى ئەرلەر مۇتەئەسسىپ ئاياللارنى ياخشى كۆرىدۇ، يەنە بەزى ئەرلەر بولسا، كۆزنى قاماشتۇرغۇدەك گۈزەل ئاياللارنى ياخشى كۆرىدۇ. ئەرلەرنىڭ قىزلارنى

تەرەپنىڭ تۇرمۇش ئادىتى ۋە خىزمەت ئالاھىدىلىكىنى ئويلىشىدۇ، مەسىلەن: ئۇ ھاراقنى ياخشى كۆرسە، ئەمما سىز ياخشى كۆرمىسىڭىز، سىز شەنبە ـ يەكشەنبە كۈنلىرى ساياھەت قىلىشنى ياخشى كۆرسىڭىز، ئۇ خىزمەت ئېھتىياجى تۈپەيلى ئۇنىڭغا ۋاقىت ئاجرىتالمىسا، فىزىئولوگىيىلىك خۇسۇسىيەت، ھېسسىيات، شۇنىڭدەك كۈندىلىك تۇرمۇش ئادەتلىرى قاتارلىق كۆپلىگەن ئامىللارنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن ئەرلەر سىزدىن ۋاز كېچىشى مۇمكىن.

# 24 . ھەرقانداق بىر ئەركىشىنىڭ ئاياللارنىڭ ئۆزىنى ياقتۇرىدىغان- ياقتۇرمايدىغان- لىقىنى بىلگۈسى كېلىدۇ

***ناۋادا ئەرلەرنىڭ قىز دوستى بولغان بولسا، بولۇپمۇ ئۇلار قىزغىن مۇھەببەتلىشىۋاتقان چاغدا، ئەرلەر كۆپ ھاللاردا باشقا ئاياللار بىلەن يېقىنلىشىشنى ئويلاشمايدۇ. لېكىن، ئۆزىنىڭ جەلپكار ياكى ئەمەسلىكىنى سىناپ كۆرۈش ئويى بەزى چاغلاردا ئۇنى باشقا ئاياللارغا «قول سېلىش»قا ئۈندەيدۇ. بۇ ئىنتايىن قورقۇنچلۇق خاھىشتۇر.***

بەزى چاغدا، ئەرلەرنىڭ ئاياللارغا تېلېفون، ئۇرماسلىقى ئۇلاردا تېلېفون ئۇرۇش نىيىتىنىڭ بولمىغانلىقىدىندۇر. ئۇنداق بولسا، ئۇلار نېمىشقا قارشى تەرەپنىڭ تېلېفون نومۇرىنى سورايدۇ - يۇ، يەنە «قەستەن» ئۇنىڭ بىلەن ئالاقىلاشمايدۇ؟ چۈنكى، ھەرقانداق بىر ئەركىشىدە شۇ ئايالنىڭ ئۆزىگە قىزىققان ياكى قىزىقمىغانلىقىنى بىلىش ئىستىكى بولىدۇ. شۇڭا، ئەرلەرنىڭ دەسلەپ ئۇچراتقان قىزلاردىن تېلېفون نومۇرىنى سورىشى پۈتۈنلەي «ئۆزىنى سىناپ كۆرۈش» ھەرىكىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئاڭلىماققا شەخسىيەتچىلىكتەك، ئۆزىگە ئىشەنچ قىلالمىغاندەك تۇيۇلۇپ، ئادەمنىڭ

ئەمەلىيەتتۇر. بىز ئائىلىلەرگە ئەتراپىمىزدىكى بەزى ئادەملەرنىڭ راستىنلا مۇشۇنداق «ناچار» ئۆيدە ئىكەنلىكىنى سەممىيەت بىلەن ئۇقتۇرىمىز.

ئەمەلىيەتتە، كۆپ ساندىكى ئەرلەر ئائىلىلەر بىلەن پاراڭلاشقاندا، قارشى تەرەپنىڭ ئۆزىگە ھەۋەس قىلىپ قىلغان ياكى قىلمىغانلىقىنى سىزىۋالالايدۇ، بىراق ئۇلار: «يەنىلا نىيىتىدىن يانمايدۇ» ـ دە، ئۆزىنىڭ جەلپكارلىقىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىسپاتلىماقچى بولىدۇ. ئۇلار كۆز ئالدىدىكى ئاشۇ ئائىلىگە قىزىقمىسىمۇ، ئۇلار يەنىلا سىناپ كۆرمەكچى بولىدۇ. بۇ ئاڭلىماققا ناھايىتى كۈلكىلىك بولۇپ، كىشىنى بىر ئاز قايمۇقتۇرۇپ قويىدۇ. بەزى چاغلاردا، بەزى ئەرلەر تېخىمۇ ئاشۇرۇۋېتىشى، مەسىلەن: تېلېفون نومۇرىنى سورىغاندىن سىرت، يەنە كەچلىك تاماقنى بىللە يەيلى ياكى مەيخانىغا بېرىپ بىر رومكىدىن ئىچەيلى دېيىشى مۇمكىن. لېكىن، بەزى ئەرلەر ئورنىدىن قوپۇپلا قارشى تەرەپ يېزىپ بەرگەن تېلېفون نومۇرىنى پىرقىرىتىپ تاشلىۋېتىشى مۇمكىن. چۈنكى، ئۇلار چىن كۆڭلىدىن بېرىلمىگەن. بۇنداق ئەھۋاللارنىڭ كۆپىنچىسى قىز دوستى بار يىگىتلەردە كۆرۈلىدۇ.

ناۋادا ئەرلەرنىڭ قىز دوستى بولغان بولسا، بولۇپمۇ ئۇلار قىزغىن مۇھەببەتلىشىۋاتقان چاغدا، ئەرلەر كۆپ ھاللاردا باشقا ئائىلىلەر بىلەن يېقىنلىشىشنى ئويلاشمايدۇ. لېكىن، ئۆزىنىڭ جەلپكار ياكى ئەمەسلىكىنى سىناپ كۆرۈش ئويى بەزى چاغلاردا ئۇنى باشقا ئائىلىلەرگە «قول سېلىش» قا ئۈندەيدۇ. بۇ ئىنتايىن قورقۇنچلۇق خاھىشتۇر. شۇڭا، بىزنىڭ ئائىلىلەرگە ئەرلەرنىڭ پسىخىكىسىنى كۆپرەك ئىگىلەشنى يەنە بىر قېتىم تەۋسىيە قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. مۇشۇنداق بولغاندا، سىز ھەر قانداق ئىشلارغا تەمكىنلىك بىلەن مۇئامىلە قىلالايسىز.

بىز، ئائىلىلەر تېلېفون نومۇرىنى قارشى تەرەپكە قالدۇرغانىكەن، بۇ ئۇنىڭ قارشى تەرەپ بىلەن ئالاقە باغلاشنى خالىغانلىقىنىڭ ئىپادىسى دەپ قارايمىز. شۇڭا، بۇ ئارىسالدى بولۇپ قالسا ياكى تېلېفون نومۇرىنى سىزگە بېرىشنى خالىمىسا، بۇ ئۇنىڭ سىز بىلەن ئالاقە باغلاشنى خالىمىغانلىقىنى

چۈشەندۈردۇ ياكى ئۇنىڭ قىز دوستى بولغان ۋە ياكى سىزنى ياقتۇرمىغان بولىدۇ. بىراق، ئېسىڭىزدە تۇتۇڭكى، ئۇ ئەزەلدىن سىزنى ئەخمەق قىلىشنى ئويلاپ باققان ئەمەس، ئۇ پەقەت ئۆزىنىڭ جەلپكارلىقىنى سىناپ باقماقچى بولغان. ئېچىنىشلىق يېرى شۇكى، سىز ئۇنىڭ «سىناق بۇيۇمى» غا ئايلىنىپ قالغان، بۇنى ئوبدان ئانالىز قىلىشقا تېگىشلىك.

# 25. ئەرلەر ئاساسەن ئېرىشكەن نەرسىلىرىدىن ئوڭايلا سوۋۇپ كېتىدۇ

***ئەرلەر دائىم جىنسىي مۇناسىۋەت ئارقىلىق ئاياللارنى ئانالىز قىلىدۇ. كۆپلىگەن ئەرلەر ئۆزىنى ھاياجانغا سالالايدىغان ئاياللارنى ئۇچراتقاندا، دەرھاللا ئۇنىڭغا تەلەپ قويىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئۇ ئاشۇ ئايال بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى بىر قەدەر ئۇزۇن ساقلاپ قېلىشى مۇمكىن. ئەمما، ئۇنىڭ ئەستايىدىل مۇناسىۋەت بولۇشى ناتايىن.***

تۆۋەندىكى چۈشەندۈرۈشنى ئاڭلاشتىن بۇرۇن، ئاياللار ئۆزلىرىنىڭ ھېسسىياتىنى بېسىۋېلىشى، ھەرگىز ھاياجانلىنىپ كەتمەسلىكى لازىم. گەرچە بەزى جايلىرى ئانچە مۇۋاپىق بولمىسىمۇ، ھەتتا ئادەمنىڭ ئۇغىسىنى قايناتسىمۇ، بىراق ئۇلارنىڭ ھەممىسى پاكىت. ھېچبولمىغاندا خېلى كۆپ بىر قىسىم ئەرلەردە مۇشۇنداق ئەھۋال مەۋجۇت.

نۇرغۇنلىغان ئاياللار ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىنىڭ بىرى: دەسلەپكى قېتىم كۆرۈشكەندە، ئەرلەر بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزسەم بولامدۇ؟ دېگەن مەسىلىدۇر. راست گەپنى قىلغاندا، بۇ مەسىلىگە جاۋاب بېرىش ناھايىتى ئوڭاي.

نۇرغۇنلىغان ئەرلەرنىڭ جىنسىي جەھەتتە ئاياللارغا قويىدىغان تەلىپى ئۆزگە قويغان تەلىپىدىن مۇتلەق قاتتىق بولىدۇ. ھېچقانداق ئەركىشى

ئۆزىنىڭ ئايالى ياكى قىز دوستىنىڭ شاللاق بولۇشىنى خالىمايدۇ. ئەرلەر ھەقىقىي يار تاللىغاندا، ئىلگىرى ئەرلەر بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن، جىنسىي تۇرمۇش تەجرىبىسى مول ئاياللارغا يولىمايدۇ ھەم ئۇنداق ئاياللارنى قوبۇل قىلالمايدۇ. شۇڭا، ناۋادا ئاياللاردا دەسلەپكى قېتىم كۆرۈشكەندىلا قارشى تەرەپ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزسە، مەيلى ئۇ قانداق چۈشەندۈرۈش بەرمىسۇن، ئەرلەر ھامان ئۇنى شاللاقكەن، دەپ قارايدۇ. ھەتتا، «ئۇ كۆرگەنلا ئەرلەر بىلەن مۇشۇنداق قىلىدىغان ئوخشىمامدۇ؟» دەپ ئويلاپ قالىدۇ. گەرچە ئىش تۈگىگەندىن كېيىن، شۇ ئايال ئۇنىڭغا: «مەن سىزگە ئېيتسام، مەن باشقىلار بىلەن ئالدىراپ بۇنداق ئىشنى قىلمايتتىم» دېگەن تەقدىردىمۇ، ئۇ يەنىلا ئىشەنمەيدۇ. ئەرلەر پەقەتلا ئۆزلىرىنىڭ ھۆكمى ۋە قارىشىغا ئىشىنىدۇ، ھەتتا بەزىلەر مۇشۇنداق چۈشەندۈرۈشنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ھەتتا دىمىقىدا كۈلۈپ قويۇشى مۇمكىن.

ناۋادا تۇنجى قېتىم ئۇچراشقاندا ياكى تۇنجى قېتىم بىللە بولغاندا جىنسىي مۇناسىۋەت ئېلىپ بېرىلسا، ئەركىشى: «ئۇ مەندىن بۇرۇن يەنە قانچە ئادەم بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەندۇ؟» دەپ ئويلاپ قالىدۇ. ئەرلەرنىڭ بۇنداق ئويىغا ئاياللار چىداپ تۇرالمىسىمۇ، لېكىن ئەرلەرنىڭ مۇشۇنداق ئويلايدىغىنى راست. ئۇلار ھەتتا بۇ قىز مەن بىلەن ھېسسىيات ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى جىنسىي مۇناسىۋەت تەلىپىنى قاندۇرۇش ئۈچۈنلا ئارىلىشىۋاتقان ئوخشايدۇ، دەپ قارايدۇ.

شۇڭا، ئەرلەرنىڭ ئاياللارنى جىنسىي جەھەتتىن چەكلىگىنىگە قارىغاندا، ئەرلەر تېخىمۇ مۇتەئەسسىپ ۋە غايىۋىلىككە ئىگە. ھېچبولمىغاندا، ئۆزىگە مەڭگۈلۈك يار تاللىغاندا شۇنداق. ئەرلەرنىڭ ئىدىيىسى مەيلى قانچىلىك ئازاد بولۇپ كەتمىسۇن، ئۇ ئۆزىنىڭ ئايالىنىڭ ئېغىر بېسىق، ھۆرمەتكە سازاۋەر، ئىشەنچلىك ئادەم بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. مۇشۇنىڭغا قارىغاندا، ئايال كىشى ئەگەر كەلگۈسىدە قارشى تەرەپنىڭ ئېرى بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلسا، ئەڭ ياخشىسى دەسلەپ كۆرۈشكەن چاغلاردا جىنسىي جەھەتتە ئۆزىگە قاتتىق

ئېھتىمال بەزىلەر ناۋادا، ھەر ئىككى تەرەپ ھېسسىياتلىنىپ قالسا، جىنسىي مۇناسىۋەت ئېلىپ بارسا بولامدۇ؟ دەپ سورىشى مۇمكىن.

پەرەز قىلىپ باقايلى:

سىز بىرەر كۇلۇب ياكى تانسىخانىدا ئۇنى ئۇچرىتىپ قېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىر ـ ئىككى سائەت مۇڭداشقاندىن كېيىن، ئۇنى ياقتۇرۇپ قېلىپ، ئۇنىڭغا تېلېفون نومۇرىڭىزنى قالدۇردىڭىز. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سىز دوستلىرىڭىز ياكى ئىشداشلىرىڭىزدىن ئۇنىڭ ئەھۋالىنى سۈرۈشتە قىلىپ، ئۇنىڭ پەزىلەتلىك، مۇلايىم، ئىقتىدارلىق ھەم قىزنىچى ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلدىڭىز. ئىككىنچى كۈنى، ئۇ راستتىنلا سىزگە تېلېفون بېرىپ، سىزنى كەچتە بىللە تاماق يەپ كېلىشكە تەكلىپ قىلدى. سىز تېلېفوندا بىر سائەتچە پاراڭلىشىپ خېلى چىقىشىپ قالدىڭىز. سىز تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قويۇپ قويۇپ، بۇ ئىشنى قىز دوستىڭىزغا دېيىشنى ئويلىدىڭىز، بىراق ئۇنى ئاۋارە قىلىشنى خالىمىدىڭىز. شۇنىڭ بىلەن، سىز خۇشاللىق ۋە ھاياجان ئىلكىدە بىر كېچىنى ئۆتكۈزدىڭىز. گەرچە ئوبدان ئارام ئالالمىغان بولسىڭىزمۇ، ئەمما روھىي ھالىتىڭىز بۆلەكچىلا ياخشى بولدى. كەچتە، ھېلىقى ئەر ماشىنا ھەيدەپ سىزنى ئالغىلى كەلدى. سىلەر بىر مېھمانخانىغا باردىڭلار ھەمدە مەززىلىك تائاملار ۋە خۇشپۇراق ھاراقلارغا ئېغىز تەگدىڭلار. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ ماشىنا بىلەن سىزنى بوسۇغىڭىزغىچە ئاپىرىپ قويدى، سىلەر سۆيۈشمەكچى بولىسىلەر، تالا ناھايىتى سوغۇق بولغاچقا، سىز ئۇنى ئۆيگە كىرىپ قىزىق چاي ئىچىشكە تەكلىپ قىلىسىز. نەتىجىدە، ئەتىسى ئەتىگەندە سىز ئۆزىڭىزنى ئۇنىڭ بىلەن بىر كارىۋاتتا كۆرىسىز ـ دە، ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋالالمايسىز، سەۋەبى، سىلەر ئاللىقاچان مۇناسىۋەت ئۆتكۈزدۇڭلار. بىر نەچچە سائەتتىن كېيىن، ئۇ كېتىدۇ.

چۈنكى، ئەتىگەندە ئۇنىڭ قاتناشمىسا بولمايدىغان بىر مۇھىم يىغىنى بار ـ دە. ئۇ كەتكەندىن كېيىن، سىز تۈنۈگۈن يۈز بەرگەن ھەممە ئىشلارنى قايتا خىيال قىلىسىز ھەمدە ھەممە ئىشلارنىڭ ناھايىتى تېز يۈز بەرگەنلىكىنى ھېس قىلىسىز. سىز ئۆزىڭىزگە، «ئۇ مېنىڭكى، ئۇ مېنى

جەزمەن ياخشى كۆرىدۇ، ئۇ چوقۇم ماڭا ئىشىنىپ، ئۇمىدىمنى يەردە قويمايدۇ.» دەيسىز.

بىراق، ئىچىنىشلىق يېرى شۇكى، نۇرغۇنلىغان ئەرلەر ئاياللاردەك قارشى تەرەپكە ئۇنداق ئاسانلا ئىشىنىپ كەتمەيدۇ. ئۇ ئېھتىمال سىزگە مەڭگۈ تېلېفون ئۇرماسلىقى مۇمكىن. ناۋادا كۆرۈشۈش بوسۇغىڭىزدىلا ئاخىرلاشقان بولسا، ئۇ سىزنى يەنە ئىزدىشى، سىلەرنىڭ مۇناسىۋىتىڭلار يەنە راۋاجلىنىشى مۇمكىن. بىراق ئەمدى مۇمكىن ئەمەس. كۆپ ساندىكى ئەرلەر «بۇنداق ئوڭاي، بۇنداق تېز» ئەھۋال ئاستىدا قارشى تەرەپ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن ئوڭايلا سوۋۇپ كېتىدۇ. ئۇ سىزنى ئىشەنچسىز ئادەم دەپ قارىشى مۇمكىن. ئۇ سىزنى ھەددىدىن زىيادە ۋاي دېيىشى، ھەتتا ئۆلگۈدەك «ياخشى كۆرۈشى» مۇمكىن، ئەمما ئۇ ئاساسىي جەھەتتىن سىزگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلمايدۇ. سىزنى كەلگۈسىدىكى ئايالىم دەپ قارىمايدۇ.

ئەرلەر جىنسىي مۇناسىۋەت ئارقىلىق ئاياللارنى ئانالىز قىلىدۇ. ناۋادا ئۇ ئۆزىنى ھاياجانغا سالالايدىغان ئاياللارنى ئۇچراتسا، دەرھاللا ئۇنىڭغا تەلەپ قويىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئۇ ئاشۇ ئايال بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى بىر قەدەر ئۇزۇن ساقلاپ قېلىشى مۇمكىن. ئەمما، ئۇنىڭ ئەستايىدىل مۇناسىۋەت بولۇشى ناتايىن.

ئەمەلىيەتتە ئەركىشى، ئەگەر ئۆزى بىلەن كۆرۈشكەن ئايالغا ھەۋەس قىلىپ قالغان بولسا، ئۇ ئايال بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشكە بەكلا ئالدىراپ كەتمەيدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ جىنسىي ھەۋىسىنى كونترول قىلىدۇ. دەسلەپتە ئارىلىق ساقلاش كېرەكلىكىنى، ئالدىرىماي كۆزىتىش لازىملىقىنى بىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ئۆزىگە لايىق ياكى لايىق ئەمەسلىكىگە ھۆكۈم قىلىدۇ.

## 26 . ئەرلەر «سىزنى سۆيىمەن» دېمەيدۇ

*ئەرلەرنىڭ «سىزنى سۆيىمەن» دېمىكى ئاياللار ئويلىغاندەك ئۇنداق ئوڭاي ئەمەس، ئۇنىڭغا ۋاقىت ۋە جاسارەت كېرەك. ئەگەر ئۇ سىزنى سۆيسە، سىز خاتىرجەم بولۇڭ، ئۇ ھامان بىر كۈنى تولۇپ تاشقان قايناق ھېسسىيات بىلەن «مەن سىزنى سۆيىمەن» دەيدۇ. سەۋرچانلىق بىلەن كۈتۈڭ! ھەرگىزمۇ ئەر دوستىڭىز «سىزنى سۆيىمەن» دېيىشتىن بۇرۇن، ئۇنىڭغا «سىزنى سۆيىمەن» دەپ سالماڭ.*

ئەرلەرنىڭ «مەن سىزنى سۆيىمەن» دېمىكى ئوڭاي ئەمەس، ئۇ تۇنجى قېتىم قىز دوستىغا بۇ گەپنى دېگەن چاغدا خېلى قىيىلىنىپ باقىدۇ. شۇڭا، ئەر دوستىڭىز سىزگە «مەن سىزنى سۆيىمەن» دېگەن چاغدا چوقۇم ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىت، ناھايىتى زور كۈچ سەرپ قىلغان. بۇمۇ نۇرغۇن ئەرلەرنىڭ ئۇ گەپنى ئاغزىدىن چىقىرىشنى خالىماسلىقىدىكى سەۋەب. يىگىتلەر كۆپ ھاللاردا قىز دوستىغا بۇنداق سۆزلەرنى قىلىشنى كۆلكىلىك دەپ قارايدۇ. بۇ ئىككى تەرەپنىڭ ھېسسىياتى بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولۇپ، ئۇ پەقەت ئەرلەرنىڭ خاراكتېر مەسىلىسىلا خالاس.

بىزمۇ بۇ سۆزنىڭ ئاياللارغا نىسبەتەن ناھايىتى مۇھىملىقىنى بىلىمىز. ناۋادا سىز ئەر دوستىڭىز بىلەن قىزغىن مۇھەببەتلىشىۋاتقان بولسىڭىز ھەم بىر - بىرىڭلارنى ھەقىقىي ياخشى كۆرسەڭلار، سىز چوقۇم ئۇنىڭغا «سىزنى

سۆيىمەن» دېگۈزىدىغان چارە تاپالايسىز.

ئەرلەر ئادەتتە غۇرۇرىنى ناھايىتى قوغدايدۇ، رەت قىلىنىشنى قەتئىي خالىمايدۇ، ئۇلار سۇكۇتتە تۇرۇشقا رازىكى، پاسسىپ ھالەتكە چۈشۈپ قېلىشنى ھەرگىز خالىمايدۇ. ناۋادا ئۇ «مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن» دېگەندە، سىز ئىپادە بىلدۈرمىسىڭىز، ئۇ ناھايىتى بىئارام بولىدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئەرلەر دەل مۇشۇنداق قورقۇش روھىي ھالىتىنىڭ چەكلىشى بىلەن «مەن سىزنى سۆيىمەن» دېيەلمىگەن. ھەر قانداق ئاجىز ئۇچۇرمۇ ئۇلارنىڭ غۇرۇرى ۋە ئىشەنچىسگە زەربە بېرىشى مۇمكىن. ناۋادا ئۇ سىزگە «مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن » دېسە، سىز« راستمۇ؟ مەن سىزنىڭ بۇنداق ھېسسىياتتا ئىكەنلىكىڭىزنى زادى بىلمەپتىمەن» ياكى «مەنمۇ سىزگە ئامراق» دېسىڭىز، ئۇ بۇ گېپىڭىزدىن بىر نەچچە كۈنگىچە بىئارام بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، بۇنداق چاغدا ئۇ سىزدىن پەقەت «مەنمۇ سىزنى سۆيىمەن» دېيىشىنىلا كۈتىدۇ، ئەگەر ئۇ بۇنداق جاۋابقا ئېرىشەلمىسە، ئۇ سارالڭ بولۇپ قالىدۇ، ئۇ ئۆزىنى ھەرقانداق چاغدىكىدىنمۇ بەكرەك ئېغىر خەۋپ ئىچىدە قالغاندەك ھېس قىلىدۇ. ئۇ سىزنىڭ سۆزىڭىزگە ھەيران قېلىپ، ئۆز ـ ئۆزىگە، قايتا ـ قايتا «مەن نېمە دەپ ئۇنىڭغا شۇنداق دېگەندىمەن» دەپ سوئال قويىدۇ ياكى چورتلا مەن كالۋالىقتا ئۇچىغا چىقىپتىمەن دەپ قاراپ، سىزنىڭ سەمىمىيىتىڭىزدىن گۇمان قىلىشقا باشلايدۇ. ھەتتا مەن ئۇنى سۆيىدىكەنمەنۇ، ئۇ مېنى سۆيمەيدىكەن، دېگەن يەكۈننى چىقىرىدۇ.

شۇڭا، ئەرلەرنىڭ «سىزنى سۆيىمەن» دېمىكى سىز ئاياللار ئويلىغاندەك ئۇنداق ئوڭاي ئەمەس. ئۇنىڭغا ۋاقىت ۋە جاسارەت كېرەك. ئەگەر ئۇ سىزنى سۆيسە، سىز خاتىرجەم بولۇڭ، ئۇ ھامان بىر كۈنى تولۇپ تاشقان قايناق ھېسسىيات بىلەن «مەن سىزنى سۆيىمەن» دەيدۇ. شۇڭا، سەۋرچانلىق بىلەن كۈتۈڭ! ئەلۋەتتە، سىز بەزى مۇۋاپىق تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ، ئۇنىڭغا

دېيىشكە مەجبۇرلىماڭ، ئۇنى رىغبەتلەندۈرسىڭىزلا ئۇ كۆپايە قىلىدۇ.

لېكىن، ھەرگىزمۇ ئەر دوستىڭىز «سىزنى سۆيىمەن» دېيىشتىن بۇرۇن، ئۇنىڭغا «سىزنى سۆيىمەن» دەپ سالماڭ. ئادەتتە، ئاياللار ئەرلەرگە قارىغاندا، ئاسانلا مۇھەببەت مەستانىسى بولۇپ كېتىدۇ، ئاياللار مۇھەببەت شادلىقىغا چۆمگەن ھامان، ئەر دوستىغا «مەن سىزنى سۆيىمەن» دېيىشكە ئالدىرايدۇ. ئەگەر سىز ئەر دوستىڭىزغا «مەن سىزنى سۆيىمەن» دېسىڭىز، ئۇ سىزنى سۆيمىسە، ئۇ شۇئانلا بىئارام بولۇپ قالىدۇ؛ ناۋادا ئۇ تېخى پۈتۈن ھېسسىياتى بىلەن ھەقىقىي بېرىلمىگەن ياكى تېخى بىر قارارغا كېلەلمىگەن بولسا، ئۇ دەرھال ئالاقزادە بولۇپ كېتىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭغا شۇبھىلەنگۈدەك ۋاقىت چىقمايدۇ. ئۇ جەزمەن جاۋاب قايتۇرۇشى كېرەك. ئەمما ئۇ قانداق جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەي قالىدۇ. ئەلۋەتتە، ناۋادا ئۇمۇ سىزنى سۆيسە، سىزنىڭ ئاشۇ گېپىڭىزنى ئاڭلىغاندا، ئۇ تەبىئىي ھالدا خۇشال بولىدۇ. ئۇمۇمەن، سىز ئەڭ ياخشىسى بۇنداق تەۋەككۈلچىلىكنى قىلماڭ، ئەر دوستىڭىز قايسى چاغدا سىزگە «مەن سىزنى سۆيىمەن» دېيىش كېرەكلىكنى بىلىدۇ.

ئەرلەر ئاياللارنىڭ مۇشۇنداق گەپلەرگە خۇشتار ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. ئەمما، بۇنىڭغا ۋاقىت كېرەك. مۇھەببەت دېگەن تەبىئىي رەۋىشتە پەيدا بولىدۇ. ئالدىرىغانغا بولمايدۇ، ئۇ سىزگە دېيىشنى لايىق تاپقان چاغدا، ئۇ ھەرگىز ئىككىلىنىپ ئولتۇرمايدۇ. شۇڭا، سىز ئۇنىڭ سىزگە بولغان مۇھەببىتىنى تېخى جەزملەشتۈرەلمىسىڭىز، سىز ئىمكانقەدەر ئۇنى شۇ گەپنى قىلىشقا قىستىماڭ. ئۇنداق بولمىغاندا، ئۇ سىزدىن ئايرىلىپ قالماسلىق ئۈچۈن يالغان سۆزلەشكە مەجبۇر بولىدۇ.

ئۇ ئۆزىنىڭ ھېسسىياتىنى تېخى جەزملەشتۈرەلمەيلا سىزگە «مەن سىزنى سۆيىمەن» دېگەندە، ئۇنىڭ كۆڭلى تېخىمۇ بىئارام بولىدۇ. ئۇ يالغان ئېيتتىم دەپ قاراپ، ئۆزىنى كەچۈرمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىئارام بولۇشقا، غەم يېيىشكە باشلايدۇ. نۇرغۇنلىغان ئەرلەر ئەسلىدىنلا ھېسسىياتىنى ئىپادىلەشنى

ئانچە خالاپ كەتمەيدۇ. ئەگەر ھېسسىيات جەھەتتە ئازراقلا ساختىلىق كۆرۈلۈپ قالىدىكەن، بۇنىڭغا چىداپ تۇرالمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇ تېخى سىزنى ھەقىقىي سۆيمىگەن شارائىت ئاستىدا مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى ۋە مەجبۇرىيىتى بىلەن ئەتەي ئوتتۇراڭلاردىكى ئارىلىقنى قىسقارتىشقا ئۇرۇنۇشى مۇمكىن. بۇ ناھايىتى خەتەرلىك، ئەڭ ياخشىسى ئۇ ئاۋۋال «مەن سىزنى سۆيىمەن» دېسۇن.

ئەر دوستىڭىز سىزگە «مەن سىزنى سۆيىمەن» دېگەندىن كېيىن، سىز ئېھتىمال يەنە بىر مەسىلىگە دۇچ كېلىشىڭىز مۇمكىن، ئۇ بولسىمۇ سىز ئويلىغاندەك ئۇ دائىم سىزگە «مەن سىزنى سۆيىمەن» دېمەيدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئەرلەر بۇ سۆزنى قايتىلاۋېرىشنى ياخشى كۆرمەيدۇ. ئەمەلىيەتتە، بىزمۇ بەزى ئەرلەرنىڭ قىز دوستىغا ئەزەلدىن بۇنداق سۆزلەرنى قىلمايدىغانلىقىنى بىلىمىز. بۇ ئاڭلىماققا ناھايىتى كۈلكىلىكتەك تۇيۇلسىمۇ، كېلىن ئەمەلىيەتتۇر. گەرچە ئەر دوستىڭىز سىزگە سەمىمىي سادىق بولۇپ، سىزنى چىن دىلىدىن سۆيسىمۇ، بىراق، ئۇ سىزگە «سىزنى سۆيىمەن» دېمەسلىكى مۇمكىن. بىز قىز دوستلارغا شۇنى تەۋسىيە قىلىمىزكى، ئەر دوستۇڭلارغا بېسىم ئىشلىتىپ، ئۇنى «مەن سىزنى سۆيىمەن» دېيىشكە مەجبۇرلاشتىن ساقلىنىڭلار! چۈنكى سىلەر ئۇلارنى قانچە قىستىساڭلار ئۇلار شۇنچە كەينىگە داجىۋالىدۇ.

نۇرغۇنلىغان ئەرلەر ھېسسىياتنى ئىپادىلەشنى ئانچە خالاپ كەتمەيدۇ. ئاممىۋى سورۇنلاردا بولسا تېخىمۇ شۇنداق. شۇڭا، دوستلىرىڭىزنىڭ ئالدىدا ئۇنى «سىزنى سۆيىمەن» دېيىشكە مەجبۇرلىماڭ. بۇنداق قىلسىڭىز ئۇ خىجىل بولۇپ قالىدۇ. بۇ ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، خۇددى ئىچ كىيىم كىيىپ ئىشداشلىرىڭىزنىڭ ئالدىغا چىققاندەكلا بىر ئىش. ئېسىڭىزدە بولسۇن، ئەر دوستىڭىزنىڭ سىزگە بولغان مۇھەببىتىنى ئۇنىڭ «مەن سىزنى سۆيىمەن» دېگەن سۆزىنىڭ كۆپ ياكى ئازلىقى بىلەن ئۆلچىمەڭ. چۈنكى،

قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا ساقلايدۇ.

ئەلۋەتتە، سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئارزۇسىنى ئۇنىڭغا مۇۋاپىق ھالدا بىلدۈرسىڭىز بولىدۇ. مەسىلەن: «مەن سىزنى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇشال بولدۇم» ياكى «سىز ماڭا مەن سىزنى سۆيىمەن» دېگەن چاغدا، مەن ئۆزۈمنى تولىمۇ بەختىيار ھېس قىلىمەن» دېگەندەك. شۇ چاغدا، ئۇ بۇ سۆزنى قايتىلاشنى خالىسىمۇ، ئۇ يەنىلا مۇشۇنداق دېمەي قالمايدۇ. چۈنكى، ئۇ سىزنىڭ خۇشال بولۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلىدۇ.

# 27. نۇرغۇنلىغان ئەرلەرگە نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا ئاياللارنىڭ چىرايى ھەممىگە قادىر

***نۇرغۇن ئەرلەر دەسلەپكى قېتىم سىزنى ئۇچراتقاندا، ئاساسەن چىرايىڭىزغا قاراپ باھا بېرىدۇ، ناۋادا چىرايىڭىز جەلپ قىلارلىق بولمىسا، ئەرلەرگە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرالمايسىز ـ دە، ئۇ ئاسانلا سىزنى ئۇنتۇپ كېتىدۇ.***

نۇرغۇن ئەرلەر ئاياللارنىڭ چىرايىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدۇ. تۇنجى قېتىم كۆرۈشكەندە، تېخىمۇ شۇنداق. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئاياللارنىڭ چىرايى ھەممىگە قادىر، بىز بۇنداق دېسەك، سىلەر چوقۇم قايىل بولمايسىلەر، بىراق بۇ پاكىتتۇر.

نۇرغۇن ئەرلەردە دەسلەپكى قېتىم سىزنى ئۇچراتقاندا، ئاساسەن چىرايىڭىزغا قاراپ باھا بېرىدۇ. ناۋادا چىرايىڭىز جەلپ قىلارلىق بولمىسا، ئەرلەرگە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرالمايسىز ـ دە، ئۇ ئاسانلا سىزنى ئۇنتۇپ كېتىدۇ.

ئەلۋەتتە، ئەرلەرنىڭ ئاياللارغا قويىدىغان تەلىپىمۇ ئوخشىمايدۇ. بۇ ئەر ياقتۇرمىغان ئاياللارنى يەنە بىر ئەر جان دەپ ئەتىۋارلىشى مۇمكىن. شۇڭا، سىز ئۆزىڭىزنىڭ جەلپكار بولمىغانلىقىڭىزدىن ئۈمىدسىزلەنمەڭ. ئۇنىڭ

ئەمما، ئەرلەرنىڭ پائالىيىتى ھەققىدە ئۇلار كۆرگەن چىرايلار ۋە بەدەنلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. بۇ ھەقتە مىساللار ناھايىتى نۇرغۇن، بىز ئەرلەرنىڭ ئادەملەر بىلەن لىق تولغان كوچىلاردا كېتىۋاتقان چېغىدىكى كۆزىگە سەپسالساقلا، ئۇلارنىڭ پسىخىكىسىنى چۈشىنىۋالالايمىز. روھىي ھالەت ۋە ھەرىكەت جەھەتتىكى بۇ خىل ئىنېرتسىيىنىڭ بەلەن ئەمەسلىكى بىزگە مەلۇم، بىراق ئەرلەر مۇشۇنداقتە. مەيلى ئۇلارنىڭ كىيىۋالغان كىيىملىرى قانچىلىك پەرقلىنىپ كەتمىسۇن، ئەرلەرنىڭ ھەممىسى ئوخشاشلا بىر خىل مەخلۇقتۇر.

بۇ ئاڭلىماققا ئەرلەرنى خۇنۇكلەشتۇرگەندەك تۇيۇلىدۇ، ھەتتا بەزى ئەرلەرنى ئۇنداق دېيىشكە تىلىڭىز كۆيمەيدۇ دېيىشى مۇمكىن، ئەمما ئۇ ئەمەلىيەت. ناۋادا سىزنىڭ بىر چىرايلىق سىڭلىڭىز بولغان بولسا، بىز جەزم قىلىپ ئېيتالايمىزكى، ئەر دوستىڭىز ئۇنىڭغا چوقۇم يامان نىيەتتە بولۇپ باققان، ئىنكار قىلماڭ! ئەلۋەتتە، ئۇ سىزدەك جەلپكار بولمىسىمۇ، ئەر دوستىڭىز جەزمەن ئۇنى بىر قانداق قىلىشنى ئويلاپ باققان. شۇڭا، ناۋادا سىز ئەر دوستىڭىزنى، قىز دوستلىرىڭىزنىڭ ئولتۇرۇشىغا ئېلىپ بارماقچى بولسىڭىز ياكى ئۇنى قىز دوستلىرىڭىز بىلەن بارماقچى بولغان ساياھەتكە ئېلىپ بارماقچى بولسىڭىز، بۇ نىيىتىڭىزدىن دەرھال يېنىڭ! ئەلۋەتتە، ئەگەر سىز ئەر دوستىڭىزنىڭ چىرايلىق قىز دوستلىرىڭىزغا كۆزىنى ئۇزمەي قاراۋېرىشىگە چىداپ تۇرالىسىڭىز، ئۇ باشقا گەپ. يەنە كېلىپ ھەممە ئەرلەرنىڭ ئۇنداق بولۇشى ناتايىن.

بىر ئەرنىڭ بىر قىز دوستى بولۇپ، ئۇلار دائىم كۆرۈشۈپ تۇرىدىكەن، قىزنىڭ ئۆيىدە بىر رەسىم جازىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا بىر مۇنچە قىز دوستلىرىنىڭ رەسىمى بار ئىكەن، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قىز ئەڭ چىرايلىق بولغاچقا، ئەرنىڭ ئۇ قىزنى كۆرۈپ باققۇسى كېلىپ، قىز دوستىغا: «مېنىڭ كېلىشكەن بىر ساۋاقدىشىم بار ئىدى، ئۇنىڭ ھازىرغىچە قىز دوستى يوق، ئۆزى ئوبدان يىگىت، بۇ قىزنى ئۇنىڭغا تونۇشتۇرۇپ قويساق قانداق؟» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ قىز ھېلىقى

دوستىنىڭ تېلېفون نومۇرىنى ئۇنىڭغا بېرىپتۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇ بىر باھانە ئىكەن. ئۇ ھېلىقى قىزنىڭ تېلېفون نومۇرىنى قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپتۇ ۋە بارا ـ بارا خېلى چىقىشىپ قاپتۇ. ئېچىنىشلىق يېرى شۇكى، بۇ ئىككى قىز ئۆزلىرىنىڭ بىر ئادەم بىلەن يۈرۈۋاتقانلىقىنى زادىلا سەزمەپتۇ. ئەلۋەتتە، بۇنداق پەسەندە قىلىقنى ھەممە ئەرلەرنىڭ قىلىشى ناتايىن. بىراق، نۇرغۇن ئەرلەر چىرايلىق ئاياللارنى ئۇچراتقاندا، ھەقىقەتەن ئۆزىنى تۇتالمايدۇ.

باشقىلارنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن دەسلەپكى قېتىم كۆرۈشكەن ئەر ـ ئاياللارنىڭ بىر ـ بىرىنى ياقتۇرۇپ قېلىشىدا چىراي ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ. دېمەك، ناتونۇش ئەر ـ ئايالنىڭ دەسلەپكى كۆرۈشۈشىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ـ قازىنالماسلىقى ناھايىتى زور دەرىجىدە چىرايغا باغلىق. بىرى بىر ئوغۇل بالىغا قىز تونۇشتۇرغانىكەن، ئۇلار تۇنجى قېتىم بىر رېستوراندا كۆرۈشمەكچى بوپتۇ. ئۇلار ئىلگىرى بىر ـ بىرىنى زادىلا كۆرۈپ باقماپتىكەن، ئوغۇل بالا رېستورانغا بالدۇرلا كېلىپ، بىر ئورۇننى زاكاز قىلىپ، قىزنى كۈتۈپتۇ. ئۇ قىزنى يىراقتىن كۆرۈپلا، ئۇنىڭ چىرايىنىڭ ئادەتتىكىچە ئىكەنلىكىنى بايقاپ، ھاجەتكە چىقىشنى باھانە قىلىپلا كېتىپ قاپتۇ. بۇنىڭدىن ئەرلەرنىڭ ئاياللارنىڭ چىرايىغا نەقەدەر ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، مۇناسىۋەت ئورنىتىلىشتىن بۇرۇن، ئاياللارنىڭ چىرايى ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. شۇڭا، سىز مەلۇم بىر ئەر بىلەن تۇنجى قېتىم كۆرۈشكەندە ئەڭ ياخشىسى چىرايلىق ياسىنىپ بېرىڭ.

ئەمەلىيەتتە، سىز ئەرلەرنىڭ كۆز نۇرىدىن ئۆزىڭىزنىڭ جەلپكار ياكى ئەمەسلىكىڭىزنى بىلىۋالالايسىز، ئەرلەر جەلپكار ئاياللارنى كۆرگەندە، ھاياجانلانغانلىقتىن قىلغىلى قىلىق تاپالماي كېتىدۇ. بۇ نېمە ئۈچۈن ئەرلەرنىڭ بىرەر ئايالنى ياخشى كۆرۈپ قالسا، شۇ ئايالنىڭ ئۇنىڭ نەزىرىدە تېخىمۇ گۈزەل بولۇپ كېتىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىدۇر.

# 28. بەزى ئەرلەر مۇغەمبەرلىك قىلىپ كۆنگەن

*بۇ خىل ئەرلەر جەمئىيەتتە «ئەپلەپ - سەپلەپ كۈن كەچۈرمەك»چى بولىدىكەن، ياخشى ئاتاق چىقارمىسا بولمايدۇ. ئۇلار ھەم ئۆزىنىڭ نامىنى قوغداش، ھەم مەنپەئەتىگە دەخلى - تەرۇز يەتكۈزمەسلىك، ھەم ئۆزىنىڭ ئاشۇ چېكىدىن ئاشقان شەھۋانىي ھەۋىسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، «مۇغەمبەرلىك قىلىش»تىن ئىبارەت ئەڭ ياخشى ھەل قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىدۇ. شۇڭا، ئورنى قانچە يۇقىرى، ئاتىقى قانچە چوڭ بولسا، مۇغەمبەرلىك قىلغىنىنى پەرق ئېتىش شۇنچە تەس.*

ساختا مېھرىبانلىق كۆپ ھاللاردا «خۇلۇق - مىجەز» بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ئۇ ئاشۇ ئەسلى تەبىئىي تۇيغۇ جەھەتتە «جىنسىي مۇناسىۋەت»كە ئىنتايىن بېرىلىدىغان، ئەمما يەنە مۇغەمبەرلىك قىلىدىغان ئەرلەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق ئەرلەر «پاكلىق ۋە ئالىيجانابلىق»نى ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيدۇ. لېكىن، ئاستىرتتىن جىمى پەسكەش ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلىدۇ.

«ئون ئايالنىڭ سۆھبىتى» دېگەن كىتابتا مۇشۇنداق بىر ئادەم بار:

ئۇ مەلۇم بىر تېببىي ئىنستىتۇتنىڭ قىرائەتخانىسىدا ئىشلەيدۇ. قىرائەتخانىدىكى كىتابلارنى يۆتكىگەن چاغدا، قىزلارنىڭ قىپيالىڭاچ

رەسىملىرى بار بارلىق كىتابلارنىڭ ھەممىسىنى تاللىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ تارتمىسىغا سېلىۋالىدۇ ھەمدە كىتاب رەتلەۋاتقانلار ساپلا ياشلار ئىكەن، ئۇلار بۇ كىتابلارنى كۆرسە، يامان ئۆگىنىپ قالىدۇ دەيدۇ.

بۇ پېشقەدەم كۇتۇپخانا خادىمىنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى كىشىنى ھەقىقەتەن قايىل قىلاتتى. بىراق، ئويلىمىغان يەردىن، ئۇ ئۆزى تارتمىسىغا بېشىنى تىقىۋېلىپ، بىر - بىرلەپ كۆرۈشكە باشلايدۇ!

ئەمدى ئايرىم دىنىي ئەربابلارنىڭ ساختا مېھرىبانلىق (مۇغەمبەرلىك) قىلىقلىرىنى ئاڭلىساق، ئاغزىمىزنى تۇتۇپ تېخىمۇ ھەيران قالىمىز. بۇ روھانىيلار، موللىلار كاتتا دىنىي سورۇنلاردا، مۇراسىملاردا ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن: «بىزنىڭ پاك قەلبىمىزنى بۇلغاۋاتقان پەسكەش ھەۋەسلىرىمىز دوزاخقا مەھكۇم بولغاي!» دەپ ۋەز ئېيتىپتۇ. بىراق، بىر تارىخىي ماتېرىياللارنى ۋاراقلىغىنىمىزدا، ئەجەبلەنمەي تۇرالمايمىز:

1) رىم پاپاسى يوھان 23 زىناخورلۇق، پاھىشىۋازلىق ۋە باشقا جىنايەتلەر بىلەن ئەيىبلەنگەندى.

2) روھانى سان ئاۋگۇستىننىڭ 1130 - يىلى ئىبادەتخانىسىنىڭ ئەر باشلىقلىقىغا سايلىنىپ، تېخى ۋەزىپىگە ئولتۇرمىغان 70 ئاشنىسىنىڭ بارلىقى ئېنىقلانغان.

3) لىگې شەھىرىنىڭ باش روھانىسى ھېنرى Ⅲ نىڭ نىكاھسىز تۇغۇلغان بالىسىدىن 65 بولغانلىقى ئۇچۇن ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلانغان.

ئاياللار ئادەتتە، ساختا مېھرىبانلىق قىلمايدۇ (بۇنداق ئاياللارمۇ بار ئەلۋەتتە)، مەسىلەن: توي قىلغان ئاياللار باشقا ئەرلەر بىلەن «ئويناش» قىلسا، ئېرى ئۇقايلا بىلىۋالىدۇ، چۈنكى ئاياللارنىڭ ئاغزى ئادەم ئالدىيالىغىنى بىلەن، كۆزى ئۇقايلا چاندۇرۇپ قويىدۇ. چۈنكى، ئاياللارنىڭ ھەرىكىتى ئادەم ئالدىغىنى بىلەن لېكىن ئۇلارنىڭ تەقى - تۇرقى، تىلى ئادەم ئالدىيالمايدۇ.

ئاياللار ئادەتتە جىنسىيەت ۋە مۇھەببەتنى ئايرىمايدۇ، ئۇلارنىڭ «ئاشنىسى»غا بولغان مۇھەببىتى ۋە ئېرىگە بولغان بىزارلىقى كۆپ ھاللاردا

مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەندە، ئايالىنىڭ ۋۇجۇدىدىن بىر خىل خۇشياقمىغاندەك پوزىتسىيە ئىپادىلىنىپ قالىدۇ. بۇ ئاياللارنىڭ مۇغەمبەرلىك قىلىشنى قاملاشتۇرالمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

بەزى ئەرلەرنىڭ مۇغەمبەرلىك قىلىشقا ئادەتلىنىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇلار ئەخلاق بىلەن شەھۋانىي ھەۋەسنىڭ زىددىيىتىنى ساختىلىق بىلەن ھەل قىلىشقا ئۇرۇنغان.

بۇ خىل ئەرلەر جەمئىيەتتە «ئەپلەپ ـ سەپلەپ كۈن كەچۈرمەك» چى بولىدىكەن، ياخشى ئاتاق چىقارمىسا بولمايدۇ. ئۇلار ھەم ئۆزىنىڭ نامىنى قوغداش، ھەم مەنپەئەتىگە دەخلى ـ تەرۇز يەتكۈزمەسلىك، ھەم ئۆزىنىڭ ئاشۇ چېكىدىن ئاشقان شەھۋانىي ھەۋەسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، «مۇغەمبەرلىك قىلىش» تىن ئىبارەت ئەڭ ياخشى ھەل قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىدۇ. شۇڭا، ئورنى قانچە يۇقىرى، ئاتىقى قانچە چوڭ بولسا، مۇغەمبەرلىك قىلغىنىنى پەرق ئېتىش شۇنچە تەس.

سەۋەبىنىڭ ئىككىنچىسى، ئەرلەر ساختىلىق قىلىش ماھارىتىنى ئىگىلەشكە ماھىر كېلىدۇ.

ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا، نەسىلدىن ـ نەسىلگە ئۆتۈش ئارقىلىق، ھازىرقى ئەرلەرنىڭ ھەممىسى «تۇغما تالانتلىق ئارتىس» بولۇپ كەتتى. ئەرلەر ئەۋزەل جىنس بولغانلىقى ئۈچۈن، ھۆرمەتلىنىپ «ئېسىلزادىلەر» دەپ ئاتىلاتتى، ئاياللار پەس جىنس بولغانلىقى ئۈچۈن كەمسىتىلىپ «مەزلۇم خەق» دەپ ئاتالغان. ۋەھالەنكى، مەيلى خەنزۇ تىلى بولسۇن، ياكى فرانسۇز تىلى بولسۇن ھەممىسىدە پەقەت «ساختا ئېسىلزادىلەر» (ساختىپەزلەر) دېگەن سۆز بار بولۇپ، «ساختا مەزلۇم خەق» دېگەن سۆز تېپىلمايدۇ.

پىسخىكا جەھەتتىن پىشقان كۆپلىگەن ئەرلەرنىڭ ھەممىسى مۇغەمبەرلىك قىلىدۇ. شۇغىنىسى بەزىلىرىنىڭ ماھارىتى ئۇستۇن، بەزىلىرىنىڭ تۆۋەن، بەزىلىرى قاملاشتۇرىدۇ، بەزىلىرى قاملاشتۇرالمايدۇ. بۇ خۇددى پۇلنى ئوغرىغا داۋاملىق ئالغۇزۇپ قويۇپ، زىيان تارتىۋەرگەندىن كېيىن، ئۆزىمۇ ئوغرىلىق قىلىشنى ئۆگىنىشكە باشلىغانغا ئوخشاش بىر ئىش.

# 29. نۇرغۇن ئەرلەردە دائىم گۇناھكارلىق تۇيغۇسى بولىدۇ

***ئەرلەر مۇستەقىللىق ئېڭى كۈچلۈك، مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشقا جۈرئەت قىلالايدىغان جىنس، مەيلى نېمىلا ئىش قىلمىسۇن، دائىم ئۆزىنىڭ ئاشۇ «ئۆزىنى تۇتۇش پرىنسىپى»غا ئەمەل قىلىدۇ.***

گۇناھكارلىق تۇيغۇسى بەزى ئەرلەرگە ئۆمۈرۋايەت ھەمراھ بولىدىغان بىر خىل پسىخىكىلىق يۇكتۇر.

ئىنى ـ سىڭىللىرى سىرتتا باشقىلار تەرىپىدىن بوزەك قىلىنغاندا، ئاكىسىنىڭ ئۇلارنىڭ دەردىنى ئېلىپ بېرىشكە قۇربىتى يەتمىسە، ئاتا ـ ئانىسى، بالاۋاقىسى ئاغرىپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغاندا، ئۆزى ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇرۇشتىن باشقا ھېچقانداق ئىش قىلىپ بېرەلمىسە، كەلگەن مېھمان ئۆي ئىگىسىدىن رەنجىپ كېتىپ قالغاندا ياكى ئۇقۇشماسلىقتىن باشلىقىنى بىھۇدە رەنجىتىپ قويغاندا. ياش يىگىتلەردە گويا قەرزگە بوغۇلۇپ قالغاندەك، دائىم بىر خىل گۇناھكارلىق تۇيغۇسى پەيدا بولىدۇ.

تۇنجى قېتىم سۆيگۇ ھەۋەسىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن قىز دوستىنى سۆيگەن چاغدا ياكى قىز دوستىنىڭ سۆيۈشىنى قوبۇل قىلغاندا، بىرىنچى قېتىم جىنسىي ھەۋەسنىڭ تۈرتكىسى ئارقىسىدا قىز دوستى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئېلىپ بارغاندا، ئۆزىنىڭ مۇشۇ ھەرىكىتى تۈپەيلى قىز تەرەپنىڭ چۈشكۈنلىشىپ ھەتتا بۇزۇلۇپ كېتىشىدىن قورقۇش ھەم ئۆزىنىڭ يېگىسىنى

ئەنسىرەش روھىي ھالىتى، ئەرلەرنىڭ ياشلىق دەۋرىدىكى گۇناھكارلىق تۇيغۇسىغا تىپىك مىسال بولالايدۇ.

روسسۇ: «ئەرلەرنىڭ جىنسىي تۇرمۇشى ئاياللارغا قارىغاندا گۇناھكارلىق تۇيغۇسىنىڭ بۇرمىلىشى ۋە زەھەرلىنىشىگە تېخىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ.» دېگەنىدى.

توي قىلغاندىن كېيىن، ئۆزى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىغان ئايالىنى بەختلىك قىلالمىغان چېغىدا: بالىسىنى مەكتەپتە ئوقۇتالمىغان، ياكى بالىسى باشقىلارنىڭ نەرسىلىرىنى ئوغرىلىغان چاغدا، ئاتا ـ ئانىسى ياشىنىپ قالغان چاغدا ئۇلارنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئالالمىغان ھەم ئۇلارنىڭ ئۆزىنى بېقىپ چوڭ قىلغان ئەجرىگە مۇناسىپ جاۋاب قايتۇرالمىغان چېغىدا. دائىم ئۆزىنى ئەيىبلەپ، ئۆزىنى ئەيىبكار ھېسابلايدۇ. بۇ چوڭلارنىڭ گۇناھكارلىق تۇيغۇسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ياشانغان چاغدا، ئۆزىڭىزنىڭ بالاۋاقىسىنىڭ چوڭ بولغاندىن كېيىن، باشقىلارنىڭ بالا ـ چاقىلىرىدەك كاتتا ئادەم بولۇپ چىقالمىغانلىقىنى ھېس قىلىغىنىڭىزدا، ئۆزىڭىزنىڭ بالا ـ ۋاقىلىرى ئۇچۇن ئازدۇر ـ كۆپتۇر بايلىق ۋە تەۋەرۈك قالدۇرالمىغانلىقىڭىزنى ئويلىغىنىڭىزدا. بىر خىل مۇڭلۇق گۇناھكارلىق تۇيغۇسىنىڭ ئۆزىڭىزنى قىيناۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىسىز.

كۆپلىگەن ئەرلەرگە نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئەتراپىدا يۈز بەرگەن بارلىق سەۋەنلىكلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆزى كەلتۈرۈپ چىقارغاندەك تۇيۇلىدۇ.

ياپونىيىلىك پسىخولوگ كوكۇئېن ياسىئو «ئەرلەرنىڭ سىرى» ناملىق كىتابىدا، ئەرلەرنىڭ گۇناھكارلىق تۇيغۇسىنى ئەرلەردىكى «ئۆزىنى تۇتۇش پرىنسىپى»غا باغلىغان.

ئەرلەر مۇستەقىل ئىگى كۈچلۈك، مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشقا جۈرئەت قىلالايدىغان جىنس، مەيلى نېمىلا ئىش قىلمىسۇن، دائىم ئۆزىنىڭ ئاشۇنداق «ئۆزىنى تۇتۇش پرىنسىپى»غا ئەمەل قىلىدۇ. مەسىلەن:

«مەن كېلەركى ئايدا مۇنۇ، مۇنۇ ئىشلارنى قىلىشنى پىلانلىدىم.»
«مەن ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىشتىن ۋاز كېچىپ، خىزمەت تېپىشنى

ئويلىدىم» . مۇشۇنداق ئەرلەر مەيلى قانداق بىر مەسىلىگە دۇچ كەلمىسۇن، ھەممىسىنى ئۆزى مۇستەقىل بىر تەرەپ قىلىشقا ئالدىرايدۇ. ئۇنىڭدىن چاتاق چىققان چاغدا، ھەممە مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالماي قانداق قىلىدۇ؟

كېيىن، «ھەي! ئەگەر ئاشۇ ئۆلگۈر پىلاننى ئىجرا قىلمىغان بولسام قانداق ياخشى بولغان ـ ھە! » ، «ئەگەر مەن ئوقۇشنى تاشلىۋېتىپ، دۇكان ئاچىمەن دېمىگەن بولسام، ھەرگىزمۇ بۇنچىۋالا قەرزگە بوغۇلۇپ قالمىغان بولاتتىم ئەمەسمۇ؟ » دەپ پۇشايمان قىلىدۇ. بۇنداق مىساللار ناھايىتى نۇرغۇن.

ئاياللارنىڭ ئەھۋالى بولسا ئادەتتە ئوخشىمايدۇ، ئۇلار بىرەر ئىشنى خاتا قىلىپ قويغان بولسا پەقەت شۇ ئىشتىن خىجىل بولۇپ كېتىدۇ. ئەمما، كۆپ ھاللاردا گۇناھكارلىق تۇيغۇسىدا بولمايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئاياللار «باشقىلارنىڭ ئۆزىنى تۇتۇش پرىنسىپى»غا ئەمەل قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەرىكەت مىزانى «باشقىلار قانداق قىلسا، مەنمۇ شۇنداق قىلىمەن» دېگەندىن ئىبارەت. شۇڭا، مەيلى مۇۋەپپەقىيەت قازانسۇن، ياكى مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىسۇن، مەيلى خالاپ قىلسۇن، ياكى ئالدانسۇن، بۇنداق ئاياللارنىڭ ھەممىسى ئاساسلىق مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالمايدۇ. شۇڭا، تەبئىي ھالدا ھېچقانداق گۇناھكارلىق تۇيغۇسى پەيدا بولمايدۇ، كۆپ بولسا ئۆزىنىڭ ئۆتكۈزگەن سەۋەنلىكلىرىدىن خىجىللىق ھېس قىلىدۇ، خالاس.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئەرلەر ئادەتتە بىر قەدەر مۇھىم خىزمەتلەر بىلەن شۇغۇللانغاچقا (ھېچبولمىغاندا بۇرۇن شۇنداق) ، كۆپ ھاللاردا بۇ بىر ئائىلىنىڭ بەختى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. شۇڭا، ئۇلارنىڭ سەۋەنلىكلىرى ياكى مەغلۇبىيىتىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقان ۋە دوستلىرىغا ئېلىپ كېلىدىغان زىيىنىمۇ كۆپرەك بولىدۇ. ۋەھالەنكى، ئاياللار دائىم ئانچە مۇھىم بولمىغان، پاسسىپ رولدا بولغاچقا، ئۇلارنىڭ رولىمۇ بىر قەدەر كىچىك، مەسئۇلىيىتىمۇ مۇناسىپ ھالدا ئازراق بولىدۇ. بۇ ئېھتىمال ئەر ـ ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقتىن كېلىپ چىققان بولسا كېرەك.

## 30. بۇ ئەرلەر ناھايىتى بىمەنىدۇر

*ئەرلەر بىمەنىلىكتە چەكتىن ئېشىپ كەتمىسىلا، ئۇنى بەكمۇ ئەيىبلەپ كېتىشكە بولمايدۇ. چۈنكى، ئىنسان ھاياتىنىڭ ئاز دېگەندە ئۈچتىن بىر قىسمى بىمەنىلىك ئۈچۈن ھازىرلانغان بولۇشى مۇمكىن. بىراق، بۇنىڭدىن قانائەت ھاسىل قىلماي، پۈتۈن ئۆمرىنى بىمەنىلىكتە ئۆتكۈزۈش ھەممىدىن بەك قورقۇنچلۇقتۇر.*

ئىنساني ھايات ئويلىنىشقا ۋە ئەسلەشكە ئەرزىيدۇ. ناۋادا، بىزگە ئۆز كەچۈرمىشلىرىمىزنى ئەستايىدىل مۇلاھىزە قىلىش پۇرستى بېرىلسە، بىز كولومبو يېڭى قۇرۇقلۇقنى بايقىغاندەك، بىر خىل ھاياجانلىق ئىلكىدە قايتا تەۋرىنىشىمىز ۋە ھەيرانلىق ھېس قىلىشىمىز مۇمكىن: ئۇ بولسىمۇ ئەرلەر ئۆمرىنىڭ ناھايىتى زور بىر قىسمىنى بىمەنىلىك بىلەن ئۆتكۈزۈۋەتكەن. بۇ كۆرۈنۈشتە ناھايىتى قورقۇنچلۇق بىر ئىش.

كۆپلىگەن ئەرلەر ئۆمرىنىڭ ئالتۇن دەۋرىنى قارتا سورۇنى ۋە ھاراق جوزىسىدا بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ. بىز ئۇنى ئاددىي بىمەنىلىك دەپ ئاتايمىز. قىزىقىشى ئوخشاپ كېتىدىغان بىر نەچچە قوشنىلارنىڭ بىر يەرگە جەم بولۇپ، قارتا ياكى شىشخال ئوينىشى ناھايىتى نورمال ئەھۋال. ئەمما ئۇلار بۇ ئويۇنغا كىرىشىپ كەتكەندىن كېيىن، خۇمار بولۇپ قېلىپ، ھەر كۈنى ئوينىمىسا، قوللىرى قىچىشىپ تۇرالمايدىغان بولۇپ قالىدۇ ـ دە، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ قىممەتلىك ۋاقتى ئاستا ـ ئاستا بىھۇدە ئۆتۈپ كېتىدۇ. ھاراقكەشلەرمۇ خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش. كېيىن ئۇلار ئېسىگە كېلىپ،

قولىدىكى ئاشۇ قارتا ياكى شىشخال ۋە رومكىنى تاشلىۋەتكەندە، كېچىكىپ قالىدۇ. چۈنكى، ئۇلار خۇدانىڭ ئۆزلىرىگە قالدۇرغان ۋاقتىنىڭ ئاز قالغانلىقىنى سېزىدۇ. بۇ چاغدا ئۇلار قانچە ئەپسۇسلانغان بىلەن ئۇنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇۋالالمايدۇ.

بىراق، بەزى چاغدا، ئادەم بۇ خىل بىمەنىلىككە ئېھتىياجلىق بولۇپ قالىدۇ. چۈنكى ئۇ ئەخمەق، ياسالما بولغاچقا، ئۇ كىشىلىك دۇنيادىكى يالغۇزلۇق ۋە باش ئاغرىقلىرىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ. شۇڭا بۇ خىل بىمەنىلىكنى پەيدا قىلىش ھەمدە ئۇزلۇكسىز ئۇنىڭغا ماسلىشىش ئارقىلىق، ئادىمىيلىك قىممىتىنى سۇسلاشتۇرىدۇ.

يەنە بىر خىلى، ئاقسۆڭەكلەرچە بىمەنىلىك. بۇ خىل بىمەنىلىك جەزمەن پۇل ۋە مال مۈلۈك ئاساسىغا قۇرۇلغان. شۇڭا، بەزى پۇلدار ئەرلەر ئېسىل ياسىنىۋېلىپ، رەڭگارەڭ ئەيش ـ ئىشرەت سورۇنلىرىدا پۇل چېچىپ كەيىپ ـ ساپا قىلىپ، خۇشال ـ خورام يەپ ـ ئىچىپ، كۆڭلىنى خۇش قىلىدۇ. بۇ خىل بىمەنىلىك بەزىدە كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرىسمۇ، ئەمما ئۇ يەنىلا بىر خىل بىمەنىلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭىنىسى، بەزى بىمەنە ئەدىبلەر ئۇنىڭغا ناھايىتى يېقىملىق قىلىپ «كۆڭۈل ئېچىش» دەپ ئات قويۇپ قويغان.

ئەڭ قىزىقى بىر خىل سودا خاراكتېرلىك بىمەنىلىك بولۇپ، ئۇ بىمەنىلىكتىن كىشىلەر بىزار بولۇشقا باشلىدى. نۆۋەتتە، ئۆزىنى ناھايىتى ئەقىللىق ھېسابلايدىغان بىر مۇنچە سودىگەرلەر بۇ خىل بىمەنىلىكنى ھەدەپ تەرغىب قىلماقتا. ئاشۇ «ئاناڭنى» دەپ ئاتالغان داڭلىق ماركىلىق تاۋار دۇنياغا كەلگەندىن بېرى، قانداقتۇر «ئاشىق ـ مەشۇقلار»، «قىز قوشلاش» دېگەندەك نەرسىلەر بالىلارنىڭ ئاغزىدىكى «داڭلىق ماركا» لارغا ئايلاندى. ئەمدى ئۇلار بۇ «قىزلار» نى قاچانغىچە قوشلايدۇ. بۇنىسى نامەلۇم، ئىشقىلىپ، بۇ سودىگەرلەر بازارغا سالغان ئېلېكترىك ئويۇنچۇقنىڭ بىر ئەۋلاد كىشىلەرنى بىكار تەلەپ قىلىپ قويدى. بۇ خىل زامانىۋى بىمەنىلىكلەر

قوشلاش» ئويۇنلىرىغا بېرىلىپ، ئۆزىنىڭ تازا بىلىم ئىگىلەيدىغان ئالتۇن دەۋرىنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ.

بىمەنىلىك، تۇرمۇشنىڭ بىر خىل ئېھتىياجى بولۇشى مۇمكىن، ئەمما ئۇ ھەم ئىنسانىي ھاياتتىكى بىر خىل مۇتلەق ئازابتۇر.

ئەرلەر بىمەنىلىكتە چەكتىن ئېشىپ كەتمىسىلا، ئۇنى بەكمۇ ئەيىبلەپ كېتىشكە بولمايدۇ. چۈنكى، ئىنسان ھاياتىنىڭ ئاز دېگەندە ئۈچتىن بىر قىسمى بىمەنىلىك ئۈچۈن ھازىرلانغان بولۇشى مۇمكىن. بىراق، بۇنىڭدىن قانائەت ھاسىل قىلماي، پۈتۈن ئۆمرىنى بىمەنىلىكتە ئۆتكۈزۈش ھەممىدىن بەكرەك قورقۇنچلۇقتۇر.

ئىشقىۋازلىققا بېرىلىشمۇ بىر خىل بىمەنىلىكتۇر. بەزى ئەرلەر ئۆمۈرۋايەت ئىشقىۋازلىققا بېرىلىپ، بارلىق ئەقىل ـ پاراسىتىنى ئىشقا سېلىپ ئاياللارنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىدۇ. ئۇلار كۈن بويى خوتۇن ـ قىزلارنىڭ كۆڭلىكىنىڭ ئەتراپىدا پىرقىراپ يۈرۈيدۇ ھەمدە شۇنىڭدىن ھوزۇرلىنىدۇ تاكى ئۇلار ئاياللارنى ئويناپ قانغاندا، شۇنىڭدەك ئاياللارمۇ ئۇلاردىن قانغۇچە ھوزۇرلانغاندا، ئۆمرىنىڭ بىر يەرگە بېرىپ قالغانلىقىنى سېزىدۇ.

تەلۋىلەرچە پۇلغا بېرىلىشمۇ بىر خىل بىمەنىلىك ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق ئەرلەرنىڭ نەپسانىيەتچىلىكى ھەممىگە ئايان، ئۇلارغا دوستلۇق مېھرى ۋە قېرىنداشلىق مېھرى كېرەك ئەمەس، ئۇلار قەبىھ ۋە يۈزسىز كېلىدۇ. ئۇلار ئىنسانىي ھاياتتىكى بارلىق گۈزەل نەرسىلەرنى رەت قىلىدۇ، تاكى بىر پۈتى گۆرگە ساڭگىلىغۇچە پۇل تېپىشنىڭ كويىدا بولىدۇ، ئۆلگەندىمۇ پۇل، پۇل دەپ كۆزىنى يۇمىدۇ، ئۇنداقلار بىر ئۆمۈر پۇلنىڭ قۇلى بولۇپ ئۆتىدۇ.

كۈن بويى ھوقۇقنى ئويىنىشمۇ بىر خىل بىمەنىلىكتۇر. ئۇلار قارىماققا نىقاب تاقىۋالغان مۆتىۋەرلەرگە ئوخشىسىمۇ، ئۇلارنىڭ بىمەنىلىكى جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن چارچاشنى بەدەل قىلغان. ئاتالمىش ھوقۇق ئۈچۈن، ئۇلار پۈت تېپىشىدۇ، ئۆز ئارا قەست قىلىشىدۇ، بىر ـ بىرىنىڭ ئۈستىدىن يالغان ـ ياۋداق گەپ تارقىتىشىپ، ئىككى يۈزلىمىلىك قىلىدۇ،

ھەتتا سەكرەپ ئوتتۇرىغا چىقىپ تىرە تاراقشىتىشىدۇ. ۋەھالەنكى، ھوقۇق مەڭگۈلۈك ئەمەس.

بىمەنە ئەرلەر ناھايىتى بىچارە كېلىدۇ.

ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، ياخشى ئەرلەر پەقەت بىمەنىلىك ئارقىلىق كۆڭلىدىكى ئاشۇ غەم ـ قايغۇنى ھەيدەيدۇ؛ ئەمما بەزى بىمەنە ئەرلەر بولسا، بىمەنىلىك ئارقىلىق ئۆزىنىڭ نارازىلىقى ۋە ھايۋانىي ھەۋىسىنى قاندۇرىدۇ.

ئۇلارنىڭ بىمەنىلىكى ئۆزى ئۈچۈن ئاپەت، دۇنيا ئۈچۈن ئەخلەتتۇر.

نۇرغۇن ئەرلەر بىمەنىلىكتىن قۇتۇلالمايدۇ، ئەمما ئۇلار ئۆزىنىڭ بىمەنىلىككە تۇتقان پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ.

ئەرلەر بىمەنىلىكنى رەت قىلالمايدۇ. بىراق، ئۇلار بىمەنىلىكنىڭ ئۇسۇللىرىنى تاللىۋالسا بولىدۇ. ئازابلانغان چاغدا، سۆيگۈنىدىن ئايرىلىپ قالغان چاغدا، ئەسەبىيلىكى تۇتقان چاغدا، ئورمانلىقلارغا، دېڭىز بويلىرىغا بېرىپ، ئاسمانغا قاراپ بولۇشچە ۋارقىراشنىڭ ئۆزىمۇ بىر خىل دەردىنى (ئىچ پۇشۇقىنى) چىقىرىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. غەمگە پاتقان چاغدا ھويلىدا ئېچىلىپ كەتكەن گۈللەردىن بەھىر ئېلىش، باغچىلارغا بېرىپ ئايلىنىش، يېقىن دوستلار بىلەن بىللە يۈرۈپ مۇڭدىشىش ياكى قىرائەتخانىلارغا بېرىپ جىمجىت كىتاب كۆرۈشنىڭ ئۆزىمۇ بىر خىل كۆڭۈل ئېچىش ئۇسۇلىدۇر ...

بىز نېمىشقا ئاشۇ كۆرۈنۈشتە بىمەنە، ئەمەلىيەتتە نازاكەتلىك، يەنە كېلىپ ئاجايىپ لەززەتلىك بولغان، دۇنيا ۋە ئۆزى ئۈچۈن ئورتاق بولغان تۇرمۇش ئۇسۇلىنى تاللىۋالمايمىز؟

ئېسىڭىزدە بولسۇن، بىر مۇنەۋۋەر ئەر، بىمەنىلىكنى چىرايىغا يېزىپ ئەمەس، بەلكى قەلبىنىڭ چوڭقۇر يېرىگە كۆمۈپ قويىدۇ.

ئېھتىمال بارلىق ئەرلەرنىڭ ھەممىسى بىمەنىلىك ھېس قىلىشى مۇمكىن. ئەمما، ئۆمرىنى بىمەنە ئىشلار بىلەن ئۆتكۈزىدىغان ئەرلەر كۆپ ئەمەس.

بىمەنىلىك ئەرلەر ئاسمىنىدىكى بىر پارچە بۇلۇتتۇر.

# 31. ئەرلەر ئۆتمۈشىگە تېخىمۇ كۆڭۈل بۆلىدۇ

*ئادەتتە، بىر ناھايىتى ئوبدان قىز بالا ئىلگىرى ئەسكىلىكتە نام چىقارغان بىر ئەرگە تېگىشى مۇمكىن. ۋەھالەنكى، بىر ئەر ئىلگىرى ناھايىتى ئەسكى، ئەمما ھازىر تۈزۈلۈپ كەتكەن ئايالنى ئېلىشى ناتايىن.*

كۆپلىگەن ئەرلەر نېمە ئۈچۈن ئۆزىنىڭ سۆيگىنىنىڭ ئۆتمۈشىگە زىيادە كۆڭۈل بۆلىدۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئالدى بىلەن «يۈزى ئېچىلمىغان قىزغا خۇراپىيلارچە چوقۇنۇش» ئىدىيىسى غالىب كەلگەن.

ئۆز سۆيگىنىنىڭ قىزلىقىنى ئالالمىسا، باشقىلاردىن ئېشىپ قالغان «تاشلاندۇق»نى تېرىۋالغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالامدۇ؟ بۇ ئەرلەرنىڭ غۇرۇرىغا تاقىلىدىغان ئىش.

ئىككىنچىدىن، بىر خىل كۈچلۈك «ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىش ئىستىكى» نىڭ تەسىرىدىن بولغان. بۇ خىل ئىستەكنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئەرلەر سۆيگىنىنىڭ ھازىرى ۋە كەلگۈسىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالغاندىن تاشقىرى، ھەتتا ئۇنىڭ ئۆتمۈشىنىمۇ ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىشقا ئۇرۇنىدۇ. ئەرلەردە بۇ خىل «ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىش ئىستىكى» چوڭىيىپ كەتكەن ھامان ھەتتا ئۇرۇق- تۇغقانلار، ئىنىشداشلار، دوستلار ئوتتۇرىسىدىكى نورمال بېرىش- كېلىشلەرگىمۇ كايىشقا باشلايدۇ.

ئۈچىنچىدىن، بارلىق ئەرلەرنىڭ ھەممىسى مەن سۆيگىنىمنىڭ ئۆتمۈشىنى بىلىشكە ھەقلىق دەپ قارىغانلىقىدىندۇر.

سوراپ باقايلى: ئۇنىڭ سۆيگىنىنىڭ قىلغان ـ ئەتكىنى قائىدە ـ يوسۇنغا ئۇيغۇن كېلەمدۇ ـ يوق؟ ھەتتا خېلى كەڭ قورساق ئەرلەرمۇ بەزى كۆڭۈلسىز ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشى تۈپەيلى ئۆمۈرۋايەت ئەپسۇسلىنىشتىن ئەنسىرەپ ئاڭسىز ھالدا بولسىمۇ، سۈرۈشتە قىلماي قالمايدۇ. قىزىقارلىق يېرى شۇكى، بۇ جەھەتتە، نۇرغۇن ئاياللار ئەرلەرگە قارىغاندا، كەڭ قورساق كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنى سۆيگىنىنىڭ ھازىرى ۋە كەلگۈسى بولغاچقا، ھەر قايسى جەھەتتە ئەرلەرگە يول قويىدۇ.

گۇمانخور ئەرلەرگە ئۇچراپ قالسا، ئۇنداق ئەرلەر ئاياللارنىڭ ئۆتمۈشتىكى شەخسىي سىرىنى زېرىكمەي سوراۋېرىدۇ، ناۋادا قىز تەرەپ بىرىنى دەپ بەرسە، ئۇ ئىككىنچىسى ۋە ئۈچىنچىسىنى دەپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالىدۇ. بۇنداق ئەھۋالغا قارىتا، ئۆتمۈشتە ئاز ـ تولا ئىش ئۆتۈلگەن تەقدىردىمۇ، ئاياللارنىڭ «ئىقرار قىلىپ تاپشۇرۇش» قا ئالدىرىماي، سىلاپ ـ سىپاپلا ئۆتكۈزۈۋەتكىنى تۈزۈك. ئاياللارنىڭ بەرگەن جاۋابىنىڭ نەتىجىسى بەزى ئەرلەرگە نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، ھەل قىلغۇچ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇشى مۇمكىن.

ناھايىتى نۇرغۇن ئەرلەر ئاياللارغا: «ھېچقىسى يوق، مەن ھازىر سىزنى سۆيىمەن، ئۆتمۈشىڭىزگە قىزىقمايمەن.» دەيدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇ ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ ئالدايدىغانلا لاپ گەپتۇر. ئەرلەر قىز دوستىنىڭ ئۆتمۈشىگە ناھايىتى ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىدۇ.

ياپونىيىنىڭ مەشھۇر ھازىرقى زامان يازغۇچىسى تاكا كوچىنىڭ «ھاياتلىق دەرىخى» ناملىق رومانىدا مۇنداق بىر ۋەقەلىك بار:

مەلۇم مەيخانىدىكى بىر چىرايلىق مۇلازىم قىز بىر ئەرنى ياقتۇرۇپ قېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە يېتىپ قويىدۇ. بۇ ئەر سۈرۈشتۈرۈش ئارقىلىق بىر ئاماللار قىلىپ ھېلىقى قىزنىڭ ئىلگىرى بىرى بىلەن بىرگە تۇرغانلىقىنى ھەمدە ھېلىقى ئەرنىڭ بۇ قىزنىڭ يۈزىنى پىچاق بىلەن جىجىۋەتكەنلىكىنى بىلىۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، بۇ ئەر چۈشىدە بۇ قىزنىڭ ھېلىقى ئەر بىلەن

قوپاللىق بىلەن تارتىپ قويۇرۇپ:

— سەن ئۇنىڭدىن مېھرىڭنى زادىلا ئۈزەلمەيۋاتىسەن، بۇنىڭدا چوقۇم بىر سەۋەب بار! — دەپ گۇركىرىگەن.

بۇ مۇلازىم قىز ئازابلانغان ھالدا:

— ئۇ پەقەت ئازراقلا تېرەمنىلا جىجىۋەتكەنىدى، بىراق، سىز ئۇنىڭدىنمۇ ۋەھشىي ئىكەنسىز! — دېگەن.

نۇرغۇنلىغان ئەرلەر مۇھەببەتلىشىۋاتقان ئوبيېكتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى تەرەققىي قىلىپ مۇئەييەن باسقۇچقا يەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن: «مەن بىلەن يۈرۈشتىن بۇرۇن، كىم بىلەن يۈرگەن؟ ئۇ نېمە ئىش قىلىدۇ؟ ئۇ قاچانقى ئىشلار؟ سىلەرنىڭ مۇناسىۋىتىڭلار قايسى دەرىجىگە بېرىپ يەتكەن؟» دەپ سورايدۇ. ئۇلارنىڭ ئەلپازى گاھىدا جىنايەتچىلەرنى سوراق قىلىۋاتقان ساقچىلارنىڭ ئەلپازىدىن قېلىشمايدۇ. بەزىدە بولسا مېھرىبان ئانىلاردەك يۇمشاق تەلەپپۇزدا ئېيتىدۇ. ئەرلەر مانا مۇشۇنداق! ئاياللارنىڭ ئۆتمۈشىگە ئېسىلىۋالىدىغان بۇنداق ئەسكى ئادەت، زادى قەيەردىن كەلگەندۇ؟

ھەر ئىككىلا تەرەپ ئىشق ـ مۇھەببەتكە بېرىلىپ كەتكەندە، كۆپلىگەن ئاياللار ئەرلەرنىڭ ئۆتمۈشىگە ئانچە قىزىقىپ كەتمەيدۇ، ۋەھالەنكى، كۆپلىگەن ئەرلەر بولسا بۇنىڭ ئەكسىچە ئاياللارنىڭ ئۆتمۈشىگە ئىنتايىن قىزىقىدۇ. ھەتتا ئۇجۇر ـ بۇجۇرلىرىگىچە ھارماي سورايدۇ. نېمە ئۈچۈن ئەرلەردە بۇنداق روھىي ھالەت بولىدۇ؟

بىرىنچىدىن، بۇ بەزى ئەرلەرنىڭ كۈندەشلىكىنىڭ ئاياللارنى بېسىپ چۈشىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. بەزىلەر: كۈندەشلىك قىلىش ئاياللارنىڭ پاتېنتى دەپ قارايدۇ. بۇ ھەقىقەتەنمۇ بىر خىل خاتا كۆز قاراشتۇر. چۈنكى، نۇرغۇنلىغان ئەرلەرنىڭ كۈندەشلىكى ئاياللارنى بېسىپ چۈشىدۇ. شېكسپىرنىڭ «ئوتېللو» ناملىق بىر داڭلىق درامىسى بار بولۇپ، ئۇنىڭدىكى باش قەھرىمان ئوتېللو ئايالىنى باشقا ئەرلەر بىلەن ئىش ـ پەش تارتىشىپ يۈرۈۋاتىدۇ دەپ گۇمان قىلىپ، ئۇنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈپ قويىدۇ.

ئىككىنچىدىن، نورغۇنلىغان ئەرلەرنىڭ يالغۇز ئىگىلىۋېلىش ئىستىكى ناھايىتى كۈچلۈك بولىدۇ. ناۋادا ئۇ قىز بۇ ئەرنىڭ قىز دوستى بولغان بولسا، ئۇ ھالدا بۇ ئەر كۆز ئالدىدىكى بۇ ھالەتكە رازى بولمايدۇ. ھەتتا ئۇنىڭ ئۆتمۈشىگىمۇ چاڭ سېلىشقا باشلايدۇ. ئۇ بۇنىڭ رېئاللىققا ماس كەلمەيدىغان ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، يەنىلا ئۇرۇنۇپ كۆرىدۇ. بۇ خىل ئىستەك يۈگەنسىز كېڭىيىپ كەتسە، بەزى نورمالسىز ئەھۋاللارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مەسىلەن:

قىز دوستى ئۆزىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، دوست - ئاغىنىلىرى بىلەن يېقىنلاشسا، ئۇ خاپا بولىدۇ. ھەتتا قىز بىرەر ئەركەك ئىتنى ئەركىلىتىپ قويسىمۇ ئەرنىڭ تۇمشۇقى سوزۇلۇپ قالىدۇ. دېمەك، قىزنىڭ ئۆزىدىن باشقا ھېچكىمگە، ھېچنېمىگە كۆڭۈل بۆلۈشىگە رۇخسەت قىلىنمايدۇ. بۇ خىل غەيري نورمال روھىي ھالەت كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاقىۋەتلەر بەزىدە ئادەمنى چۆچۈتىدۇ. ئىتالىيىنىڭ سىمۋولىزمچى شائىرى دىنناژى ئۆزىنىڭ ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسىرى «ئۆلۈمنىڭ غەلىبىسى» دە مۇنداق بىر باش قەھرىماننى تەسۋىرلىگەن. ئۇ ئايال باش قەھرىماننى مەڭگۈ ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىش ئۈچۈن ھەتتا ئۇنى ئۆزى بىلەن بىللە ئىشق - مۇھەببەت يولىــــدا ئۆلۈشكە مەجبۇرلايدۇ. زامانىمىزدىكى كۆپلىگەن ياش زىيالىيلار تۇرمۇش قۇرغاندىن كېيىن، بالا ئېلىشتىن ئىبارەت بۇ ئىشقا نىسبەتەن قورقۇنچ ھېس قىلىدۇ. ئۇلار بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن، ئايالىم ماڭا بولغان مۇھەببىتىنىڭ كۆپ قىسمىنى بالىغا قارىتىدۇ دەپ ئويلايدۇ، ئۇلار بۇنداق ئەھۋالنىڭ بولۇشىنى ھەرگىز خالىمايدۇ. ئەلۋەتتە، كۆپلىگەن ئەرلەر ھەتتا بالىسىنى ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتىمىزگە تەسىر يەتكۈزىدىغان «3 ـ شەخس» دەپ قارايدۇ. بۇنىڭدىن ئەرلەرنىڭ ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىش ئىستىكىنىڭ نەقەدەر كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئۈچىنچىدىن، نورغۇنلىغان ئەرلەر ئاياللارنىڭ ئۆتمۈشىنى سۈرۈشتۈرۈش ئۆزىمىزنىڭ بىر خىل ھەقلىق ھوقۇقى دەپ قارايدۇ. شۇڭا، ئۇلارقىز دوستىنىڭ ئۆتمۈشىنى ھارماي سورايدۇ ھەم بۇنىڭلىق بىلەن

بۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئەر دوستىنىڭ ھازىر ۋە كەلگۈسىگە كۆڭۈل بۆلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆتمۈشىگە ئانچە قىزىقىپ كەتمەيدۇ. ئۇلار: «ئەر دوستۇمنىڭ ئۆتمۈشتە بىر مۇنچە رومانتىك كەچۈرمىشلىرى بولغان بولسىمۇ، ئۇنى يەنە تەگەپ نېمە قىلاتتىم، ئوش، ئۆزۈمنى قىيناپ نېمە قىلىمەن! بولسا بولمامدۇ!» دەپ ئويلايدۇ. بۇ ئاياللاردا مۇشۇنداق كەڭ قورساق روھىي ھالىتىنىڭ بولۇشىغا، ئاساسلىقى جەمئىيەتنىڭ ئەرلەرگە نىسبەتەن كەڭ قورساق بولغانلىقى تەسىر كۆرسەتكەن. ئەنئەنىۋى ئىجتىمائىي كۆز قاراشلار ئەرلەرگە نىسبەتەن بۇنچىۋالا قاتتىق تەلەپ قويۇپ كەتمەيدۇ. ئەرلەر بىر نەچچە خوتۇنلۇق بولسا بولىدۇ، ئەرلەر پاھىشىخانىلارغا بارسا ئەيىبكە بويرۇلمايدۇ. ئاياللار ئەرلەرنى ماڭا ئوبدان مۇئامىلە قىلسىلا بولدى دەپ قاراپ، ئۇلارنىڭ بەزى ناشايىق ئىشلىرىغا قارىتا كۆرمەسكە سېلىش پوزىتسىيىسىدە بولىدۇ. ئەنئەنىۋى جەمئىيەتنىڭ ئاياللارغا قويغان تەلىپى ئىنتايىن قاتتىق. ھازىرقى زاماندىكى ئاياللارنىڭ ئەرلەرگە قارىتا تونۇشىدا يەنىلا ئۆتمۈشنىڭ بەزى تەسىرى ساقلانغان.

شۇڭا، بىز دائىم مۇنداق ئەھۋاللارنى كۆرىمىز: بىر ناھايىتى ئوبدان قىز بالا ئىلگىرى ئەسكىلىكتە نام چىقارغان بىر ئەرگە تېگىشى مۇمكىن. ۋەھالەنكى، بىر ئەر ئىلگىرى ناھايىتى ئەسكى، ئەمما ھازىر تۈزۈلۈپ كەتكەن ئايالنى ئېلىشى ناتايىن. ھازىر بىر مۇنچە ژۇرناللاردا دائىم «ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشتە ئۆتكۈزگەن سەۋەنلىكلىرىنى قارشى تەرەپكە تولۇق، ئىقرار قىلىش زۆرۈرمۇ؟» دېگەن تېمىدا ھەرخىل ماقالىلار ئېلان قىلىنماقتا. گەپنى ئوچۇق قىلغاندا، بۇ ئىشتا ئىقرار قىلمىسا تېخى، ئەمما ئىقرار قىلسا ئاغزىمدىن چىقتى، ساقلىمغا ياماشتى دېگەندەك، ئۇنىڭ نەتىجىسىنىڭ ئويلىغاندەك ياخشى بولۇپ كېتىشىمۇ ناتايىن. شۇڭا، تويدىن كېيىن كاشىلا پەيدا بولماسلىقنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان ئەڭ مۇۋاپىق ئۇسۇل، توي قىلىشتىن ئىلگىرى ئۆز ئارا چۈشىنىش ھاسىل قىلىش، چۈشىنىش ھاسىل قىلغاندىن كېيىن، ئاندىن توي قىلىشتۇر.

«تىس» رومانىدا ئەر باش قەھرىمان توي كېچىسى تىسنىڭ ئۆز ئاغزى بىلەن ئېيتقان سەرگۈزەشتىلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ قىز

ئەمەسلىكىنى ئۇقۇپ، خاپىچىلىقتا شۇ ئاخشىمىلا ئۆيدىن چىقىپ كېتىدۇ. گەرچە كېيىن ۋىجدان ئازابى تارتىپ تىسىنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ چاغدا تىسىنىڭ تەقدىرىدە غايەت زور ئۆزگىرىش پەيدا بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، تراگېدىيىنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ.

ئايالنىڭ ئۆتمۈشىنى سۈرۈشتۈرۈشكە قارىتا قانداق پوزىتسىيە تۇتۇش، بۇ ئېھتىمال ئەرلەرنىڭ بىر خىل ھوقۇقىدۇر. ئەگەر مۇشۇنداق بولسا، ئۇ ھالدا، ئاياللارمۇ ئەرلەرنىڭ ئۆتمۈشىنى سۈرۈشتۈرۈشكە تولۇق ھوقۇقلۇقتۇر.

## 32. بەزى ئەرلەرنىڭ قىزلىق رىشتى

***بەزى ئەرلەر ئاياللاردىن پاك بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەمما، ئۆزى «ناپاك» ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ بىمەنە ئىش بولمىسا كېرەك. بۇ خۇددى تازغا تاغاق كېرەك بوپتۇ، دېگەندەكلا بىر ئىش.***

ئۆزى ئىپپەتلىك ئوغۇل بولماي تۇرۇقلۇق، قارشى تەرەپنىڭ چوقۇم يۈزى ئېچىلمىغان قىز بولغان بولۇشىنى تەلەپ قىلىش، بەزى ئەرلەرنىڭ پسىخىكىسىدۇر.

تەيۋەندىكى بىر ئىجتىمائىي تەشكىلاتنىڭ تەكشۈرۈش دوكلاتىدا: ھازىرقى توي قىلمىغان ئەرلەر ئىچىدە، جىنسىي مۇناسىۋەت ئېلىپ بارغانلار 46%گە يېتىدۇ، توي قىلغۇچە ئىپپەتلىك بولۇشقا قەسەم ئىچكەنلەر ئاران 12%نى ئىگىلەيدۇ، دېيىلگەن. بۇنىڭدىن ئەرلەرنىڭ جىنسىي جەھەتتە ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىش قارىشىنىڭ نەقەدەر سۇسلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

يەنە بىر ئورۇننىڭ بويتاقلار ئۈستىدە ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈش ماتېرىيالىدا: كەلگۈسىدىكى ئايالىنىڭ مۇتلەق پاك بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلار 26%نى ئىگىلىگەن، پاك بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلار 38%نى ئىگىلىگەن، ئىككىسىنى قوشقاندا 6 ئۈلۈشتىن ئېشىپ كەتكەن.

بۇ ئىككى ماتېرىيالنى سېلىشتۇرۇپ كۆرسەك، ئەكس پەرقنىڭ روشەن ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە، توي قىلىشتىن ئاۋۋالقى كۆپلىگەن جىنسىي پائالىيەتلەرگە قارىتا ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈشنىڭ نەتىجىسى،

دەسلەپ بۇ تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويغانلارنىڭ يۈزدە 70 — 80 پىرسەنتىنىڭ ئەرلەر ئىكەنلىكىنى بىلدۇردى.

نېمە ئۈچۈن بەزى ئەرلەرنىڭ ئۆزىنىڭ بولمىغۇر ھەرىكىتىگە يۈگەن سالمايدۇ يۇ، سۆيگەن قىزىغا قاتتىق تەلەپ قويۇپ، ئۇنىڭ چوقۇم پاك بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ؟

بۇنىڭ سەۋەبى: بىرىنچىدىن، ئۇلار يۈزى ئېچىلمىغان قىزلارغا چوقۇنىدۇ. بۇ ئەرلەرنى پاكلىقنى تەلەپ قىلىدۇ، دېگەندىن كۆرە، قىزلىق پەردىسىگە چوقۇنىدۇ دېگەن تۈزۈك. ئەڭ كۈلكىلىك يېرى شۇكى، ياپونىيىدە يېقىنقى يىللاردىن بېرى بىر خىل «قىزلىق پەردىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئوپېراتسىيىسى» ئەۋج ئالغان. بەزى سانلىق مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، بۇنداق ئوپېراتسىيە ھەر يىلى 80 مىڭ قېتىم ئېلىپ بېرىلغان. قارىغاندا، يۇقىرىقى ئالامەتلەردىن يۈزى ئېچىلمىغان قىز ئېلىشنى نىيەت قىلغان ئەرلەر نېمە قىلارىنى بىلمەي قېلىشى مۇمكىن.

ئىككىنچىدىن، ئۇلار ئۆزلىرى پاك بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ناپاك ھەرىكەتلەرگە شۇنچە زىل بولۇپ، سۆيگۈنىنىڭ چوقۇم پاك بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ بىر خىل زىددىيەتلىك روھىي ھالەتتۇر.

بەزى ئەرلەر تېخى گەپتانلىق قىلىپ: «بىز تەجرىبىگە ئىگە بولغاندىلا، تويدىن كېيىن ئاندىن ئايالىمىزنى توغرا يېتەكلەپ كېتەلەيمىز، شۇنداق بولغاندىلا ئەر - خوتۇنلۇق تۇرمۇش كۆڭۈللۈك ئۆتىدۇ»، دەيدۇ. بىراق، بىز ئۇلارنىڭ بۇ گېپىدىن بۇنداق ئەرلەر ئۆزىنىڭ ھەر قايسى جەھەتتىكى قابىلىيىتىگە، بولۇپمۇ جىنسىي جەھەتتىكى ئىقتىدارىغا ئىشەنچ قىلالمايدىكەن، دېگەن مەنانى چىقىرىمىز. بۇ ئۈچىنچى سەۋەبىدۇر.

شۇڭا، بىر پارچە ئاق قەغەزگە ئوخشاش پاك قىزنى تاپماقچى بولسىڭىز، ئەڭ ياخشىسى ئۆزىڭىزمۇ مۇشۇنداق كىرسىز بولۇڭ. مۇشۇنداق بولغاندا كىمخاب ئۈستىگە گۈل باسقاندەك بولىدۇ.

مۇنداق بىر خىل ئەرلەرمۇ باركى، ئۆزلىرى ئېپپەتلىك ئوغۇل بولماي

تۇرۇپ، يەنە ئۆزى ئالماقچى بولغان قىزنىڭ يۈزى ئېچىلمىغان بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. بەزى ئەرلەردە بۇنداق ئاچ كۆز پسىخىكا قەدىمدىن تارتىپ مەۋجۇت بولۇپ كەلمەكتە.

جەمئىيەتتە ئەر ـ ئاياللار باراۋەر دەۋرگە قەدەم قويىدى، ئەر ـ ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى بىر مۇنچە تەڭسىزلىكلەر بارا ـ بارا يوقالماقتا. ۋەھالەنكى، مۇشۇ ئىشلار ئۆزگەرمەي ئۆز پېتى تۇرۇۋاتىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى، زادى نېمە؟ گەپنىڭ نەق ئۆزىنى ئېيتقاندا، ئەڭ ئاساسلىق سەۋەبى بۇ خىل ئەرلەر بەك مەنمەنچى، بەك شەخسىيەتچى بولغانلىقىدا؛ ئۇلار ئۆزىنىڭ مەنپەئىتىنىلا كۆزلەيدۇ، ئۆز كۆمىچىگىلا چوغ تارتىدۇ، بۇنىڭدىن قىلچە خىجىل بولمايدۇ.

# 33. بەزى ئەرلەر ئاياللار بىلەن پاراڭلىشىشنى خالىمايدۇ

*كۆپ ۋاقىتلاردا، بىر ئەر ئىچ قارىنىدىكىنىڭ ھەممىسىنى تۆكۈۋەتسە، باشقىلار ئۇنى ساددا، ئىش كۆرمىگەن ئادەمكەن دەپ قارايدۇ.*

كۈندىلىك تۇرمۇشتا، كۆپ ساندىكى ئاياللار ھەر كۈنى مۇنداق بىر قېتىم مەسىلىگە دۇچ كېلىدۇ: يەنى ئەرلەر بىلەن پاراڭلىشىشنى رەت قىلىدۇ، ئۇلار ھېسسىياتىنىڭ يېقىنلىشىشىغا قارشى تۇرۇپ، ئۆزىنى قاچۇرىدۇ ھەمدە سىرتىنىڭ ياردىمىنىمۇ ئالدىراپ قوبۇل قىلمايدۇ.

بۇنىڭغا ئادەمنىڭ زادىلا ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ. ئاياللار قېيىنچىلىقتا ۋە قوللاشقا موھتاج بولغاندا، بۇ ئەرلەر نېمىشقا ئۆزىنى قاچۇرۇپلا يۈرۈيدۇ؟ ئەرلەر بىلەن ئاياللارنىڭ ھېسسىيات جەھەتتىكى تەلىپىدە شۇنچە چوڭ پەرق بارمىدۇ؟

ئەلۋەتتە، بۇ خىل پەرقنى ئېھتىمال، مۇبالىغىلەشتۇرۇۋەتكەن بولۇشىمىزمۇ مۇمكىن. بارلىق ئاياللارنىڭ ئېچىۋېتىلگەن بولۇپ كېتىشىمۇ، شۇنداقلا بارلىق ئەرلەرنىڭ بېكىنمە ھالەتتە تۇرغان بولىشىمۇ ناتايىن. بىراق، ئادەتتە ئەر ـ ئاياللارنىڭ ھېسسىيات جەھەتتىكى تەلىپىنى ئىپادىلەش ئۇسۇلىنىڭ ئوخشىمايدىغانلىقى، مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان ھەقىقەتتۇر. مەسىلەن: ئەرلەر ھېسسىياتىنى يوشۇرماقچى بولغان ياكى ئىنكار قىلماقچى بولغان بولسا، ئاياللار ھېسسىياتىنى يوشۇرۇپ قالالماي، ئۇنىڭدىن باشقىلار

ھېسسىيات جەھەتتە ئارىلىق ساقلاشقا ئادەتلەنگەن بولسا، ئاياللار باشقىلارنى ھېسسىيات جەھەتتە قىزغىن قوللاشنى ياخشى كۆرىدۇ ھەمدە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئىللىقلىق يەتكۈزىدۇ. ئەمما، ئەرلەر بۇنداق قىلالمايدۇ.

مېنىڭ ئۆيۈم بىپايان، جىمجىت ۋە سالقىن دېڭىز بويىدا.

تېخى يېقىندىلا كۆپ يىل يۈرگەن دوستىدىن قول ئۈزگەن 25 ياشلىق بىر قىز مۇنداق دەيدۇ:

دېڭىز سۈيى سىزگە شۇقەدەر يېقىنكى، سىز ھەرۋاقىت ـ ھەر سائەت دېڭىز دولقۇنىنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن تاشلارغا سوقۇلغان ئاۋازىنى ئاڭلايسىز. مەن دائىم بىز مۇشۇ ئەھۋالغا ئوخشايمىز، دەپ ئويلايمەن. مەن بۇ يەردە، ئۆزۈمنى توختاۋسىز ئۇنىڭغا ئۇرۇپ تۇرىمەن، ئەمما ھېچقانداق ئىنكاسقا ئېرىشەلمەيمەن. مەن بولسام دېڭىز دولقۇنى، ئۇ دېگەن بىر تاش، تاشنىڭ دېڭىز دولقۇنى بىلەن سۆزلەشكىنى نەدە بار؟ مەن گاھىدا ئەگەر يەنە توققۇز ئەسىر ياشىسام، ئۇنى ئازراق چىرىتەلىشىم مۇمكىن، دەپ ئويلاپ قالىمەن!

ئەر ـ ئاياللارنىڭ ھېسسىيات جەھەتتىكى پەرقى تاش بىلەن دېڭىز دولقۇنىغا ئوخشايدۇ. كۆپ قىسىم كىشىلەر ئەرلەر تۇغۇلۇشىدىنلا باشقىلارنى بېسىپ چۈشۈشنى ياخشى كۆرىدۇ، رىقابەتچى كېلىدۇ دەپ قارايدۇ. ئەرلەر كۈچ، شۇنىڭدەك مۇستەقىل تاش، ئۇلار ئەتراپىدىكى تۈيغۇلاردىن تەسىرلەنمەسلىكى كېرەك. ئامېرىكا يازغۇچىسى ھېمىڭۋاينىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، ئەرلەر شىددەتلىك ئېقىن ئىچىدىكى بىر يېگانە ئارالدۇر.

ئەكسىچە، ئايالالار شارائىتقا ماسلىشىش ئۈچۈن ئۆزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. ئۇلار چىقىشقاق، مۇلايىم ھەم ھېسسىياتقا باي بولغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەر تەرىپىدىن ئاسانلا قوبۇل قىلىنىدۇ.

ئامېرىكىنىڭ روھىي كېسەللىكلىرى مۇتەخەسسىسى كارون. خانى مۇنداق دەيدۇ: «ئەرلەر ئۆزىنى ھېچنېمىگە ئوخشىمايدىغان نەرسە قىلىپ ياساپ چىققان. ئۇلار ئۆزلىرى جەزمەن ھېس قىلىشقا تېگىشلىكلىرىنى ھېس قىلىدۇ. ئۆزلىرى جەزمەن ئارزۇ قىلىشقا تېگىشلىكلىرىنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئۆزلىرى جەزمەن ياخشى كۆرۈشكە تېگىشلىكلىرىنى ياخشى كۆرىدۇ. باشقىچە

قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ خىل «جەزمەن» دېگەن قاراش ئۇلارنى كونترول قىلىپ، ئۇلارنى مەجبۇرىي ھالدا، ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇنقى ھالىتىگە ئانچە ئوخشىمايدىغان باشقا بىر خىل ئادەم قىلىپ قويغان.»

ھېسسىيات ۋە مۇھەببەتنى ئىپادىلەش قارىماققا ناھايىتى ئاددىيدەك كۆرۈنىدۇ. بىراق، كۆپلىگەن ئەرلەرگە نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا ناھايىتى مۇشكۇلدۇر.

بىر ئەر مۇنداق دەيدۇ:

«ناھايىتى ئېنىق ئېسىمدە، ھېلىقى يىلى باھار كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، مەن تونۇشقىلى بىر يىلچە بولغان قىز دوستۇمنىڭ ئوتلۇق مۇھەببەت ئىشقىدا كۆيۈۋاتاتتىم. بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن، مەن مۇھەببەتلىك ھېسسىياتىمنى ئۇنىڭغا ئىزھار قىلماقچى بولدۇم. مەن ئۇنىڭ ياتىقىغا باردىم. ئۇنىڭ بىلەن خۇشال ھالدا ئۇزاق مۇڭداشتىم. بىز ئەرزىمەس ئىشلار ئۈچۈن قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتۇق ». ۋەھالەنكى، مۇشۇ جەرياندا مەن يۈرىكىمدە ئەۋج ئالغان «مەن سىزنى سۆيىمەن» دېگەن گەپنى ھەر قانچە قىلىپمۇ ئاغزىمدىن چىقىرالمىدىم. ۋاقىت ئاستا ـ ئاستا ئۆتۈپ كەتتى.

بۇ مېنىڭ ئەرلىك ھاياتىمدىكى تۇنجى ياكى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويۇشۇم ئەمەس. ئەمەلىيەتتە، بۇنداق ئىشلار كۆپ قېتىم ئۆتۈلدى. مەن ئۆز ھېسسىياتىمنى ئىپادىلەشكە ھەقىقەتەن ئاجىزلىق قىلىمەن.

ئەمەلىيەتتە، كۆپ ۋاقىتلاردا بىر ئەر ئىچ قارىنىدىكىنىڭ ھەممىسىنى تۆكۈۋەتسە، باشقىلار ئۇنى ساددا، ئىش كۆرمىگەن ئادەم ئىكەن دەپ قارايدۇ. ئەنئەنىۋى مەنىدىكى ياخشى ئەرلەر، باشقىلارنىڭ ئۆزىگە مۇشۇنداق باھا بېرىشىنى ياقتۇرمايدۇ. ئۇلار: «مېنىڭچە، مەيلى ئاياللار بولسۇن، ياكى ئەرلەر بولسۇن، بۇ ئادەم باشقىلارنىڭ ئۆزىنى گەپدان، زەردىلىك دېيىشىنى خالايدۇ» دەپ ئۆزىنى ئاقلىماقچى بولىدۇ.

ئەرلەر بىلەن ئاياللار ھېسسىيات ئالماشتۇرۇش ئېلىپ بارسا، بۇ ھال

ھېسسىياتىنى ئىپادىلەشكە ماھىر ئادەم، ئەركىن ئادەم. چۈنكى، ئۇنىڭ ھەرىكىتى قەلبىدىكى ھاياجانغا ماسلىشىش ئارقىلىق ئىپادىسىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ئۇ ياسالمىلىققا موھتاج ئەمەس. چۈنكى، ئۇنىڭغا باشقىلارنىڭ زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزۈشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۆمرىنى قوغداش سېزىمىمۇ كېرەك ئەمەس.

ناگاشىمادىكى مەلۇم بىر تەتقىقات مەركىزىنىڭ مەسئۇلى كاراكوچىنىڭ سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈپ ئېيتساق: «ئۇ ئېمىنىڭ ئۆزىنى خۇشال قىلىدىغانلىقى، ئېمىنىڭ ئۆزىنى ئازابلايدىغانلىقىنى بىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۆزىنى مەركەز قىلىش ئېڭى ناھايىتى كۈچلۈك ھەم ئېنىق مەۋقەگە ئىگە».

## 34. ئەرلەرنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە ئۆزىنى تىزگىنلىشى

***ئەرلەرنىڭ ئەقىدىسى ھەرگىزمۇ ھېسسىياتقا بويسۇنماسلىق. كۆپ سانلىق ئەرلەر ھېسسىياتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىسا ئۇچرايدۇكى، ئەمما ھەرگىز ئۇنىڭ باشقۇرۇشىغا بويسۇنمايدۇ. ھېسسىياتنى تىزگىنلەشنى بىلگەندىلا، ئۇ ئاندىن تۇرمۇشنىڭ تەھدىتى ۋە خىرىسىغا جەڭ ئېلان قىلالايدۇ. ئىدراك ـ ھېسسىيات ئەمەس، ئۇ چوقۇم ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىشى كېرەك.***

ئامېرىكىنىڭ بىر مەشھۇر رېژىسسورى مۇنداق دېگەنىدى:

ئامېرىكىنىڭ غەربىي قىسىم فىلىملىرىدە ھېچقاچان ئامېرىكىنىڭ غەربىي رايونلىرى سۈرەتلەنگەن ئەمەس، بەلكى ئامېرىكىنىڭ ئەرلىرى سۈرەتلەنگەن. فىلىمدىكى ۋەقەلىكلەردە دائىم دېگۇدەك بىر ئەرنىڭ قانداق قىلىپ، ئىندىئانلار، ئەسكىلەر ياكى بوران ـ چاپقۇنلارغا باتۇرلۇق بىلەن تاقابىل تۇرۇپ، ئۇلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلغانلىقى تەسۋىرلىنىدۇ. ئەگەر فىلىمدە ئايال كىشى بولغان بولسا، ئۇنى فىلىم باشلىنىش بىلەنلا جايلىۋېتىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئەر باش قەھرىمان يەككە ـ يېگانە جەڭگە ئاتلىنىدۇ. ناۋادا چىرايلىق خوتۇنى ئۇنى ئۆيىدە كۈتۈۋاتقان بولسا، ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ خەۋپ ئاستىدا تۇرغانلىقىغا قارىماي، جەڭگە ئاتلىنىشى مۇمكىنمۇ؟

ئەرلەرنىڭ تۇرمۇشىغا، ئۇلارنىڭ باشقىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىن تارتىپ، خىزمەت پوزىتسىيىگىچە تەسىر كۆرسەتكەن. ھەقىقىي مۇستەقىللىققا ئېرىشىش ئۈچۈن، ئۇلار ئەتراپىدىكى ئادەملەرنىڭ ھەر قانداق بېسىمى ئاستىدا ياشاشنى رەت قىلىدۇ؛ ناۋادا بىرەرسى ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى كونترول قىلىشقا ئۇرۇنىدىكەن، ئۇنىڭ ۋۇجۇدى شۇئان غەزەپكە تولىدۇ. بېكىنمە ئەرلەر بىر يەرگە بارماقچى بولسا، ھەرگىز ئايالىنى خەۋەردار قىلمايدۇ؛ ناۋادا ئايالى ئۇنىڭغا دېمەي بىر يەرگە بارغان بولسا، ئۇ بۇنىڭغا چىداپ تۇرالمايدۇ - دە، چىچاڭشىپ كېتىدۇ. پاسسىپ ھالەتتە تۇرغان ئەھۋال ئاستىدا، ئۇ ھەرگىز ھېسسىياتىنى ئاشكارىلىمايدۇ. ئومۇمەن، بۇنداق ئەرلەر باشقىلارنىڭ ئۆزىنىڭ تۇرمۇشى، بەدىنى ياكى ھېسسىياتىنى كونترول قىلىشقا يول قويمايدۇ. ئەگەر بىرەر ئايال بىلەن ھېسسىيات جەھەتتە چىقىشىپ قالسا، ئۇ جەزمەن ھېچقانداق «شەرت» قويۇلمىغان ئەھۋال ئاستىدا بولغان بولىدۇ، بېسىم ئاستىدا قايتۇرۇلغان ھەر قانداق ئىنكاس بىر خىل كونتروللۇقنى ھەم مۇستەقىللىقنى يوقاتقان ھەرىكەت دەپ قارىلىدۇ.

ھېسسىياتنىڭ مۇستەقىللىقىنى ساقلاش ئۈچۈن، بۇنداق ئەرلەر ئۆزىنىڭ ھېسسىياتىغا ئۆزلۈكسىز ھاي بېرىپ، ھەرگىز ھېسسىياتنىڭ ئۆزىنى كونترول قىلىشىغا يول قويمايدۇ. بەدەن ياكى ھېسسىيات جەھەتتە ئۇ ئازاب ھېس قىلىشى مۇمكىن. ئەمما ئۇ بۇ ساددا تۇيغۇلارنى تېشىغا چىقارمايدۇ. ئۇ بۇ تۇيغۇلارنى يۇتۇۋېتىدۇ ياكى ئەپچىللىك بىلەن نىقابلايدۇ - دە، تاشقى دۇنياغا بولسا ئۆزى خالايدىغان تەرىپىنىلا كۆرسىتىدۇ.

زەخىملىنىش (جىسمانىي ۋە ھېسسىيات جەھەتتىكى يارىلىنىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئەرلەرنىڭ بىر قىسمىدۇر. مەيلى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان دەۋرى بولسۇن، ياكى ئۇنىڭدىنمۇ بالدۇرقى دەۋرلەر بولسۇن، ئەرلەر ھەر خىل سورۇنلاردا (توپ مەيدانىدا، چېلىشىش مەيدانىدا، دەرەخكە يامىشىش بىر - بىرى بىلەن مۇشتلىشىش، ئېگىز يەرلەردىن سەكرەپ ئويناش جەريانىدا) ئوڭايلا زەخىملىنىپ تۇرىدۇ. يېقىنقى ئون يىلدىن بۇيان بەزىلەر ئۆزلۈكسىز كۆپچىلىكنى مۇنداق بىر ھادىسىگە ئەھمىيەت بېرىشكە دەۋەت

قىلماقتا. ئۇ بولسىمۇ تولۇق ئوتتۇرا، تولۇقسىز ئوتتۇرا ھەتتا باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ تەنتەربىيە يىغىنلىرىدا، ئوقۇغۇچىلار داۋاملىق يىقىلىپ چۈشۈپ زەخىملىنىدۇ، بۇنىڭغا قارىتا تېزدىنلا ۋە ئاتا ـ ئانىلار دائىم سەل قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇنداق زەخىملىنىش بالىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە زىيانلىق.

ئەرلەر ئەگەر ئۆزىنى قاتتىق تۇتۇۋالالسا ـ ھېسسىياتچان بولماي، ھەر قانداق خاپىلىق ۋە خۇشاللىقنى قورسىقىغا سىغدۇرالىسا، ئۇ جەزمەن كۆپچىلىكنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا، ئىناۋىتىنى چۈشۈرۈۋالىدۇ. 1972 ـ يىلى ئۆتكۈزۈلگەن ئامېرىكا چوڭ سايلىمىدا، ئېدمۇند. ماسكىي رىقابەتچىسىنىڭ ئامراق قىزىنى ھاقارەتلىگەنلىكىگە رەددىيە بېرىش ئۈچۈن، قار ئۈستىدە تۇرۇپ تەسىرلىك نۇتۇق سۆزلىگەن ھەمدە كۆزلىرىگە لىق ياش ئالغان ھالدا ئۆزىنىڭ قىزىغا بولغان مۇھەببىتىنى بايان قىلغان. ئېدمۇند. ماسكىي پرېزدېنت سايلىمىدا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، كۆپلىگەن تەھلىلچىلەر ئۇنى نابۇت قىلغان نەرسە باشقا ئەمەس، دەل قار ئۈستىدە ئاققۇزغان كۆز ياشلىرى، دېگەن. ئەينى چاغدا، بىر ئوبزورچى: «رۇسىيىلىكلەر بىلەن يىغلاپ تۇرۇپ مۇرەسسە قىلىدىغان ئەر، سىزگە كېرەكمۇ؟» دەپ يازغانىدى.

ئازاب شۇنداق، خۇشاللىق، قايغۇ، قورقۇنچ ۋە مۇھەببەتنىڭ ھەممىسى شۇنداق. بۇ تۇيغۇلار ئېھتىمال ئادەمنىڭ قەلب چوڭقۇرلۇقىدىن يامراپ، پۈتۈن بەدەنگە تارىلىشى مۇمكىن. بىراق، بېكىنمە ئەرلەر جەزمەن ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن چىراي ئىپادىسىنى يوشۇرۇپ قالالايدۇ.

«ئەرلەر» دېگەن بۇ ئەسەردە پروفېسسور بورنى. جېرىبو نۇرغۇنلىغان ئەرلەرنىڭ «ناھايىتى بۇرۇنلا تار دائىرىدىكى ھېسسىيات تەرىپىدىنلا رۇخسەت قىلىنىدىغان ھۇجۇم قىلىش، رىقابەتلىشىش، غەزەپلىنىش، خۇشال بولۇش شۇنىڭدەك كونترول قىلىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان تۇيغۇلارنى ئېگىلىۋالغانلىقىنى؛ يېشى سەل چوڭ بولغاندا، يەنە جىنسىي تۇيغۇنىڭمۇ بۇ

ئاجىزلىق، مۇلايىملىق، ھېسداشلىق قاتارلىقلارنىڭ قىز بالا ياكى ئاياللارغىلا خاس ئىكەنلىكىنى؛ ئوغۇللار ناۋادا مۇشۇنداق ئالامەتلەرنى ئاشكارىلاپ قويغان ھامان ئۆزىنىڭ ئەرلىكىنى يوقىتىدىغانلىقى ياكى كۈلكىگە قالىدىغانلىقىنى ئالاھىدە ئىسپاتلىغان.

ئەرلەرنىڭ ئەقىدىسى ھەرگىزمۇ ھېسسىياتقا بويسۇنماسلىق.

كۆپ سانلىق ئەرلەر ھېسسىياتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىسا ئۇچرايدۇكى، ئەمما ھەرگىز ئۇنىڭ باشقۇرۇشىغا بويسۇنمايدۇ. ھېسسىياتنى تىزگىنلەشنى بىلگەندىلا، ئۇ ئاندىن تۇرمۇشنىڭ تەھدىتى ۋە خىرىسىغا جەڭ ئېلان قىلالايدۇ. ئىدراك ـ ھېسسىيات ئەمەس، ئۇ چوقۇم ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىشى كېرەك.

بېكىنمە ئەرلەر ئەزەلدىن سەھنىدىن ئايرىلىپ باقمىغان ئارتىسقا ئوخشايدۇ. بىر روھىي كېسەللىكلەر ئالىمى مۇنداق دەيدۇ: «ئەرلەرنىڭ ئۆزىنى نىقابلىشى، ئىچىدە دەككە ـ دۇككە بولۇپ تۇرۇپ يەنە ناھايىتى مەغرۇر قىياپەتكە كىرىۋالغانغا، سامان قورساق تۇرۇقلۇق بىلىملىك بولۇۋالغانغا، قىزىقماي تۇرۇپ، ئۆزىنى قىزىقىدىغان قىلىپ كۆرسەتكەنگە، تېخىمۇ كۈلكىلىكى، جىنسىي ئىقتىدارى ئاجىز تۇرۇپ، ھەدېسىلا زەكىرىنى ماختىغانغا ئوخشاش بىر ئىش».

ھەر قانداق بىر مەدەنىيەتنىڭ جەمئىيەت ـ تەشكىلاتلارغا ئوخشاش ئەزالىققا قوبۇل قىلىش مۇراسىمى بولىدۇ. بىراق، بىزنىڭ بۇ جەمئىيىتىمىزدە، «ئەرلەرنىڭ ئەزا بولۇش مۇراسىمى» ئانچە ئوخشاپ كەتمەيدۇ. ئەرلەرنىڭ ئەزا بولۇش مۇراسىمىنىڭ مەڭگۈ چېكى بولمايدۇ. ئەرلەرنىڭ قىزىقىشى مەڭگۈ تۈگىمەيدۇ. كۆپ ساندىكى ئەرلەر مەڭگۈ تۇراقسىز ھالەتتە تۇرىدۇ. ئۇلار ئەر بولۇشنىڭ زادى قانداق ئۇقۇم ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. شۇنداقلا ئۆزىنىڭ بۇ ئۇقۇمغا ماس كېلىدىغان ـ كەلمەيدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيدۇ.

مانا بۇ ياش ئەرلەرنىڭ تەنتەربىيە مەيدانى، كىنولار ۋە تېلېۋىزىيە فىلىملىرىدىن ئالغان ساۋىقى: جەمئىيەتتە ئەرگە لايىق ياشاش ئۈچۈن،

جەزمەن ھەر كۈنى ئۆزىنىڭ ھېسسىياتىنى تىرىشىپ كونترول قىلىش كېرەك. ئۆزىنىڭ مۇستەقىللىقىنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈش كېرەك. ئۆزىنىڭ نىشانىغا قاراپ ئىلگىرىلىشى كېرەك، ئۆزىنىڭ رەقىبلىرىنى بېسىپ چۈشۈشى كېرەك. مۇشۇنداق بولغاندىلا ھەر قايسى جەھەتلەردە ئۆزىگە پايدىلىق ئورۇنغا ئىگە بولالايدۇ.

## 35 . ئەرلەرنىڭ جىنسىي مۇناسىۋەت جەھەتتىكى بەستلىشىشى

*كۆپلىگەن ئەرلەر جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى ئىككى ئادەم ئورتاق قاتنىشىپ، ئورتاق ھۇزۇرلىنىدىغان خۇشاللىنارلىق ئىش دەپ قارىمايدۇ. ئۇلار دېگەن ئارتىس، ئۇلار ئۆزلىرىنى مەجبۇرىي ھالدا بىز ئاجايىپ كۈچلۈك، ئاجايىپ قالتىس دەپ ئىسپاتلىماقچى بولىدۇ. ئۇلارغا كېرىكى غەلىبە، ئالتۇن مېدال، شۇنىڭدەك تاماشىبىنلار-نىڭ سەمىمىي ماختىشى ۋە ئەكس ساداسى.*

بىكىنمە ئەرلەرنىڭ نىشانى بولمىغانلىقتىن ھەرىكەت قىلالماسلىق ھادىسىسى ھەتتا جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش جەريانىغىچە تەسىر كۆرسەتكەن. جىنسىي مۇناسىۋەتتە، ئۇلارنىڭ نىشانى ناھايىتى ئاددىي: يۇقىرى پەللە. «ھايتى دوكلاتى» دا بېسىلغان بىر پارچە ماقالىدە: ئەرلەرنىڭ بىپەرۋالىق قىلىشى فىزىئولوگىيىلىك ياكى ھېسسىيات ئامىلىنىڭ تەسىرىدىن بولغان ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ «كىچىككىدىن تارتىپلا، ئەر بولۇشنىڭ شەرتى جىنسىي پائالىيەتنىڭ ئۆزى دەپ قارىغانلىقىدىن بولغان » دېگەن ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت بولغان بىر خىل ئەرلىك قارىشى ئىپادە قىلىنغان.

مەزكۇر نىشان تامامەن شەخسىي بىلەنلا مۇناسىۋەتلىك بولۇپلا قالماستىن، ئاياللارمۇ بۇ ئويۇندا مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئەمما، بەزى ئەرلەرگە نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ ئۇلار ئۈچۈن بىر مەيدان ئويۇن

بولۇپ، توپ ئويناش ۋە قارتا ئويناشتىن ھېچقانچە پەرقلەنمەيدۇ. مەشھۇر پېداگوگ، پروفېسسور مارى. كاررون مۇنداق دەپ قارايدۇ: «كۆپلىگەن ئەرلەر جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى ئىككى ئادەم ئورتاق قاتنىشىپ، ئورتاق بەھىر ئالىدىغان خۇشاللىنارلىق ئىش دەپ قارىمايدۇ. ئۇلار دېگەن ئارتىس. ئۇلار ئۆزلىرىنى مەجبۇرىي ھالدا بىز ئاجايىپ كۈچلۈك، ئاجايىپ قالتىس دەپ ئىسپاتلىماقچى بولىدۇ. ئۇلارغا كېرىكى، غەلىبە، ئالتۇن مېدال، شۇنىڭدەك تاماشىبىنلارنىڭ سەمىمىي ماختىشى ۋە ئەكس ساداسى. قارشى تەرەپنى جىنسىي جەھەتتە يۇقىرى پەللىگە ئېرىشتۈرۈش ئۇلار ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئالتۇن مېدال ئالغان بىلەن باراۋەر شۇنداقلا ئۇلارنىڭ جىنسىي جەھەتتە قانائەت ھاسىل قىلىشىدىكى مۇھىم ھالقا.

يالغۇز جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشلا ئەمەس، ئەر ـ ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى بارلىق ئۇچرىشىشلارنىڭ ھەممىسى پىشكەللىكتىن خالىي بولالمايدۇ. بېكىنمە ئەرلەرگە نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، ھەر قانداق ئۇچرىشىشلارنىڭ ھەممىسى جەزمەن نىشانلىق ئېلىپ بېرىلغان بولىدۇ. ئاياللار دائىم ئەرلەر قانداق سىلاش ۋە قۇچاقلاشنى بىلمەيدۇ، ھەر قېتىم بىللە بولغاندا ئالدىراپ ـ تېنەپلا ھېلىقى ئىشنى قىلىشقا ئالدىرايدۇ، دەپ ئاغرىنىدۇ.

روھىي كېسەللىكلىرى پروفېسسورى مارك. خولان مۇنداق دەيدۇ:

ئاياللار چىڭ قۇچاقلاشنىلا ئۈمىد قىلىپ، باشقىنى تەلەپ قىلمىغاندا، ئۇ ئۇچۇر ئۇلارنىڭ قارشى تەرىپىگە خاتا يەتكۈزۈلىدۇ. ئاياللارغا نىسبەتەن، قۇچاقلاشنى ئۈمىد قىلىش بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى ئۈمىد قىلىش باشقا ـ باشقا ئۇقۇمدۇر. ئاياللار قۇچاقلاشنىلا ئۈمىد قىلغاندا، قارشى تەرەپ بۇنى جىنسىي مۇناسىۋەت قىلغۇسى بار ئوخشايدۇ، دەپ چۈشىنىپ قالسا، ئۇ ئۆزىگە ھاقارەت ھېس قىلىدۇ. ئاياللار ئەرلەرنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدىكى تەلىپىنى كەسكىن رەت قىلغان ھامان، ئەرلەر ئۇ مېنى ئەخمەق قىلدى دەپ چۈشىنىدۇ. ئېنىقكى، بۇ خىل ئۆز ئارا چۈشىنىش ھاسىل قىلىش سىستېمىسىنىڭ بىر قانداق يېرىدىن چاتاق چىققان.

زىيان يەتكۈزگەن بولسا، ئۇ ھالدا بەستلىشىشنى ياخشى كۆرىدىغان پسىخىكا ئەجەللىك زەربىگە ئۇچرىشى مۇمكىن. بالىلىق دەۋرىدىكى ئويۇنلار ھەم كوللېكتىپ ئويۇنلارنىڭ ھەممىسى ئوغۇل بالىلارغا تۇرمۇشتىكى ھەر قانداق بىر خىرىس بىر مەيدان بەستلىشىش دېگەن ئاڭنى سىڭدۈرۈۋېتەتتى. شۇڭا، ھەرىكەت ھەم ئۇرۇشلارنىڭ دائىم ئەرلەرنىڭ تەسەۋۋۇر كۆچىنى نابۇت قىلىشى تۇرغان گەپ. بۇ جەھەتتىكى ئاتالغۇلار ئەرلەرنىڭ پاراڭلىرىدا ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. ئەلۋەتتە، يېقىنقى يىللاردىكى ئۆزگىرىش ئاياللارنىڭمۇ تەنتەربىيە مەيدانلىرىدا، خىزمەت ئورۇنلىرىدا ئەرلەرگە ئوخشاشلا رىقابەتلىشىش كۈچىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى. ئەر - ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى ھەقىقىي پەرق رىقابەتلىشىش كۈچى جەھەتتە ئىپادىلەنمەستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ رىقابەتلىشىش سورۇنلىرىنى تاللىشىدا ئىپادىلىنىدۇ. كۆپ سانلىق ئاياللار مۇكاپات سوممىسىنىڭ سانى يېتەرلىك بولغان ئەھۋال ئاستىدا ئۇنىڭغا ئېرىشىشنى ئويلايدۇ، كۆپ ساندىكى ئەرلەر بولسا تەنتەربىيىگە ئۆزىنى بېغىشلايدۇ.

بىر ئائىلە ئايالى مۇنداق دەيدۇ:

«ھەر كۈنى سەھەر كۆزۈمنى ئاچقان ھامان، ئېرىمنىڭ ئۆيىنىڭ ئىچىدە ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ كۆڭلىگە بىر نېمىلەرنى پۈكۈۋاتقانلىقىنى بايقايمەن. ئۇ ماڭا ئادەم سەھەر تۇرسا پۈتۈن ۋۇجۇدى غەيرەتكە تولىدۇ، ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسى تېخىمۇ ئاشىدۇ دەيدۇ. دېمەك ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا بەستلىشىش، رىقابەتلىشىش ئېڭى سىڭىپ كەتكەن.

ئەرلەر كىچىكىدىن باشلاپلا بەستلىشىشنى ياخشى كۆرىدىغان ۋە باشقىلارنى بېسىپ چۈشۈشنى ياخشى كۆرىدىغان پسىخىكىنى يېتىلدۈرگەچكە، چوڭ بولغاندىن كېيىن، بالا تەربىيىلەش ھەتتا جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشتىمۇ غالىب كېلىشنى ئويلايدۇ. بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا، نۇرغۇنلىغان ئەرلەردە ئۆز ئارا ھۆرمەتلەش، ئۆز ئارا ئىشىنىشتىن ئىبارەت گۈزەل ئەخلاق - پەزىلەت تازا يېتىلىپ كېتەلمىگەن. بۇ ئادىمىلىكتە كەم بولسا بولمايدىغان پەزىلەتتۇر.

# 36 . ئەرلەر رىقابەتنى ياخشى كۆرىدۇ

*ياش ئەرلەر ئوتتۇرىسىدا تەكىتلىنىدىغان مۇھىم نۇقتا بويىسۇندۇرۇشتۇر. خىرىسقا دۇچ كېلىپ، ئۇنىڭغا قورقماي جەڭ ئېلان قىلغاندا، ئەركىشى مۇشۇ نىشانغا يېتىشتە كېرەكلىك بولغان ھەر قانداق غەيرەت ۋە كۈچ ـ قۇدرەتكە ئېرىشەلەيدۇ.*

كۆپ ساندىكى ئەرلەر بالىلىق چاغلىرىدىن تارتىپلا رىقابەت ئىچىدە يېتىلگەچكە، ئۇلار بۇرۇنلا ئۆزلىرىنىڭ ئاياللاردىن ئۇستۇن تۇرىدىغانلىقىنى بايقىغان. ۋەھالەنكى، ئاتالمىش يېقىنچىلىق ئۆز ئارا ئامراقلىق ۋە بىللە بولۇشنى ئويلاشنى كۆرسىتىدۇ. ئاياللار ئارىسىدىكى مۇڭدىشىش ئۇسۇلىنى نۇرغۇن ئەرلەر مۇتلەق قوبۇل قىلالمايدۇ. ئۇلار كىچىكىدىن تارتىپلا ھەر قانداق ۋاقىتتا قىلغان ھەر قانداق ئىشىمىزنىڭ ھەممىسى جەزمەن ئۇنۇم ھاسىل قىلىشى كېرەك دەپ قاراشقا ئادەتلەنگەن.

بىر ئايال بىزگە مۇنداق دەيدۇ:

كۆپ ساندىكى ئەرلەرنىڭ قىلغان ھەر قانداق ئىشىنىڭ سەۋەبى بولىدۇ، ھەر قېتىم بىر ئادەمنى يوقلاپ بارغاندا، مەلۇم ئىش ياكى مەلۇم مەقسەتنى كۆزلىگەن بولىدۇ. ئەرلەر بىللە بولغاندا قىلىدىغان ئىشى بولۇشى لازىم. بىر يەردە تۇرۇش بىلەن ھېچ ئىش ھاسىل بولمايدۇ. شۇڭا، ئۇلارنىڭ ئاياللار ئارىسىدا ئورنىتىلغاندەك ھېلىقىدەك ھېسسىيات جەھەتتىكى ماسلىشىش مۇناسىۋىتىنى ئورنىتالىشى ناھايىتى تەس. بۇ خىل ماسلىشىش بولغاچقا،

قالمايدۇ.

پاراكەندىچىلىك تا ھازىرغىچە كۆپ سانلىق ئايالالار مەنئى تۇرمۇشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ كەلدى. ئۇلار بىرەر ئالاھىدە خەۋەر ئۈستىدە مۇلاھىزە قىلىش ئەمەس، بەلكى پاراڭلىشىش ئۈچۈنلا پاراڭلىشىدۇ.

ئەرلەر باشقىلار بىلەن مۇناسىۋەت باغلىسا، شۇ مۇناسىۋەتنىڭ مەقسىتى ۋە ئەھمىيىتى بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ ۋە مۇشۇ ئورتاق مەقسەت ئۈچۈن تەبىئىي ھالدا بىر يەرگە جەم بولىدۇ. شۇڭا، ياش ئەرلەر ئوتتۇرىسىدا تەكىتلىنىدىغان مۇھىم نۇقتا بويسۇندۇرۇشتۇر. خىرىسقا دۇچ كېلىپ، ئۈنىڭغا قورقماي جەڭ ئېلان قىلغاندا، ئەر كىشى مۇشۇ نىشانغا يېتىشتە كېرەكلىك بولغان ھەر قانداق غەيرەت ۋە كۈچ ـ قۇدرەتكە ئېرىشەلەيدۇ. ئەمما، مۇكاپاتنى ۋە ئايالالارنى ئەيۋەشكە كەلتۈرگەن، مۇناسىۋەتنى ئورنىتىپ بولغان ھامان، مەسىلە پەيدا بولۇشقا باشلايدۇ. ئەمدى ھېچقانداق ئېنىق نىشان بولمىغانلىقتىن، ئەرلەرنىڭ قىزىقىشى تۆۋەنلەپ، ھەيۋىسىمۇ سۇسلاپ كېتىدۇ. شۇنداقتىمۇ «ئورۇنلاشتۇرۇش» داۋاملىق بولۇپ تۇرىدۇ (ئېھتىياج، ئاسانلىق تۇغدۇرۇش ياكى پىششىق تونۇشۇش ئۈچۈن) بىراق بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ كۆڭلى باشقا ياقلارغا كەتكەن بولىدۇ.

# 37. ئەرلەر پاراڭلىشىش سورۇنىنى كونترول قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ

*كۆپ سانلىق ئەرلەر يۈز تۇرانە ئېلىپ بېرىلغان سۆھبەتلەردە ھەقىقىي يېڭىپ چىققۇچىلارنىڭ بولمايدىغانلىقىنى تازا چۈشىنىپ كەتمەيدۇ. پەقەت مۇنازىرە سورۇنلىرىدىلا يېڭىلگۈچىلەر ۋە يەڭگۈچىلەر بولىدۇ، ھەم رىقابەتتىكى ھەر ئىككى تەرەپنىڭ سۆز ماھارىتى تولۇق نامايان بولىدۇ.*

نۇرغۇن ئاياللارغا نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، بىر مۇنچە ئەرلەرنىڭ ئېيتقانلىرى چۈشىنىكسىز تۇيۇلىدۇ. ئۇلارنىڭ تىلىدا ھېسسىيات ۋە قارشىلىق يوق. بىر ئايال كۈلۈپ تۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: بىرى بىر داڭلىق كىنو چولپىنىنى بىر ئولتۇرۇشقا داخىل بولۇپ بېرىشكە تەكلىپ قىلغانىكەن، ئۇ ھەلا دەپتۇ. ناۋادا ئۇ ئەر بولماي، ئايال بولغان بولسا، ئۇ قانداق ئولتۇرۇشتى؟ نېمە ئېلىپ بارسام بولار، يەنە كىملەر بار؟، قانداق قىلىشىم كېرەك دېگەندەك سوئاللارنى سورايتتى.

بىز بۇنداق تىلنى ئەرلەر تىلى دەپ ئاتايمىز. ئىشقىلىپ ھەر قانداق بىر ئايال ئۆمرىنىڭ مەلۇم مەزگىلىدە ھامان ئەرلەر تىلى بىلەن ئۇچراشماي قالمايدۇ. ئەڭ دەسلەپتە دادىسى، ئارقىدىن ئوغۇل دوستى، ئېرى، خوجايىنى، ئىشداشلىرى، ئەڭ ئاخىرىدا ئوغلى بولۇشى مۇمكىن. ھەر بىر [illegible] ئەرلەر بىلەن ئەپ ئۆتۈشنىڭ

يولى ھەققىدە باش قاتۇرماي قالمايدۇ. بەزىلەر پەقەت ئامال قىلالمىغاندا، نائىلاج ۋاز كېچىدۇ.

كۆپ سانلىق ئەرلەرگە نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇلار پاراڭلىشىشنى بىر خىل سەنئەت ئەمەس، بەلكى رىقابەتلىشىش خاراكتېرىگە ئىگە ھەرىكەت دەپ قارايدۇ. ئاياللار دائىم: نېمە ئۈچۈنكىنتاڭ، نۇرغۇن ئەرلەر سۆھبەتنى داۋاملاشتۇرۇشنى زادىلا بىلمەيدىكەن، دەپ ئاغرىنىدۇ. بىر ئايال مۇنداق دەيدۇ: «ھەر قېتىم ئېرىم بىلەن پاراڭلاشقىنىمدا، ياق، ھەر قېتىم ئېرىمغا گەپ قىلغىنىمدا پاراڭ ئىككى خىل نەتىجە بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. يەنى بىرى، سەن ـ پەن دېيىشىپ قالىمىز. يەنى بىرى، قىلغان گېپىم جاۋابسىز قالىدۇ. ئۇنىڭدىن سوئال سورىغان ئاشۇ بىر مىنۇت ئىچىدە، ئۇ بىر بولسا چىچاڭشىپ كېتىدۇ ياكى بولمىسا زۇۋان سۈرمەي ئولتۇرۇۋالىدۇ».

ھەممە ئىشلارغا نىشاننى ھەممىدىن ئەلا بىلىش بويىچە قارىغانىكەن، پاراڭلىشىشمۇ ئەرلەرنىڭ نەزىرىدە قىممەت ھاسىل قىلىدىغان نىشان ئۈچۈن بولۇشى كېرەك. تىل بىرەر نەرسىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى كېرەك. «ئەرلەرنىڭ قاتتىق سىنىقى» ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى ئەلى. سىتى بىلەن رىچاد. سىكىن كۆپلىگەن ئەرلەرنىڭ پاراڭلاشقاندا، ھەر دائىم باشقىلارنىڭ پىكرى ياكى ھەرىكىتىنى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنىدىغانلىقىنى، پاراڭنىڭ نىشانلىق بولىدىغانلىقىنى، ئۇنداق بولمىغاندا، ئۇنىڭ مەنىسىز، تېتىقسىز پاراڭ بولۇپ قالىدىغانلىقىنى بايقىغان.

بۇنداق ئەرلەر ئوخشاش بولمىغان ئۇسۇللار ئارقىلىق پاراڭ سورۇننى كونترول قىلالايدۇ. مەسىلەن: پەقەت ئۇلاردا گەپ قىلىش ئويى تۇغۇلغاندىلا ئاندىن ئېغىز ئاچىدۇ ـ دە، ئورۇنلۇق ھەم مەنتىقىلىق گەپلىرى ئارقىلىق باشقىلارنىڭ ئاغزىنى بىراقلا تۇۋاقلايدۇ. جەمئىيەتشۇناس باۋېرا. فېيشمان ئېلان قىلغان بىر تەكشۈرۈش دوكلاتىدا بۇ خىل قاراش ئىسپاتلانغان. باۋېرا بىر ئۆيلۈك ئەر ـ خوتۇننىڭ پارىڭىنى (يوشۇرۇن ئاڭلىغان) بولۇپ، ئۇ تەكشۈرۈش دوكلاتىدا: مەن پاراڭنى ئەر كىشى باشلىغان بولسا، بۇ پاراڭ ئۈستىدە تولۇق مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىپ، ئۇنىڭ 96% نىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك

پاراڭ بولىدىغانلىقىنى، ناۋادا پاراڭنى ئايال كىشى باشلىغان بولسا، ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك پاراڭ بولۇشىدا 36% ئۈمىد بارلىقىنى بايقىدىم.» دېگەن.

پروفېسسور بابارا. فرىسە مۇنداق دەيدۇ: «مەن دەرس بېرىدىغان سىنىپتا 46 ئوقۇغۇچى بولۇپ، ئوغۇللار 33% نى، قىزلار 66% نى ئىگىلەيدۇ. ئەمما، ئوغۇل ئوقۇغۇچىلار يەنىلا دائىم مۇھاكىمە يىغىنلىرىنىڭ 75% نى كونترول قىلىۋالىدۇ.» پروفېسسور فرىسەنىڭ بايقىشى خارون. فاروئېرنىڭ كۆز قارىشىنى قوللايدۇ. فاروئېر 1974 ـ يىلى ئالتىدىن ئارتۇق ئادەم بار گۇرۇپپىدا، بىرىنچىدىن، ئەرلەرنىڭ پىكىر قىلىش ۋاقتىنىڭ ئاياللارغا قارىغاندا ئۇزۇن بولىدىغانلىقىنى، ئىككىنچىدىن، سۆھبەت مەزمۇنىنىڭ ئەرلەر قىزىقىدىغان تېمىنى چۆرىدىگەن هالدا ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقىنى؛ ئۈچىنچىدىن، پۈتۈن سۆھبەت جەريانىدا ئاياللارنىڭ كۈلۈمسىرەش ۋە ئەرلەردىن سوئال سوراشنى ئاساس قىلىدىغانلىقىنى؛ تۆتىنچىدىن، ئەرلەرنىڭ توختىماي باشقىلارنىڭ گېپىنى بۆلۈۋېتىدىغانلىقىنى؛ هەم ئۆزىنىڭكىنىلا راست قىلىدىغانلىقىنى بايقىغان.

ئەرلەرنىڭ پاراڭ سورۇنلىرىنى كونترول قىلىشىنىڭ ئادەتتىكى ئۇسۇلى باشقىلارنىڭ گېپىگە لوقما سېلىشتۇر. فاروئېر ۋە فېشمانلار ئاياللار تەرىپىدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك باشلانغان قىسمەن پاراڭلارنى ئادەتتە ئەرلەر ناهايىتى تېزلا لوقما سېلىش ئارقىلىق تىزگىنلىۋالىدۇ هەم پاراڭنىڭ مەزمۇنىنى ئۆزلىرىنى ياقتۇرىدىغان تەرەپكە بۇرايدۇ، دېگەن قاراشنى بىردەك قۇۋۋەتلەيدۇ.

ئامېرىكىنىڭ كالىفورنىيە شىتاتىدىكى جەمئىيەتشۇناس كەندى. ۋىس بىلەن تاننا. جىمومان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ پاراڭلىشىش شەكلىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، ئوغۇللارنىڭ باشقىلارنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋېتىش قېتىم سانىنىڭ قىزلارغا قارىغاندا جىق كۆپ ئىكەنلىكىنى، ئوغۇللارنىڭ قىزلارنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋېتىش قېتىم سانىنىڭ ئوغۇللارنىڭ ئوغۇللار سۆزىنى بۆلۈۋېتىش قېتىم سانىغا قارىغاندا جىق بولىدىغانلىقىنى،

ئۆزگەرتىۋېتىدىغانلىقىنى، قىزلار ئوغۇللارنىڭ گېپىنى بۆلۈۋېتىشكە ئۇرۇنسا ياكى بۆلۈۋەتسە، ئوغۇللارنىڭ پەرۋا قىلماي سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇۋەر-گەنلىكىنى بايقىغان.

ئەرلەر تىلى بىلەن ئايالالار تىلىنىڭ ھەقىقىي پەرقى شۇكى، ئەرلەر سورۇننى كونترول قىلىش ۋە يېڭىش پۇرسىتى تېپىشنى بىرىنچى مۇھىم ۋەزىپە دەپ قارايدۇ. بىر ئوبزورچى مۇنداق دەپ يازىدۇ: «بۇ خىل رىقابەتلىشىش پسىخىكىسى ئەرلەرنىڭ ئازاد بولۇشىدىكى ئەڭ چوڭ توسالغۇدۇر. ئەرلەر ئۆزلىرىنىڭ ئاجىز تەرەپلىرىنى ھەرگىز ئېتىراپ قىلىشنى خالىمايدۇ.»

كۆپ سانلىق ئەرلەر يۈز تۇرانە ئېلىپ بېرىلغان سۆھبەتلەردە ھەقىقىي يېڭىپ چىققۇچىلارنىڭ بولمايدىغانلىقىنى تازا چۈشىنىپ كەتمەيدۇ. پەقەت مۇنازىرە سورۇنلىرىدىلا يېڭىلگۈچىلەر ۋە يەڭگۈچىلەر بولىدۇ ھەم رىقابەتتىكى ھەر ئىككى تەرەپنىڭ سۆز ماھارىتى تولۇق نامايان بولىدۇ.

## پاكىتنى سۆزلەش، ھېسسىياتقا بېرىلمەسلىك

نېمە ئىش بولسا شۇ ئىش ئۈستىدىلا توختىلىش ئەرلەر تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكى. كۆپ ساندىكى ئەرلەرنىڭ قىلغان پاراڭلىرىنىڭ مەزمۇنى ئاساسەن دەلىللەشكە بولىدىغان ھەم ئېنىق پاكىتلار بولۇپ، ئۇلار دېگەندەك بىلگىلى بولمايدىغان شەئىيلەرگە ئېتىبار بېرىپ كەتمەيدۇ.

غەرب ئەللىرىدە، ئايالالار ژۇرناللىرىغا سېلىشتۇرغاندا، ئەرلەر ژۇرناللىرىدا تەھلىلنى ئەمەس، بەلكى پاكىتنى بەكرەك تەكىتلەيدۇ. بىر ئايال تەھرىر مۇنداق دەيدۇ: «ئەرلەر ئۆزلىرىگە پايدىسىز بولغان ماقالىلەر ئۈستىدە پاراڭ قىلىشنى ئەسلا خالىمايدۇ ھەم دىققىتىنى ئۇ تەرەپكە چاچمايدۇ. ئۇلار ھەرقاچان باشقىلار ئالدىدا بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ مەغرۇر يۈرۈشنى، ئۆزىگە پايدىلىق خەۋەرلەرنى ئاڭلاشنى، قىزلارنىڭ ئۆزلىرىگە ھۆرمەت بىلەن تەلمۈرۈپ قارىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ.»

ئەرلەر تىلى مۇھىم نۇقتىنى پاكىتقا قاراتقاچقا، تۇيغۇ ۋە ھېسسىيات ھەققىدىكى مۇھاكىمىلەر تولىمۇ مۇشكۈلگە توختايدۇ. نىكاھ ئىشلىرى

مەسىلىھەتچىسى، پروفېسسور لوئى. ماكىجىنى مۇنداق دەيدۇ: «سىز ئەر - ئاياللارنىڭ يېقىنچىلىق دەرىجىسىنى كۆزەتمەكچى بولسىڭىز، ئۇلارنىڭ قىلغان پاراڭلىرىنىڭ مەزمۇنى ئارقىلىق ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ قانداقلارچە ئامراقلىق - يېقىنچىلىق مۇناسىۋەتكە يۈزلەنگەنلىكىنى كۆرىسىز. ئادەتتىكى ئەھۋال شۇكى، يېڭى تونۇشقان ئەر - ئاياللار پاراڭ مەزمۇنىنى ئادەتتىكى پاكىتلار بىلەن چەكلەپ قويۇپ، ھەر ئىككىيلەن تېخىمۇ كۆپ ئەھۋاللاردىن خەۋەردار بولغاندىن كېيىن، ئاندىن پىكىر بايان قىلىشقا باشلايدۇ، ئەڭ ئاخىرىدا ناۋادا ئۇلار ھەقىقىي دوستلاردىن بولۇپ قالسا، ھېسسىيات تەبىئىي ھالدا ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ.

پاكىتنى كۆپتۈرۈشنىڭ مۇھىملىقى

ئەرلەر ناۋادا ھېسسىياتنى پاكىتنىڭ كەينىگە يوشۇرۇشقا ئادەتلىنىپ قالسا، ئۇ ھالدا ئۇلار پاكىتنى كۆپتۈرۈشتىن پاكىتقا بېقىنىدىغان ھالەتكە ئۆتۈش خەۋپىگە دۇچ كېلىدۇ، تۇيغۇ روشەن ھالدا بىر قەدەر مۇھىم بولغان ئەھۋال ئاستىدىمۇ شۇنداق بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە، نۇرغۇن ئەرلەرنىڭ كەيپىياتى قانچە جىددىيلەشكەنسېرى، شۇنچە تەمكىن بولۇپ، ئۆزىنى قاتتىق تۇتۇۋالىدۇ.

ئەلۋەتتە، پاكىتنىڭ مۇھىملىقىغا قىل سىغمايدۇ، بىراق ئۇلارنىڭ مۇھىملىقىنى ھەددىدىن زىيادە تەكىتلەۋەرگەندە، بۇ ئەرلەرنىڭ ھېسسىيات جەھەتتىكى تالاش - تارتىشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى خۇلاسىسى بولغان تۇيغۇنى ھېس قىلىش قىيىنغا توختايدۇ. بىر ئايال مۇنداق دەيدۇ: «مەن جىم ئولتۇرۇپ بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدىكى مەسىلىلەرنى تەمكىنلىك بىلەن مۇزاكىرە قىلالمىغانلىقىم ئۈچۈن، ئۇ مېنى مازاق قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ. ئەمما، ھەقىقىي كالۋا دېسە، شۇنى دېسە بولىدۇ. كىممۇ ئۆمرىدىكى ئەڭ مۇھىم مۇناسىۋەت بەربات بولۇش خەۋپىگە دۇچ كەلگەندە، سوغۇق قانلىق بىلەن ئولتۇرۇپ پاراڭلىشالىسۇن؟ مېنىڭچە كۆپ سانلىق ئەرلەرنىڭ ھەممىسى بۇنى مۇداپىئەلىنىش مېخانىزمى قىلىۋالىدۇ.

ھەرىكەت ۋە جىنسىيەت

ئەرلەر كۆپ ھالل‌اردا خىزمەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك تېمىلار ئۈستىدە پاراڭلىشىدۇ. شۇنداق بولغاندا ھەم نىشان ھەممىدىن ئەلا بولۇشىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرغىلى بولىدۇ، ھەم نېمە ئىش بولسا، شۇ ئىش ئۈستىدىلا توختىلىش ھەرىكىتى ھاسىل بولغان بولىدۇ. ئەلۋەتتە، نىشان ھەممىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان شارائىت ئاستىدا، خىزمەت بىلەن ئالاقىدار بولغان پاراڭلاردىمۇ بەزىدە تىركىشىپ قالىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ. بىراق، ئەرلەر خىزمەت ئۈستىدە پاراڭ سالىدىغان چاغلاردا، ئۇلار ئەڭ ئامراق پاراڭ تېمىسى بولسا، ھەرىكەت ۋە جىنسىيەتتۇر.

ئەرلەر غەيرىي رەسمىي سورۇنلاردا ئۇچرىشىپ قالغاندا، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى پاراڭ كۆپ ھالل‌اردا يۇقىرىقى تېما ئۈستىدە بولىدۇ. بەزەن ـ بەزەن باشقا ياقلارغا كېتىشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن: كىم تېخى كەلمىدى، ئائىلە ئەھۋالى، مۇۋاپىق ھالدا ھېسداشلىق قىلىش ياكى غەزەپلىنىش ھەتتا سىياسىي قاراشلىرىنى ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇشقا ئوخشاش. ئەمما، كۆپلىگەن ئەرلەرگە نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ پۇتبول مۇسابىقىلىرى ۋە جىنسىي پائالىيەتلەر ھەققىدىكى پاراڭلارغا بولغان قىزىقىشى تېخىمۇ كۈچلۈكتۇر.

خۇددى ئەرلەرنىڭ ھەرىكەتكە ئەسەبىيلەرچە بېرىلىشى يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ سۇسلىشىپ قالغانغا ئوخشاش، بەزى ئەرلەرنىڭ جىنسىيەت ھەققىدىكى پاراڭلىرىمۇ يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ بارغانسېرى «پىششىپ يېتىلىدۇ». شۇڭا، ئەرلەرنىڭ پاراڭلىرىنىڭ مەزمۇنىمۇ بالىلىق دەۋرلىرىدىكى سېرىق چاقچاقلاردىن ھالقىپ ئاياللارنىڭ تەن قۇرۇلۇشى، ئەرلەرنىڭ جىنسىي جەھەتتىكى ئىقتىدارسىزلىقى، پاھىشە ئاياللارنىڭ جىنسىي جەھەتتىكى ماھارەتلىرى، ھېجىلىقىزلار، زەكەرنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى قاتارلىقلار ئۈستىگە يۆتكىلىدۇ.

پاراڭلىشىش ئۇسلۇبى

تىلشۇناس رېلىن. گىلاس بىلەن روبىن. شۆكوفلارنىڭ قارىشىغا ئاساسلانغاندا، ئەرلەر ۋە ئاياللارنىڭ تىل جەھەتتىكى پەرقى پاراڭلىشىش

ئۇسلۇبى ۋە ماھىيەتلىك مەزمۇنىدا ئىپادىلىنىدۇ. نەتىجىدە، ئىككى جىنس ئوتتۇرىسىدا چۈشىنىش ھاسىل قىلىشتا دائىم كاشىلا پەيدا قىلىدۇ.

ئالايلۇق، بولۇۋېيىنىڭ ئاياللىرى ئەرلەرگە خاس ئاتالغۇلارنى ئىشلىتىشنى مەنئى قىلىدۇ. مەسىلەن: «ئىلاھ»، «روھ»، «ئەركىشى» دېگەندەك. سىبىرىيىدىكى بەزى مىللەتلەرنىڭ ئاياللىرى تاق سۆزلەرنى ئايرىم تەلەپپۇز قىلىدۇ. ئەرلەر ناۋادا خاتا تەلەپپۇز قىلىپ قويسا، كىشىلەرگە باشقىچە چۈشەنچە بېرىپ قويۇشى مۇمكىن. ياپونىيە ئاياللىرى ئەرلەرگە خاس تاق سۆز ۋە پېئىلنى قوللىنىشتىن ساقلىنىش ھەققىدە تەلىم ئالغان. ئامېرىكىدا پەرق ئۇلارغا سېلىشتۇرغاندا ئانچە روشەن بولمىغان بىلەن، ئىككى جىنسنىڭ پاراڭلىشىش ئۇسلۇبىدا يەنىلا روشەن ئوخشىماسلىق بار. ئەرلەر تىلى ئوراملىق بولۇپ، ئۇنىڭغا ھېسسىيات ئارىلاشمىغان بولىدۇ، ئاياللار تىلىدا ئۇرغۇ ۋە ھېسسىيات بولۇپ، خۇددى ئالپىس تېغىنىڭ مەنزىرىسىدەك گۈزەلدۇر. خۇددى دولان ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى دوھان كۆرسەتكەندەك: «ئاياللار ‹مېنىڭ راستىنلا ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتىدۇ، سىز شۇنداق ئويلامسىز؟ ئۇلار شۇنچىلىك ياشىمىدۇ؟› دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىشقا مايىل كېلىدۇ.»

تاق سۆزلەرنى تاللىغان چاغدا، ئاياللارمۇ ئىنتايىن قوپال سۆزلەرنى قوللىنىشى مۇمكىن. ئەرلەر ئۆزىنىڭ خاپا بولۇۋاتقانلىقىنى بىلدۈرسە، ئاياللار ئۆزىنىڭ دەرغەزەپ بولغانلىقى ياكى غەزەپلەنگەنلىكىنى ئىپادىلىشى مۇمكىن. ئەرلەر بۇ كىتاب يامان ئەمەسكەن دەپ ئويلىسا، ئاياللار بۇ كىتابنى قالتىس ياخشىكەن، دەپ ئويلىشى مۇمكىن. ئاياللارمۇ ئۆز پاراڭلىرىغا بەزى تەم كىرگۈزىدىغان نەرسىلەرنى يەنى ئاتالمىش «كۆچەيتكۈچى سۆزلەر»نى ئارىلاشتۇرىدۇ. بولۇپمۇ، «مۇنداق»، «تازىمۇ» دېگەندەك ئابستراكت سۆزلەرنى، مەسىلەن: «بۇ كىتاب تازىمۇ ياخشىكەن!» دېگەن سۆزگە «تازىمۇ، شۇنىڭ بىلەن.» دېگەندەك تولۇقلىما كەتمەيدۇ. «تازىمۇ» نىڭ بىردىنبىر رولى گەپ قىلغۇچىنىڭ ئىشەنچىسىنى يەتكۈزۈشتۇر.

رۇس تىلى، شۇنىڭدەك باشقا تىللاردىمۇ ئۇچرايدۇ. دوھان مۇنداق دەيدۇ: «بۇ سۆزنى قوللانغاندا («ئۇ تازىمۇ رەزىل نىمــــكەن!» دېگەندەك)، كۈچەيتىلگەن ئاھاڭ تېخىمۇ كۈچىيىپ «ئۇنىڭ رەزىللىـــكتە ئۇچـــغا چىققانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.»

ئۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا، ئەرلەر تىلىدا، كۈچەيتىش ئاھاڭــى يوق دېيەرلىك. كىچىككىدىن تارتىپ قوبۇل قىلغان تەربىيە سۆزلىگەن چاغدا بولسىمۇ كەيپىياتنى «كونترول قىلىش» بولغاچقا، كۆپ ساندىكى ئەرلەرنىڭ ھەممىسى بىر خىلدا تەمكىن، مۇلايىم ئاھاڭدا سۆزلەشكە، سۆزىنىــڭ ئاھاڭىنى كۈچەيتىــشكە توغرا كەلگەندە، سەل تۇرۇۋېلىــپ سۆزلەشكە ئادەتلەنگەن. ئەرلەر ئالاھىدە قوللىنىدىغان سۆزلەر ياكى ئەپسانە گەپلەر ئاياللار تىلىدا كەمدىن ـ كەم ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: ئاياللار «بۇ تازىمۇ بىمەنىلىكتە» دېگەن يەرگە، ئەرلەر «بۇ ئاناڭنى تازىمۇ بىمەنىلىكتە» دېيىشى مۇمكىن.

ئەڭ ئاخىرقى بىر نۇقتا شۇكى، ئەرلەر گەپ قىلغاندا، ئېغىــز غېرىشلاشنى ياخشى كۆرىدۇ، ئاياللار بولسا، ماسلىشىشقا مايىل كېلىدۇ. ئاياللار بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا سۆزلەشنى ياقتۇرمايدۇ، ئۇلار ئىلتىماس قىلىش ئۇسۇلىدا سۆزلەشنى ياخشى كۆرىدۇ. مەسىلەن: «خاپا بولماي ئاۋۇ كىتابنى ئېلىۋەتكەن بولسىڭىز؟» دېگەندەك. پروفېسسور رېلىن. گىلاس مۇنداق دەيدۇ: «ئاياللارغا مەلۇم نەرسە كېرەك بولغاندا، ئۇلار دائىم ئىلتىماس قىلىش تەلەپپۇزىدىكى ئاۋاز ياكى سۆزلەرنى قوللىنىــدۇ. شۇڭا، ئۇلار باشقىلارنىڭمۇ مۇشۇنداق ئىلتىماس قىلىش تەلەپپۇزىدا سۆزلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئۇنداق بولمايدىكەن، ئاياللارنىڭ غەزەپلىك كەيپىياتى ئۇنتقا ئوخشاش ئاستا ـ ئاستا ۋاشىلداپ كۆيۈشكە باشلايدۇ.»

## 38. ئەرلەر سىز ئۇقمايدىغان تىل ئارقىلىق مۇھەببەت ئىزھار قىلىدۇ

*نۇرغۇن ئەرلەرنىڭ مەقسىتىنى ۋاسىتىلىك ئىپادىلەشتىن مەقسىتى ئۆزىنى قوغداشتىن ئىبارەت. ۋاسىتىلىك ئۇسۇل قوللانغاندا ئەرلەر ئاياللارنىڭ سېزىمىنى سىنىغان چېغىدا ئۆزىنىڭ سېزىمىنى ئۇقتۇرۇش ھاجەتسىز بولۇپ، ئۆزىگە پايدىسىز ئەھۋال كۆرۈلگەندە، دەرھال چاندۇرماي چېكىنىپ چىقىشقا قولايلىق بولىدۇ.*

ۋاسىتىلىك سەنئەت

ئەرلەر تىلىدا بەزى «خىيالىي» ئالامەتلەر بولىدۇ. كۆپلىگەن ئەرلەرنىڭ پاراڭلىرى ئۈزۈلۈپ قېلىش، سەپسەتە، «چۈشىنىكسىز توختاپ قېلىش»، ھەق ـ ناھەقنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىش، خاتا يىپ ئۇچى پەيدا قىلىش قاتارلىق سىرلىق ئالامەتلەر بىلەن تولغان. بولۇپمۇ ئۇلار سېزىمىنى ئىپادىلەشكە ئۇرۇنغاندا، كۆپ سانلىق ئەرلەر ھەم ئۆزلىرىنىڭ مەقسىتىنى دېمەيدۇ، ھەم ئۆزلىرىنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى چۈشەندۈرمەيدۇ. ئەرلەر تىلىدا، جۈملە بىلەن مەنىنىڭ مۇناسىۋىتى تۈپتىن ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋېتىلگەن.

بىر ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئېرىمدىن سىز ئۆي ئىچىدە ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىپ يۈرگىلى بىر ھەپتىدىن ئاشتى، نېمە

قاپتۇ» دېدى. بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ يەنە ئۆي ئىچىدە مېڭىشقا باشلىدى، مەن يەنە ئۇنىڭدىن سورىۋىدىم، ئۇ: «ئاشقازىنىم ئاغرىۋاتىدۇ» دېدى. يەنە ئىككى كۈن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇ يەنە مېڭىشقا باشلىدى، شۇڭا مەن يەنە: «سىزگە زادى نېمە بولدى؟» دەپ سورىدىم. «ئوتلارنى ئوتنىۋەتسەم بولغۇدەك» دېدى ئۇ.

«بۇ نۆۋەت مەن نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلدىم. ئۇنىڭ كۆڭلى بىئارام بولۇۋاتقانىكەن، چۈنكى مەن سەپەرگە چىقىش ئالدىدا تۇراتتىم، ئۇ مېنىڭ بېرىشىمنى خالىمايتتى. ھەر يىلى مۇشۇنداق ئىشقا يولۇققاندا، ئۇ پەقەت گېپىنى ئېنىق قىلمايتتى.»

بۇ ئەرلەر نېمە ئۈچۈن كۆڭلىدىكى گەپلەرنى بىۋاسىتە ئىپادىلەشنى رەت قىلىدۇ؟ نېمىشقا «مەن سىزنى سۆيىمەن» دېگەن گەپنى گاچچىدا ئېيتماي، بەلكى مۇھەببىتىنى ئىشارەت ئارقىلىق ئىزھار قىلماقچى بولىدۇ؟ نۇرغۇن ئەرلەرنىڭ كۆڭلىدىكى گەپنى ۋاستىلىك ئىپادىلەشتىن مەقسىتى ئۆزىنى قوغداشتىن ئىبارەت. ۋاستىلىك ئۇسۇل قوللانغاندا، ئەرلەر ئاياللارنىڭ سېزىمىنى سىنىغان چېغىدا، ئۆزىنىڭ سېزىمىنى ئۇقتۇرۇش ھاجەتسىز بولۇپ، ئۆزىگە پايدىسىز ئەھۋال كۆرۈلگەندە، دەرھال چاندۇرماي چېكىنىپ چىقىشقا قولايلىق بولىدۇ.

ئەرلەر ناۋادا سەممىيەتلىك بىلەن بىۋاسىتە ئاياللارغا بەزى ئىشلارنى ئېيتسا، ئۇلارنىڭ سەممىي جاۋابقا ئېرىشىشى ناتايىن. مەسىلەن: بىر ئەر بىر ئايالنى تاسادىپىي ياخشى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنىڭغا «مەن سىزنى سۆيىمەن!» دېسە، ئايال مىتمۇ قىلىپ قويماسلىقى مۇمكىن. ھېسسىياتنىڭ بىۋاسىتە ئىپادىلىنىشى بەزى چاغلاردا بىر مەيدان قىمارغا ئوخشايدۇ، بەزى ئەرلەر تولۇق ئىشەنچ قىلمىغان ئەھۋال ئاستىدا بۇنداق قىمارلاردا دو تىكىشنى خالىمايدۇ. ئەكسىچە، ۋاستىلىك ئىپادىلەش ئۇسۇلىدا ئۇلارغا بەزى ئىمكانىيەتلەر قالدۇرۇلغان بولىدۇ. تەۋەككۇلچىلىك بولمىسا يوقىتىشمۇ بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.

بەزى ئەرلەر ھېسسىياتنى ئىپادە قىلىشتىن قورقسا، مەسخىرە قىلىش

ياكى زاكلىق قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا باشلايدۇ. پسىخولوگىيە تەتقىقاتچىسى مۇنداق دەيدۇ: «ئۇنىڭ ئۇنۇمى خۇددى توسما قۇرغاندەك يەنى سىپايىگەرچىلىك بىلەن ھەيۋە قىلىۋاتقاندەك بولۇپ، ئەرلەرنىڭ ھەقىقىي ھېسسىياتىنىڭ ئاشكارا بولۇپ قېلىشىغا ياردىمى بولىدۇ. ئۇن نەچچە ياشلىق باللار دائىم دېگۈدەك ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان دوستىغا مۇشۇ تاكتىكا ئارقىلىق مۇئامىلە قىلىدۇ. قۇرامىغا يەتكەن ئەرلەرمۇ دائىم مۇشۇ خىل ئۇسۇل ئارقىلىق باللار بىلەن دوستلۇق ئورنىتىدۇ.»

مەسخىرە قىلىش ھەم زاكلىق قىلىش تىلى تەرىپىدىن زاھىر بولغان دۇنيا شەيتان ئەينىكى دۇنياسىدۇر. بۇ يەردە ھەر بىر نەرسە مەلۇم مەنىگە ۋەكىللىك قىلغان بولىدۇ. بىراق، بۇ مەنا ئۇنىڭ ماھىيەتلىك ئەھمىيىتىدىن پەرقلىنىدۇ: بۇ دۇنيادا، ئەرلەرنىڭ ئەڭ مۇشكۇل، ئەڭ ئېھتىياتچان سېزىمى يۇمۇرىستىك كۇلكىلەرنىڭ دالدىسى ئاستىدا ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ.

مەسىلەن، خىزمەتنىڭ ھەلەكچىلىكى بىلەن، بىر ئەر بولغۇسى ئايالى بىلەن بىر يىل ئايرىلىپ كېتىشكە (ئايرىلىپ تۇرۇشقا) مەجبۇر بوپتۇ. ئۇ بولغۇسى ئايالىنىڭ باشقا شەھەردە شەرم ـ ھايا بىلەن بىر يىل ئۆزىنى كۈتۈپ تۇرالىشىغا روشەنكى ئىشەنچ قىلالمايدىكەن. ئەمما ئۇ ئىش بېسىق بولغانلىقتىن زادىلا ۋاقىت چىقىرالمايۋاتىمەن دېگەننى باھانە قىلىپ، يا ئۇنىڭغا تېلېفون بەرمەپتۇ يا خەت يازماپتۇ، ھەتتا ئۇنى كۆرگىلىمۇ بارماي، مۇشۇ ئۇسۇل ئارقىلىق ئۆزىگە كۆڭۈل ئاغرىقى تېپىۋالماسلىقنىڭ ئالدىنى ئاپتۇ. ئۇ كۆڭلىدىكى ئەندىشىنى بىۋاسىتە ئىقرار قىلماپتۇ، گەرچە بۇ ئەندىشىلەر كېچە ـ كۈندۈز ئۇنىڭ كۆڭۈل ئارامىنى قويمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ قەلبىدىكى تەشۋىشنى ئىپادىلەشنىڭ بىردىنبىر ئۇسۇلى زاكلىق قىلىش ئىكەنلىكىنى بايقاپ، شىركەتنىڭ ئاشخانىسىدا چۈشلۈك تاماق يەۋاتقاندا، ئۇرۇندۇققا يۆلەنگەن پېتى قاقاقلاپ كۈلۈپ: «ئۇنىڭ بۈگۈن كەچتە كىم بىلەن بىللە بولغانلىقىنى كىم بىلىدۇ؟» دەپ مەسخىرە قىپتۇ. ئۇنىڭ مۇشۇ قۇرۇقتىن ـ قۇرۇق دوق قىلىشىدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا

ئىپادىلەشكە تەقەززا بولغاندا، ئۇنى دائىم چۈپرەندىلەر قىياپىتىگە كىرگۈزۈپ، يۇمۇرىستىك ئۇسۇللار ئارقىلىق ئاشكارىلايدۇ.

## «سىزنى سۆيىمەن» دېگەن مەسىلە

بەزى ئەرلەرگە نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، «سىزنى سۆيىمەن» دېگەن گەپنى ئېغىزىدىن چىقىرىش نېمە ئۈچۈن شۇنچىلىك مۇشكۈل؟ بېكىنمە ئەرلەرگە ئالاقىدار خىلمۇخىل ئىشلار توغرۇلۇق ئاغرىنغان چېغىمىزدا، بۇ مەسىلىدىنمۇ بەكرەك ئادەمنى تىت ـ تىت قىلىدىغان ئىش بولمىسا كېرەك. كۆپلىگەن ئاياللارغا نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئېچىۋېتىشنىڭ مەنىسى «مەن سىزنى سۆيىمەن» دېيەلەيدىغان بولۇشتىن ئىبارەت.

لېكىن، ھەر قېتىم «سىزنى سۆيىمەن» دېيىش زۆرۈر بولغاندا، نۇرغۇن ئەرلەر ئۆزىنى قاچۇرۇپ، ئۇ گەپنى ئېغىزىدىن چىقارمايدۇ. چۈنكى، ئۇلار بۇنىڭسىزمۇ مۇھەببەتنى ئىزھار قىلىدىغان ئۇسۇللار ئاز ئەمەس، ئاياللار بۇ سۆزگە ئارتۇقچە ئەھمىيەت بېرىپ كېتىۋاتىدۇ، ئۇنىڭغا ئارتۇقچە ھېسسىيات تۇسىنى ئارتىۋاتىدۇ، قانداقلا دېمىگەن بىلەن، سېزىم ھەممىدىن مۇھىم ئەمەسمۇ؟ دەپ قارايدۇ.

كۆپ سانلىق ئەرلەر ئارىسىدا، مۇھەببەت پەقەت ۋاستىلىك ھەم نازۇك ئۇسۇللار ئارقىلىق ئىپادە قىلىنىدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئەرلەرنىڭ سۆز قىلىش قائىدىسى يول قويغان دائىرىدىن ھالقىپ كەتمەيدۇ. ئۇ ئەمەلىي ئەھۋالنى بايان قىلىش ئارقىلىق دالدا قىلىنىدۇ («سىز ئەرلەر ئارزۇلايدىغان ساھىبجامالنىڭ ئۆزى شۇ.» دېگەندەك). قوللاشنى بىلدۈرىدىغان قەسەم ئارقىلىق پەردازلىنىدۇ («سىز ماڭا ئىشىنىڭ!» دېگەندەك) ۋاستىلىك ھالدا ئوتتۇرىغا قويىدۇ(«مەن سىز بىلەن دائىم بىللە بولۇشنى خالايمەن» دېگەندەك) ياكى چاقچاق ئارقىلىق يوشۇرىدۇ («سىزگە ئەجەب يول قويۇپ كەتتىمغۇ تالڭ؟» دېگەندەك). ھەتتا ئېغىر ـ يېنىك ئىشلاردا ياردەم بېرىش، ئاپتوبۇسلارغا چىققاندا يول بېرىش ۋە ئورۇن بېرىش، پەلەمپەيلەردىن چۈشكەندە يېلىكىدىن تۇتۇپ چۈشۈرۈش، ئۇششاق ـ چۈششەك نەرسىلەرنى سوۋغا قىلىش ئارقىلىقمۇ ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئىپادىلەشكە بولىدۇ.

ئالىي مەكتەپنىڭ بىر پروفېسسورى مۇنداق دەيدۇ: «ئەرلەر مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلمايدۇ ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ مۇھەببەت ئىزھار قىلىش ئۇسۇلى ئاياللارنىڭ كۈتكىنىگە ئوخشىمايدۇلا خالاس.» نۇرغۇنلىغان ئەرلەر كۆپ سانلىق ئاياللار چۈشەنمەيدىغان تىل ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىشتا چىڭ تۇرىدۇ.

# 39. ئەرلەر نېمىشقا بېكىنمە ھالەتتە تۇرىدۇ

*ئەرلەر ۋە ئاياللارنىڭ ھەممىسى بىرلا ئىشىكنى ئۇرىدۇ، شۇغىنىسى يولىنىشى ئوخشىمايدۇ. ئاياللار ئۆزىنى بېقىندى قىلىۋالغان بويۇنتۇرۇقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، جېنىنىڭ بارىچە ئىشىكنى بۇزۇپ ئۆيدىن چىقماقچى بولىدۇ، ئەرلەر بولسا پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىشىكنى بۇزۇپ ئۆيگە كىرمەكچى بولىدۇ؛ ئاياللار ئەركىن نەپەس ئېلىشقا تەشنا بولسا، ئەرلەر ئىچكى يېقىنچىلىق دۇنياسىغا قايتىشقا ئالدىرايدۇ.*

ئاياللار ھەرىكىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن، بېكىنمە ئەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق ئەرلەردە بىر مۇنچە زور ئۆزگىرىشلەر پەيدا بولدى. مەسىلەن: ھازىرقى زاماندىكى بېكىنمە ئەرلەرمۇ ئۆزلۈكىدىن ئائىلە ئىشلىرىغا ياردەم قىلىدىغان، بالىلارنى ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان ياكى ئايال خوجايىنىغا دوكلات قىلىدىغان بولدى. بىراق، ھەر قېتىم ئەرلەرنى «مەن سىزگە موھتاج» دېگۈزمەكچى بولغاندا ياكى جىنسىي تۇرمۇش شۇنىڭدەك ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلاردىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇشقا توغرا كەلگەندە، ئاشۇ چىرىك مەدەنىيەت بويىسى يەنە قايتىدىن نامايان بولۇشى مۇمكىن.

مەلۇم بىر داڭلىق ئاياللار ژۇرنىلىنىڭ تەھرىرى مۇنداق دەيدۇ: «بىز ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتلەردە ئاياللارغا بېسىم پەيدا قىلىۋاتقان چىرىك قاراشلارنى يېڭەلەيمىز. ۋەھالەنكى، بىز ئەرلەرنىڭ ئاياللار

بىلەن چۈشىنىش ھاسىل قىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلىۋاتقان ھېسسىيات بوپىسى ئالدىدا ئامالسىز قېلىۋاتىمىز، بىز پەقەت يېرىم مەيدان ئۇرۇشتىلا غەلىبە قىلىدۇق. مېنىڭ ئۈمىدىم ھەم كۆپ سانلىق ئاتا-ئانىلارنىڭ ئۈمىدى كۆڭۈلدىكىدەك كەسپىي تۇرمۇشنىڭ، بىر كۆڭۈلدىكىدەك شەخسىي تۇرمۇشنىڭ بولۇشىدۇر.

مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئېيتىشىغا ئاساسلانغاندا، كۆپ يىللاردىن بۇيان مەدەنىيەت ئۆزگىرىشىنىڭ تەسىرىگە ئەڭ چوڭقۇر ئۇچرىغۇچىلار ئالىي مەكتەپ تەربىيىسىنى ئالغان، كەسپىي ساپاسى ئۈستۈن ئەرلەر؛ ھەم خىزمەت ئورنىدا ئايال ئىشداشلىرى كۆپ ئەرلەر ئىكەن. 28 ياشلىق بىر ئايال مۇنداق دەيدۇ: «بىز مۇشۇ ئەۋلاد كىشىلىرى ئىلگىرىكىلەرگە ھەقىقەتەن ئوخشىمايمىز، مەن تونۇيدىغان بىر مۇنچە قىزلار ئېچىۋېتىلگەن ئەرلەرگە تەگدى، ئۇلارنىڭ ئەرلىرى ئائىلە ئىشلىرىغا ياردەملىشىپ، كۆڭلىدىكى گەپلىرىنى ئېيتىپ ئۇلارنىڭ ھەقىقىي دوستلىرىغا ئايلاندى.»

ئەمما، داۋالاش مۇتەخەسسىسى ئالېكساندىر. تايلېر ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «بەزى ئەرلەر ئېچىۋېتىلگەندەك قىلىدۇ، چۈنكى ئۇلار ئېچىۋېتىشنىڭ ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى ئىكەنلىكىنى، ئېچىۋەتمەي بولمايدىغانلىقىنى بىلىدۇ. بۇ بىر خىل يالغان ئېچىۋېتىشتۇر. بۇ خۇددى بىر خىل ئاتالمىش ‹سىزدىن بەكرەك كىشىگە ياخشى كۆرۈنۈش› ئويۇنىنى ئوينىغاندەك بىر ئىش. ھەقىقىي ئېچىۋېتىش ئىدىيە، ھېسسىياتنىڭ چوڭقۇرلىشىش جەريانىدۇر».

ئەلۋەتتە، بىزنىڭ يېقىنقى يىللاردا يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەرنىڭ ئەھمىيىتىنى باھالىشىمىزغا، بۇ ئەۋلاد بىلەن ئۆتكەن ئەۋلادلار ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشىماسلىقلارنى ئېنىقلاپ چىقىشىمىزغا ۋە بۇ ئەۋلادنىڭ تېخىمۇ ئېچىۋېتىلگەنلىكىنى جەزملەشتۈرۈشىمىزگە تېخى خېلى ۋاقىت كېرەك.

پروفېسسور ئايرۇن. ستون مۇنداق دەيدۇ: «ئەنئەنە جەھەتتە،

قويۇش، تاشقى جەھەتتە ئۆزى ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا يول قويماسلىق بەلگىلەنگەن. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئەرلەرنىڭ تاشقى جەھەتتە ئۆزى ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشى (قازانغان ئۇتۇقى، ئىش ـ ھەرىكەتلىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) كۈچلۈك رىغبەتلەندۈرۈلگەن. شۇڭا، ئىچكى جەھەتتە ئۆزى ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش خېنىملارنىڭ ئىشى دەپ قارالغان. بىراق، مەن بۇ خىل قالاق قاراش ئۆزگىرىۋاتىدۇ دەپ ئويلايمەن.»

مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئەرلەر ۋە ئاياللارنىڭ ھەممىسى بىرلا ئىشكىنى ئۇرىدۇ. شۇغىنىسى يولىنىش ئوخشىمايدۇ. ئاياللار ئۆزىنى بېقىندى قىلىۋالغان بويۇنتۇرۇقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، جېنىنىڭ بارىچە ئىشكىنى بۇزۇپ ئۆيدىن چىقماقچى بولىدۇ، ئەرلەر بولسا پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىشكىنى بۇزۇپ ئۆيگە كىرمەكچى بولىدۇ. ئاياللار ئەركىن نەپەس ئېلىشقا تەشنا بولسا، ئەرلەر ئىچكى يېقىنچىلىق دۇنياسىغا قايتىشقا ئالدىرايدۇ. بۇ خىل ئۆز ئارا ئورۇن ئالماشتۇرۇش جەريانى يېڭى مەسىلىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارماي قالمايدۇ. نۇرغۇن ئاياللار مۇستەقىللىققا ئېرىشىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئەرلەرنى ئازابتا قالدۇرغان ئاشۇ قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ ـ دە، يېقىنلىشىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان بولۇپ قالىدۇ.

خۇددى پروفېسسور ستون كۆرسەتكەندەك، ئەرلەرنىڭ يېقىنچىلىقتىن ئەندىكىش روھىي ھالىتىنى يېڭىشىدا دۇچ كەلگەن بىر مۇنچە مەسىلىلەر دەل جەمئىيەتىمىزدە ئىككى جىنس ئوتتۇرىسىدىكى چېگرىنىڭ قاتتىق بولۇپ كەتكەنلىكىنىڭ نەتىجىسى. ئەنئەنە جەھەتتە، كۆپچىلىكنىڭ ئاياللاردىن كۈتىدىغان ئۈمىدى بالا تۇغۇپ، بالا تەربىيىلەش، ئائىلىنىڭ ئىجىل ـ ئىناقلىقىنى ساقلاش، ئەر ـ خوتۇن ئوتتۇرىسىدىكى جىنسىي تۇرمۇشقا كاپالەتلىك قىلىش. ئەرلەرنى بېقىپ چوڭ قىلىشتىن مەقسەت، جەمئىيەتكە چىقىپ ئىشلەش ۋە بالا ـ چاقىلىرىنى بېقىپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش. مۇشۇ رولنى تېخىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئويناپ چىقىش ئۈچۈن، ياش ئەرلەر چىدامىلىقىنى، ماھارىتىنى ۋە ئوبدان خىزمەت پوزىتسىيىسىنى يېتىلدۈرۈشتە، جەزمەن مەشىق ئېلىپ بېرىشى ۋە چېنىقىشنى قوبۇل قىلىشى

لازىم.

ئەرلەرنىڭ ھېسسىياتىنىڭ يېقىنلىشىشىغا قارشىلىق قىلىشىدا، ئېھتىمال يەنە تېخىمۇ چوڭقۇر قاتلاملىق، تېخىمۇ مۇھىم سەۋەب بولسا كېرەك. تەتقىقات خادىملىرى يېقىندا، ئەر - ئاياللارنىڭ چوڭ مېڭىسىنىڭ يېتىلىشىنىڭ ئوخشاش بولمايدىغانلىقىنىڭ بالا ياتقۇدىكى چېغىدىلا مەلۇم بولىدىغانلىقىنى بايقىغان. ئۇلارنىڭ بايقىشىچە، قىز بالىنىڭ سول مېڭىسىنىڭ يېتىلىشى ئوغۇل بالىغا قارىغاندا تېز بولىدىكەن. ئۇلار بىرلا ۋاقىتتا ئوغۇل بالىنىڭ ئوڭ مېڭىسىنىڭ بىرقەدەر تولۇق يېتىلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىغان. نەتىجىدە، ئوغۇل بالىنىڭ تىل جەھەتتىكى ئىقتىدارىنىڭ ئوخشاش ياشتىكى قىز بالىلارغا قارىغاندا، سەل ئاجىز بولىدىغانلىقىنى بايقىغان. بۇ ئانىلار شۇنىڭدەك يەسلى ئوقۇتقۇچىلىرى بىلىشكە تېگىشلىك ھادىسە. ئېغىرلىق جەھەتتىكى پەرقى ھامان يوقىلىدۇ. بىراق، مۇشۇ دەسلەپكى يېتىلىش مەزگىلىدە، ئوغۇل بالىلار تىل ئارقىلىق چۈشىنىش ھاسىل قىلىدىغان سورۇنلارغا كىرىپ قالغاندا، كۆپ ھاللاردا سەل قورۇنۇپ قالىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ، قول ۋە كۆزلىرىنى تەڭ ئىشقا سالىدىغان كۆرۈش سېزىمى ئارقىلىق چۈشىنىش ھاسىل قىلىشنى ئاساس قىلىدىغان دۇنياغا قايتىدۇ. چۈنكى بۇ يەردە ئۇلار يېتىلىشى بىر قەدەر تولۇق بولغان ئوڭ مېڭىسىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرالايدۇ. بۇ خىل خاتىرجەمسىزلىك ھادىسىسى ئادەتتە ياش قۇرامىغا يەتكۈچە داۋاملىشىدۇ. خۇددى ئوغۇل بالا تۇغۇلۇشىدىنلا ماتېماتىكا ۋە تەنتەربىيىنى ياخشى كۆرگەنگە ئوخشاش، قىز بالىمۇ ئەدەبىيات ۋە ناخشىنى ياخشى كۆرىدۇ؛ ئوخشاشلا، يىگىتلەر شەھۋانىي ژۇرناللار ۋە كىنولارغا قىزىققاندەك، قىزلارمۇ رومانتىك رومانلارغا مەستانە بولىدۇ.

ئوغۇل بالا ۋە قىز بالىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدىمۇ ئورتاق ئالاھىدىلىك بولىدۇ، ئۇلار ھەر خىل ئويۇنلارنى ئويناش ئارقىلىق مەدەنىيەت جەھەتتە تەربىيىلىنىپ يېتىشىپ چىقىدۇ. يازغۇچى جولىئوس. لېست مۇنداق

«قىز بالىلار ئىشىك ئالدىدىكى دەرەخنىڭ سايىسىدا، ئۆزلىرىنىڭ قونچىقىنى، قاچا - قۇچا ۋە ئوچاق - پوچاقلارنى ئوينايدۇ. مېنىڭچە، بۇ ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى! ئۇلاردا ئۆزلىرىنىڭ قابىلىيىتىنى ئىسپاتلاشنى تەلەپ قىلىدىغان ئۇزلۇكسىز بېسىم بولمايدۇ. شۇڭا، ھەمىشە بىرىنچى بولۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىنىڭمۇ ھاجىتى يوق. مەن پۇتبول مەيدانىدا، كالتەك توپ مەيدانىدا ئۆزۈمنى قىيناۋاتقان چاغدا، قىز بالىلار ھەر دائىم سىرتتا ماڭا قاراپ كۈلىدۇ. چۈنكى ئۇلاردا ياۋاشلىق بىلەن قىز بالا بولۇشتىن باشقا ئىستەك بولمايدۇ. ھەر قېتىم قوياش كۆتۈرۈلگەندە، مەن ئۆزۈمنى باشقا بىر ئولىمپىك تەنھەرىكەت مەيدانىنىڭ يۈگۈرۈش سىزىقىدا كۆرىمەن، مەن ھەتتا بىر مىس مېدال ئېلىشنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرەلمەيمەن.»

بۇ خىل كۆندۈرۈش ۋە ئازابلاش ئارىلىشىپ كەتكەن چېنىقتۇرۇش ئۇسۇلىدا تەربىيىلىنىپ يېتىشىپ چىققان بالىلار دەل بېكىنمە ئەرلەرنىڭ ئۆزى شۇ! ئۇلار نىشاننى ھەممىدىن ئەلا بىلىدۇ، رىقابەتلىشىشنى ياخشى كۆرىدۇ، ئۆزىنى كونترول قىلىشنى بىلىدۇ ۋە مۇستەقىللىقنى ياقلايدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ دېگەنلىك ھەممە ئەرلەر يۇقىرىقى ھەممە ئالاھىدىلىككە ئىگە دېگەنلىك ئەمەس. بىراق، بىز كۆپ ساندىكى ئەرلەردە ھەر ھالدا مۇشۇ بېكىنمە ئەرلەرگە خاس قىسمەن ئالاھىدىلىكلەر بار دەپ، قارايمىز. مەيلى ئۇ قانداق شەكىلدە ئىپادىلەنمىسۇن، ھەر بىر ئادەمنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنۇۋالغان بۇ بېكىنمە ھالەت بىزنى ھەر ۋاقىت ھەقىقىي يېقىنچىلىق مۇناسىۋەتتىن مەھرۇم قىلماقتا.

# 40. ئەرلەرنىڭ ھەممىسى بالىدۇر

*بىر مۇنچە ئەرلەر ئۆزىنى دەرىجىدىن تاشقىرى بالا دەپ ئويلاپ، ئايالىنى ھەم ھۆرمەتكە سازاۋەر، بارلىقىنى ئايماي تەقدىم ئېتىدىغان ئانىغا، ھەم ھېسسىياتقا باي، رومانتىك يۇراققا ئىگە مەھبۇبىگە ئوخشىتىدۇ.*

«بارلىق ئەرلەرنىڭ ھەممىسى بالا» . بەزى پسىخولوگلار مۇشۇنداق دېگەنىدى. ئەگەر ئاياللار مۇشۇ نۇقتىنى چۈشىنىپ يەتسە، ئۇلار ئەرلەرنى تولۇق چۈشىنىدۇ ـ دە، قارىسىغىلا ھۆكۈم چىقارمايدىغان بولىدۇ. ئەمما، ناۋادا ئاياللار ھەر بىر ئەر كىشىدە باللارچە كۆلەڭگىلەرنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلسا، ئۇ ھالدا ئەرلەرنىڭ سىرىنى بىلىش جەھەتتە چوڭ بىر قەدەم تاشلىغان بولىدۇ. چۈنكى، قۇرامىغا يەتكەن ئەرلەرنىڭ ھاياتىدا ئۇلار بېسىپ ئۆتكەن ئوخشىمىغان تۇرمۇش مۇساپىلىرىدا «باللىق» مۇئەييەن ئورۇنىنى ئىگىلەيدۇ.

يېقىنقى نەچچە ئون يىلدا، بىر ياشتىن 10 ياشقىچە بولغان باللارنىڭ تەرەققىيات باسقۇچلىرىغا ئېتىبار بېرىلىپ، ئەرلەرنىڭ قۇرامىغا يەتكەن چاغدىكى تەرەققىيات باسقۇچلىرىغا سەل قارالدى. گويا ئوغۇل باللار ياشلىق دەۋرىدىن ھالقىپ، ياش قۇرامىغا يەتكەندىن كېيىن، ئۇلاردا باشقا ئۆزگىرىش يۈز بەرمەيدىغاندەك، ئاندىن مۇشۇ بويىچىلا بارا ـ بارا قېرىلىق باسقۇچىغا قەدەم قويىدىغاندەك مۇئامىلە قىلىنىدى. دېمىسىمۇ ھەر بىر ئايال كىشى 80 ياشلىق ئەرلەرنىڭ باللارغا ئوخشاش نازۇك بولۇپ قالىدىغانلىقىنى بىلىدۇ،

قىلمايدۇ.

دەۋر ئوخشىمايدىغان بولۇپ قالدى، پسىخولوگلار، جەمئىيەتشۇناسلار، ئىچكى كېسەللىكلەر دوختۇرى، ئىچكى ئاجراتمىلار ئالىمى، روھىي كېسەللىكلەر ئالىملىرى، شۇنىڭدەك پۈتكۈل مېدىتسىنا ساھەسى، ئىجتىمائىي پەن ساھەسى، پسىخولوگىيە ساھەسىدىكى تەتقىقاتچىلارنىڭ ھەممىسى دىققەت كۈچىنى ياش قۇرامىغا يەتكەن ئەرلەرگە قارىتىپ، ئەرلەرنىڭ ئۆز ھاياتىدا ئوخشاش بولمىغان دەۋرلەردىكى تەرەققىياتلارنى باشتىن كەچۈرىدىغانلىقىنى بايقىدى. بۇنى شېكسپىر خېلى بۇرۇنلا بايقىغانىدى.

بارلىق ئەرلەر، مەيلى چوڭ خوجايىن بولسۇن، ياكى بوغالتىر بولسۇن، زۇڭلى بولسۇن، ياكى ئادەتتىكى ئىشچى بولسۇن، سودىگەر بولسۇن، ياكى دوختۇر بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنسانچىلىقتا تۆۋەندىكى بەش باسقۇچنى بېشىدىن كەچۈرىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە، 1 ـ باسقۇچ ۋە 3 ـ باسقۇچ ئەڭ مۇھىم ھەم بېسىپ ئۆتۈش ھەممىدىن تەس.

20 ـ 35 ياشقىچە بولغان ئارىلىق كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەش مەزگىلى بولۇپ، بۇ دەۋردە تۇرمۇش قۇرۇش ۋە ئىگىلىك تىكلەش ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ.

35 ـ 40 ياش، 43 ـ 45 ياشقىچە بولغان ئارىلىق تەڭشەش مەزگىلى بولۇپ، بۇ ئالدىنقى بىر مەزگىلدە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەرنى مۇستەھكەملەيدىغان دەۋردۇر.

40 ـ 50 ياش، 45 ـ 55 ياشقىچە بولغان ئارىلىق ھالقىلىق (مەركىزىي) دەۋر بولۇپ، بۇ مەزگىلدە، ئەرلەر ئۆزىنىڭ ئوتتۇرا ياشقا قەدەم قويغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. روھىي ھالەت جەھەتتە، فىزىئولوگىيە جەھەتتە چارچاش ھېس قىلىشقا باشلايدۇ. بۇنىڭدىن كېيىنكى تۇرمۇشىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئاساسىي جەھەتتىن مۇشۇ دەۋرگە باغلىق بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا ئۇ ھالقىلىق دەۋر دەپ ئاتىلىدۇ.

50 ياش ياكى 55 ياشتىن پېنسىيىگە چىققۇچە بولغان ئارىلىق

تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاش دەۋرى بولۇپ، بۇ مەزگىل كىشىنى مەمنۇن قىلىدۇ، لېكىن مەركىزىي دەۋردىكى مەسىلىلەر ھەل بولمىغان بولسا، بۇ مەزگىلدە ئالدىنقى بىر دەۋردىكى مەسىلىلەر قايتا ـ قايتا كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ.

پېنسىيە دەۋرى، بۇ مەزگىلدە ئادەمدە قانائەتچانلىق ۋە خاتىرجەملىك تۇيغۇسى پەيدا بولىدۇ ھەم ئاغرىنىش، ئۈمىدسىزلىنىش، قورقۇنچ ھېس قىلىش ئەھۋاللىرىمۇ كۆرۈلىدۇ. بۇ پۈتۈنلەي ئادەمنىڭ مەركىزىي دەۋرنى قانداق ئۆتكۈزگەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.

ئاياللار ئەرلەرنىڭ ھاياتىنىڭ ئوخشاش بولمىغان مەزگىللىرىدىكى ئۆزگىرىش ئەھۋاللىرىنى ئىگىلىگەندە، خىزمەت جەريانىدا ياكى جەمئىيەتتە ئەرلەرگە تېخىمۇ ئوبدان تاقابىل تۇرالايدۇ. شۇنداقلا ئېرىنىڭ مۇشۇ باسقۇچلارنى ئوڭۇشلۇق تاماملىشىشىغا، ھېچبولمىغاندا، ئۇنىڭ كەيپىياتى ۋە ھەرىكىتىگە تېخىمۇ ئوبدان مۇئامىلە قىلىشىغا ياردەم بېرەلەيدۇ.

نېمىشقا نۇرغۇن ئەرلەر قېرىغان چېغىدا بۇرۇنقى ئىشلارنى ئەسلەپ، مېنىڭ 20 ياشتىن 35ياشقىچە بولغان ھاياتىمنى ئەڭ بەختسىز ھايات دېيىشكە بولىدۇ، دەيدۇ؟

كۆپ ساندىكى ئەرلەرنىڭ بۇنداق دېيىشىگە ھەقىقەتەن كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ، بۇ ئەرلەرنىڭ تازا قىرانىغا يېتىپ، دۇنيانى بويسۇندۇرۇشقا باشلايدىغان، قەلبىدە ئاجايىپ ـ غارايىپ گۈزەل غايىلەر پەيدا بولىدىغان مەزگىل بولۇپ، بۇ مەزگىلدە ئۇلار مۇھەببەتلىشىدۇ، ئۆي ـ ئوچاقلىق بولىدۇ ھەم كۆڭلىگە ئۇلۇغۋار پىلانلارنى پۈكىدۇ. مۇشۇ دەۋر توغرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلارنىڭ نەتىجىلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئەرلەرنىڭ مۇشۇ مەزگىلدە ئاز خىراجەت قىلىپ، جىق ھوسۇل ئالىدىغانلىقى، نىكاھلىق تۇرمۇشنىڭ ئەڭ كۆڭۈللۈك مەزگىلى بولىدىغانلىقى ئىسپاتلانغان.

بۇ زادى نېمە ئىش؟ بۇ تەتقىقات جەھەتتىكى خاتالىقمۇ ياكى بۇ ئەرلەرنىڭ ئەسلىمىسىدە چاتاق بارمۇ؟ ياق ئۇنداق ئەمەس بۇ جەھەتتە ھېچقانداق زىددىيەت يوق، كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەش دەۋرى ئەڭ كۆڭۈللۈك

باشقا ئىشلار بولسا ئۇنىڭ خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمايدۇ.

ئەرلەرنىڭ بىر بوۋاقنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇشى ۋە نىكاھ ئىشلىرىدا غايەت زور تەسىر پەيدا قىلىدىغانلىقىنى ئويلاپ يېتىشى ناھايىتى قىيىن. كۆپ سانلىق ئەرلەر دادا بولغاندا كۆپ سانلىق ئاياللار ئانا بولغاندەك ئۇنداق خۇشال بولۇپ كەتمەيدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنى ئۇۋۇسىدىن قوغلاپ چىقىرىلغاندەك ھېس قىلىپ قالىدۇ. بۇ خۇددى بىر كىچىك بالىنىڭ ئىنىسى ياكى سىڭلىسىنىڭ تۇغۇلغىنىنى كۆرگەن چېغىدىكى تۇيغۇسى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ئۇلاردا ھەقىقىي تۇيغۇ پەيدا قىلىدۇ. نۇرغۇن ياش ئاتىلار بالىلىق بولغاندىن كېيىنكى تۇرمۇشىنىڭ بۇرۇنقى تەسەۋۋۇرلىرىدىن ناھايىتى زور دەرىجىدە پەرقلەنگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان.

بىر گۇرۇپپا 25 ياشتىن 35 ياشقىچە بولغان ئەر ستۇدېنتلار ئىچىدە 80% ئادەم بالا ئالغاندىن كېيىن، نىكاھلىق تۇرمۇشىمىزدا كرىزىس پەيدا بولدى دېگەن. ئۇنىڭدىن باشقا 20% كىشى. ئاۋارىگەرچىلىك تۇغۇلدى دېگەن.

80% ئادەم ئاغرىنغان ھالدا «بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن چارچاپ ھالىمىزدىن كەتتۇق، بالىنىڭ جېدەللى ۋە ئاخشاملىرىدىكى يىغىسىغۇ بىر ياقتا تۇرسۇن، يالغۇز ئىقتىسادىي مەسىلىنىڭ ئۆزىلا بىزنى قىيناپ بىر يەرگە ئاپاردى، بولۇپمۇ ئايالىمىز بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن، ئىشقا بارماي ئۆيدە بالا بېقىشقا مەجبۇر بولدى، شۇنىڭ بىلەن كىرىمىمىز كېمىيىپ، تۇرمۇش سەۋىيىمىز زور دەرىجىدە چۈشۈپ كەتتى. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئايالىمىز يەنە بىر بالا تۇغىدىغان بولسا تۈگىشىپ كەتكۈدەكمىز» دېگەن.

بۇ ئەمدىلا دادا بولغان كىشىلەر ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قالغانلىقى، قايتا ئايالى بىلەن بەخىرامان سەيلە ـ ساياھەتكە بارالمايدىغان بولۇپ قالغانلىقىدىن قاقشىسا، بىر مۇنچىلىرى ئايالىنىڭ جىنسىي تۇرمۇشقا قىزىقمايدىغان ياكى خالىمايدىغان بولۇپ قالغانلىقىدىن نارازى بولغان. تەتقىقاتچىلار «شېرىن خىيالدىن ئويغىنىش» دېگەندەك ئىبارىلەر ئارقىلىق تۇنجى قېتىم دادا بولغان كىشىلەرنىڭ ھېسسىياتىنى سۈرەتلەپ بەرگەن.

دادا بولۇش ئەرلەر تۇرمۇشىنىڭ ھەممىسى ئەمەس، كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان قابىلىيىتىنى ۋە ئۆزىنى نامايان قىلىدىغان مۇشۇ مۇھىم باسقۇچتا، ئەرلەرنىڭ ئۇنىڭسىزمۇ قىلىدىغان نى نى ئىشلىرى بولىدۇ ...

50 ياشقا كىرگەندە، مائاشىم ئالتە خانلىق سانغا يېتىشى كېرەك، 35 ياشقا كىرگەندە باش دىرېكتور بولىمەن، 30 ياشقا كىرگۈچە ئۆي سېتىۋالىمەن، بانكىدىكى پۇلۇمنى تۆت خانلىق سانغا يەتكۈزىمەن، ئۇ چاغدا مۇقىم ئىشخانام بولىدۇ.

ئەرلەر ئۆزىگە ئۇزلۇكسىز نىشان بەلگىلەپ، مۇشۇ نىشان ئۈچۈن كېچە ـ كۈندۈز كۈرەش قىلىدۇ.

بىر مۇنچە ئاياللار بۇ ئىشلارنى ئانچە چۈشىنىپ كەتمەيدۇ، ئاياللار بالا تۇغۇۋالسىلا كۆڭلى ئارام تاپىدۇ. ئەرلەر ئاياللارغا ئوخشىمايدۇ، ئەرلەرنىڭ ئۆز قىممىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىنىڭ بىردىنبىر يولى خىزمەت قىلىشتۇر. شۇڭا، ئۇلار خىزمەتكە كۈچىنىڭ بارىچە بېرىلىدۇ.

# 41. ئەرلەر ئاياللارغا ئۇتتۇرۇپ قويۇشنى خالىمايدۇ

***خىزمەتتىكى ئەرلەر ئاياللار بىلەن رىقابەتلەشكەندە، كۆپ ھاللاردا باشقا ئەرلەر بىلەن رىقابەتلەشكەندىنمۇ بەكرەك رەھىمسىز بولىدۇ.***

ئەرلەرنىڭ خىزمەت ئۇستىلىنىڭ قارشى تەرىپىدە ياكى يەنە بىر تەرىپىدە ئۆزى بىلەن بىرگە ئىشلەيدىغان ئايال خىزمەتچىلەرنىڭ بولۇشى، ھازىر يېڭىلىق ھېسابلانمايدۇ. ھالقىلىق مەسىلە شۇكى، ئەر بىلەن ئايالنىڭ خىزمەتتىكى ئورنى.

بىر ئېلان شىركىتىدە 10 خىزمەتچى بولۇپ، ئۇنىڭ يېرىمى ئەر، يېرىمى ئايال ئىكەن. ھەر كۈنى چۈشتىن ئىلگىرى، ئاياللار ئالمىشىپ قەھۋە دەملەيدىكەن، گۈللەرنى سۇغۇرۇپ، چۈشلۈك تاماق تەييارلايدىكەن. بىر كۈنى، بىر ئايال خىزمەتچى ئاخىر چىداپ تۇرالماي: «ئەرلەرنىڭمۇ قولى بولغاندىكىن، قولىنى قوشتۇرۇپ تۇرغىچە ئاز - تولا ياردەملەشسە بولمامدۇ؟» دېگەنىكەن، بىر ئەر دەرھال دەككىسىنى بېرىپ: «خېنىم تېخى بىقىنىدىلا مۇشۇ مەسىلىنى سورىغان بىر چوكان يېڭى خىزمەت تاپقىلى كېتىپ قالدى» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئايال غىڭ قىلمايلا قەھۋە چۆگۈننى قولىغا ئېلىپ قەھۋە دەملىگىلى كېتىپ قاپتۇ.

ناۋادا سىز بىر كىشىلىك خىزمەتكە ئېرىشىسىڭىز، خىزمەتتىكى ئاياللارنىڭ ئەرلەر تەرىپىدىن دائىم كەمسىتىشكە ئۇچرايدىغانلىقىنى بىلىپ قالىسىز. ئەرلەرنىڭ مېڭىسىگە ئەرلەرنىڭ ئىشىدا ئاياللارنىڭ ھەققى يوق،

دېگەن تەربىيە سىڭىپ كەتكەن. ئومۇمەن، ئەر ـ ئاياللار باراۋەر ئەمەس.

«بېرىش ـ كېلىش قىلىش» ناملىق كىتابتا، ئاپتور گېر. شىيې ئەر ـ ئاياللارنىڭ خىزمەت قانۇنىيىتىنى: «ئەرلەر چوقۇم خىزمەت قىلىشى كېرەك، ئاياللار خىزمەت قىلمىسىمۇ بولىدۇ.» دېگەن مۇنداق ئىككى ئىبارىگە يىغىنچاقلايدۇ. مەيلى سىز خىزمەت قىلىشقا قانچىلىك لايىق بولۇپ كېتىڭ، مەيلى سىز ئۆزىڭىز ئىشلىگەن خىزمەتلەرنىڭ ھۆددىسىدىن تولۇق چىقىڭ، مەيلى سىزگە شۇ مائاش قانچىلىك ئېھتىياجلىق بولۇپ كەتسۇن، بۇ قانۇنىيەت ئاسان ئۆزگەرمەيدۇ. كۆپ سانلىق خىزمەتتىكى ئەرلەر ئۆزىنىڭ خىزمەت قىلمىسا بولمايدىغانلىقىغا، شۇنداقلا ئايالىنىڭ خىزمەت قىلىشىنىڭ ھاجەتسىز ئىكەنلىكىگە قەتئىي ئىشىنىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ خىزمىتىنى ئۆمۈرۋايەتلىك كەسىپ دەپ قارايدۇ، سىزنىڭ خىزمىتىڭىزنى ۋاقىتلىق ئىش دەپ چۈشىنىدۇ.

ئەركەك ھايۋانلاردا بىر خىل ئۆزىگە تەۋە يەرلەرنى قوغداش، باشقا ھېچقانداق ئەركەك ھايۋانلارنىڭ دەخلى ـ تەرۇز قىلىشىغا يول قويماسلىقتەك تەبىئىي تۇيغۇ ئىنكاسى بولىدۇ. ئۇ ئادەتتە «قوغدىنىشنىڭ ئېھتىياجى» دېيىلىدۇ.

بىر توپ شىرلارنىڭ ۋۇجۇدىدا ئىپادىلەنگەن بۇ خىل ئىنكاس، ئىشخانىلاردا خىزمەت قىلىدىغان بىر تۈركۈم ئەرلەرنىڭ ۋۇجۇدىدىمۇ ئوخشاشلا مەۋجۇت.

خىزمەتتىكى ئاياللار قانداق قىلغاندا ئەرلەرنىڭ قوغدىنىش مېخانىزمىغا تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ؟ بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىش ناھايىتى ئاسان. سىزنىڭ خىزمىتىڭىز ئاياللارنىڭ بەلگىلەنگەن خىزمەت دائىرىسىدىن (مەسىلەن: خەت ئۇرۇش، ئارخىپ ماتېرىياللارنى رەتلەش، تالون كېسىش قاتارلىقلار) ھالقىپ كەتمىسىلا، سىز ياۋاشلىق بىلەن ئۆز خىزمىتىڭىزنىڭ ھۆددىسىدىن تولۇق چىقالىسىڭىزلا، ئەرلەر سىزنى سىغدۇرىدۇ. بولمايدىكەن، سىزنى شۇ ئانلا سىقىپ چىقىرىدۇ.

تاجاۋۇزچىلىقتىن ساقلانغىلى بولمايدۇ، شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئۇ يەنە نېمىشقا شۇ قەدەر كۈچلۈك، شۇ قەدەر ئەخلاقسىزلارچە زەھەرخەندىلىككە ئۇچرايدۇ؟

تۆۋەندىكى ئەھۋاللارغا قاراپ باقايلى: بىللە ئىشلەيدىغان 3 كىشىنى بىر ئىمتىيازلىق ئورۇننىڭ نامزاتى قىلىپ بېكىتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىككىسى ئەر، بىرى ئايال ئىكەن. ھېلىقى ئىككى ئەر گەرچە رەقىبلەر بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار ھېچ ئىككىلەنمەيلا بىرلىشىپ، ھېلىقى ئايالغا تاقابىل تۇرغان ھەمدە ئۇ ئايالنىڭ ئۇستىدىن ئۆسەك سۆز تارقىتىپ، ھەر خىل ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، ئۇ ئايالنى كەمسىتىپ، بىر تىيىنغا ئەرزىمەس قىلىۋەتكەن. ئاندىن كېيىن، بۇ ئىككى ئەر يەنە ئۆز ئارا ھۇجۇم قىلىشقان، بىراق، بارلىق تاكتىكىسى ۋە ئۇسۇلىنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ ھېلىقى ئايال خىزمەتدىشىغا قارشى تۇرغان چېغىدا قوللانغان تاكتىكىسى ۋە ئۇسۇلىدەك ئۇنچىۋالا دەھشەتلىك بولمىغان.

ئەمەلىيەتتە، رىقابەتلىشىشنىڭ نەتىجىسىدە ھېلىقى ئىككى ئەر خىزمەتداش سىرداش دوستلاردىن بولۇپ قالغان. ئەمما ئۇلارنىڭ ھېلىقى ئايال خىزمەتدىشى بىلەن قىلچىلىك خۇشى قالمىغان.

خىزمەتتىكى ئەرلەر ئاياللار بىلەن رىقابەتلەشكەندە، كۆپ ھاللاردا باشقا ئەر خىزمەتداشلىرى بىلەن رىقابەتلەشكەندىنمۇ بەكرەك رەھىمسىز بولىدۇ. مەيلى مەقسىتىنىڭ نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئەرلەر ئۆز ئارا رىقابەتلەشكەندە، خۇددى ۋاسكىتبول مەيدانىدىكىدەك، كۆپ ھاللاردا بىر ـ بىرىگە ئاز ـ پاز يول قويىدۇ. ناۋادا كىشىنى مەپتۇن قىلغۇدەك بىر ئوبدان خىزمەت بىرەر ئەرگە نېسىپ بولۇپ، ئۇنىڭغا يۇقىرى مائاش ۋە ئازادە تۇرالغۇ ئاتا قىلسا، ئۇ ھالدا شۇ كىشى ئەر رەقىبىنىڭمۇ مۇشۇ خىزمەتكە مۇناسىپ كېلىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ.

ئەمما، رەقىبى ئايال بولۇپ قالسا، ئەھۋال پۈتۈنلەي باشقىچە بولۇپ، بۇ ئەر رىقابەتچىدە ھېسداشلىق قىلىش دېگەن نەرسە بولمايدۇ، ھەمدە ئەر رەقىبىگە قوللانغاندەك ئۇنداق يۇمشاق قوللۇق قىلىپ كەتمەيدۇ. بۇ خىل ئەھۋال ھازىر جەمئىيەتتە ئومۇميۈزلۈك مەۋجۇت.

بۇ ئەرلەرنىڭ شۇقەدەر رەھىمسىز ھالدا ئاياللار بىلەن رىقابەتلىشىشىدىكى يەنە بىر سەۋەب شۇكى، ئايالىلار بىلەن ئېلىشىش ئوڭايراق بولۇپ، خەتىرى ھەم بەدىلى ئازراق بولىدۇ. ئەمما بۇ نۇقتىنى ئەرلەر ئانچە ئېتراپ قىلمايدۇ.

كۆپ سانلىق ئەرلەر، بىزگە كىچىكىمىزدىن باشلاپلا ئاجىز، قورقۇنچاقلاردىن بولماي، كۈچلۈكلەردىن بولۇش، باتۇرلاردىن بولۇش، رىقابەتلىشىشكە جۈرئەت قىلالايدىغان بولۇش تەربىيىسى سىڭگەن دەپ قارايدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، مۇشۇنداق بولغاندا ئۇلار مۇۋەپپەقىيەتلەرگە (ياخشى خىزمەتلەرگە) ئېرىشەرمىش.

كۆپ سانلىق ئاياللار، بىزگە كىچىكىمىزدىن باشلاپلا باشقىلارغا بويسۇنۇش، باشقىلارنىڭ مەنپەئىتىگە چاڭ سالماسلىق، باشقىلار بىلەن ئىناق ـ ئىجىل ئۆتۈش تەربىيىسى سىڭگەن، دەپ قارايدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، مۇشۇنداق بولغاندا ئۇلار «مۇۋەپپەقىيەت» (شېرىن ئىكاھلىق تۇرمۇشقا ئېرىشىش) قازىنارمىش.

ئومۇمەن، ھەقىقىي پاكىت شۇكى، نۇرغۇن ئاياللار خىزمەتتىكى ئەرلەر بىلەن رىقابەتلىشىش ئۈچۈن ھېچقانداق ھازىرلىق كۆرمەيدۇ. ئەمما، نۇرغۇن ئەرلەر باشقا ئەرلەر بىلەن رىقابەتلەشكەندە بىر ئاز ئېھتىيات قىلىدۇ. چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ قارشى تەرەپكە قانچىلىك زەربە بەرسە، قارشى تەرەپنىڭ شۇنچىلىك زەربىسگە ئۇچرايدىغانلىقىنى بىلىدۇ، دېمەك تۆلىگەن بەدەل بىلەن ئېرىشكەن پايدا ئوخشاش بولىدۇ؛ ئەرلەر ئاياللار بىلەن رىقابەتلەشكەندە، بۇنداق ئەندىكىش بولمايدۇ، چۈنكى ئاياللار ئەرلەرنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارىتا ئاكتىپ قايتۇرما زەربە بېرىش ھەققىدە ھېچقانداق تەربىيە ئالمىغان، شۇڭا ئاياللارنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئىقتىدارى ئەرلەردىن كۆپ ئاجىز بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ قايتۇرما زەربە بېرىش جەريانىدا ئەرلەرنى ئېغىر جاراھەتلەندۈرۈش ئېھتىماللىقىمۇ ئەرلەرگە قارىغاندا جىق كىچىك بولىدۇ.

نۇرغۇن ئەرلەر، خىزمەت جەريانىدا ئەر ئىشداشلارغا ئۇتتۇرۇپ قويۇش

قارايدۇ.

قاراڭ، مەن بىر ئەر كىشىگە يېتىلىپ قالدىم، شۇنداق، بۇ ئىش مېنى ئازابلىدى، ئەمما يەتتۈچى قانداقلا بولمىسۇن ئەر كىشى - دە، ئېھتىمال ئۇنىڭ ماھارىتى مەندىن ئۈستۈن، سۈرئىتى مەندىن تېز بولغاندا، ھەقاچان ئۇ مەندىن قابىلىيەتلىكتۇر. جەڭ دېگەندە يېڭىش - يېڭىلىش بولۇپ تۇرىدىغان ئىش ئەمەسمۇ. بىراق، ئاياللارغا يېتىلىپ قالغان بولسام، بۇ مېنىڭ لەقۋالىقىمنى چۈشەندۇرەتتى. ئۇ چاغدا مەن نومۇس قىلىپلا قالماستىن، باشقا ئەرلەر ئالدىدىمۇ يەرگە قاراپ قالغان بولاتتىم.

ئەرلەر ئايالالارغا ئۇتتۇرۇپ قويۇشتىن قورقىدۇ، ئەمما كۆپ ھاللاردا ئەرلەر ئايالار بىلەن يۈزمۇ يۈز كەسكىن توقۇنۇشۇپ قېلىشتىن ساقلىنىدۇ. ناھايىتى ئېنىقكى، ئەرلەر ئۇنداق قىلسام ئەرلىك سالاھىيىتىمگە دەخلى يېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئايالار بىلەن يۈزمۇ يۈز ئېلىشىش ئارقىلىق ئېرىشكەن غەلىبە ماڭا ھېچقانداق شەرەپ ئاتا قىلمايدۇ، دەپ قارايدۇ.

ئەرلەر دائىم ھېلىقىنىدەك شەپقەتسىز، يەنە كېلىپ ئۆزى ئەڭ ئۇنۇملۇك دەپ قارىغان ۋاسىتىنى قوللىنىدۇ.

## 42. ئەرلەر دائىم ئاياللار ئۈستىدىن پىتنە - ئىغۋا تارقىتىدۇ

***بەزى ئەرلەر، ئەرلەر ئېزىز دەيدىغان بۇ ئەپسانىنى قوغداش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى مۇستەھكەملەشنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، بىر ئاماللار قىلىپ ئايال خىزمەتداشلىرى ئۈستىدىن خىلمۇخىل پىتنە - ئىغۋالارنى ئويدۇرۇپ چىقىرىدۇ.***

خىزمەتتىكى بەزى ئەرلەرنىڭ ئاياللارغا ھۇجۇم قىلغاندا، قوللىنىدىغان ۋاسىتىلىرىنىڭ بىرى ئاياللار يامان كۆرىدىغان ئۆسەك سۆزلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىرىشتۇر. بۇ خىل ۋاسىتە ئەرلەر ئېزىز دەيدىغان ئەپسانە ئاساسىغا قۇرۇلغان، ئەرلەر ئېزىز دەيدىغان ئەپسانە بىر كۈن يوقالمايدىكەن، بۇ ۋاستە بىر كۈن مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ ھەم داۋاملىق قوللىنىلىدۇ.

ئەرلەر ھەققىدىكى ئەپسانىنىڭ بىمەنە مەركىزى شۇكى، ئۇ بولسىمۇ ئەرلەر ئۆزلىرىنىڭ شارائىتىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش كېرەك، دېگەندىن ئىبارەت. خىزمەت شارائىتىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئۇنداق ئاسان ئىش ئەمەس. كۆپ ساندىكى خىزمەت شارائىتىدا، ئۇنداق قىلىشمۇ مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا، ئەرلەر بۇ ئەپسانىنى قوغداش ئۈچۈن، يەنى ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى مۇستەھكەملەشنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، بىر ئاماللار قىلىپ ئايال خىزمەتداشلىرى ئۈستىدىن خىلمۇخىل ئۆسەك سۆزلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىرىدۇ.

ئۆسەك سۆزلەر تۆۋەندىكىچە:

ئاياللار بالا تۇغقۇچىلىكلا ئىشلىيەلەيدۇ.

ئايالارنىڭ خىزمەت ئالماشتۇرۇشى خۇددى چاچ پاسونىنى ئۆزگەرتكەندەكلا بىر ئىش.

ئايالار بەكلا مىسكىن، مۇھىم ۋەزىپىلەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ، بولۇپمۇ ھەيز كۆرگەن مەزگىللەردە تېخىمۇ شۇنداق.

ئايالار دائىم ئاغرىپلا تۇرىدۇ.

ئايالار ئاجىز كېلىدۇ.

ئايالار ئۇمۇرۋايەت ياتلىق بولمىغان تەقدىردىمۇ، خىزمەت ھاياتى ئەرلەرگە قارىغاندا كۆپ قىسقا.

بۇ ئۆسەك سۆزلەرنى ئەلۋەتتە سىز قوبۇل قىلالمايسىز. ئەمەلىيەتتە، پىتنە ـ ئىغۋا ھامان پىتنە ـ ئىغۋا بولۇپ، ئۇ مەڭگۇ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. ئامېرىكا ئەمگەك مىنىستىرلىقىنىڭ ستاتىستىكا نەتىجىسىگە ئاساسلانغاندا:

31 مىليون خىزمەتتىكى ئايالنىڭ 40% تى ئانىلار ئىكەن (بۇنىڭ ئىچىدە 36% ئانىلارنىڭ ئالتە ياشتىن تۆۋەن بالىلىرى بار ئىكەن). ئەمگەكچىلەرنىڭ كېمىنى تولدۇرۇشنىڭ سانلىق مەلۇماتى ئەر ـ ئايالار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنىڭ يوق دېيەرلىك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان. يېقىندا كېسەل سەۋەبىدىن ياكى زەخىملىنىش سەۋەبىدىن خىزمەت ۋاقتىنى چىقىم قىلىش توغرۇلۇق ئېلىپ بېرىلغان بىر قېتىملىق تەكشۈرۈشتە، ھەر بىر ئايالنىڭ ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 5 ـ 6 كۈن چىقىم قىلىدىغانلىقى، ئەرلەرنىڭ ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 3 ـ 5 كۈن چىقىم قىلىدىغانلىقى ئىسپاتلانغان (ئايالارنىڭ بۇ ۋاقتى ھامىلدار بولۇش ۋە بالا تۇغۇش سەۋەبىدىن زايە قىلغان ۋاقتىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ). ئامېرىكىنىڭ سەھىيە، مائارىپ ۋە پاراۋانلىق مىنىستىرلىقىنىڭ مۆلچەرلىشىچە، ئادەتتىكى ئايال خىزمەتچىلەرنىڭ (مەيلى بويتاق بولسۇن، ياكى نىكاھلىق بولسۇن) خىزمەت ھاياتى ئادەتتە ئەر خىزمەتچىلەرنىڭ خىزمەت ھاياتى بىلەن ئوخشىشىپ

كېتىدىكەن.

ئەمما، سانلىق مەلۇماتلارنىڭ ئاياللار بىلەن ئەرلەرنىڭ كۆچ جەھەتتە تەڭ كېلىپ قالغانلىقىنى ئىسپاتلىغانلىقى، بۇ ئەرلەرنىڭ سىزنى ئۆزلىرى بىلەن تەڭ ئورۇندا قويۇشقا قوشۇلىدىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. بۇنىڭدا ھازىرقى زامان قانۇن كاپالىتىگە ئىگە بولغان ئەر - ئاياللار باراۋەرلىك ھوقۇقىدا يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدىكى ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەرنىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈتۈشكە توغرا كېلىدۇ. كىشىنى خۇشاللاندۇرۇدىغىنى شۇكى، بۇنداق ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش يۈز بېرىۋاتقاندەك قىلىدۇ.

## 43. سىزنىڭ رەقىب ئىكەنلىكىڭىزنى ئىقرا قىلمايدۇ

*ئەڭ دوستانە بولغان ئەھۋال ئاستىدىمۇ، نۇرغۇن ئەرلەر ئاياللارنىڭ خىزمىتىنى باشقا ئەرلەرنىڭ خىزمىتىگە ئوخشاش ئۇنچىلا مۇھىم بىلىپ كەتمەيدۇ. بۇ خىل ئەرلەر ئاياللارنىڭ خىزمەت ئورۇنلىرىدا جىنسىيەتتىن پايدىلىنىپ ئۆزىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا ئىگە بولۇۋېلىشىدىن دائىم ئەنسىرەيدۇ.*

بەزى ئەرلەرنىڭ بىللە ئىشلەيدىغان ئايال خىزمەتداشلىرىغا تاقابىل تۇرۇشتا قوللىنىدىغان يەنە بىر ۋاستىسى ئۇلارنىڭ رەقىب ئىكەنلىكىڭىزنى ئېتىراپ قىلماسلىقى. بۇ ۋاستە «ھەيۋە قىلىش ئارقىلىق غەلىبە قىلىش» ناملىق كىتاب تەرىپىدىن بىرىنچى ئورۇنغا قويۇلغان. بۇ كىتابنىڭ ئاپتورى تەسىر كۆچى بار ئەرلەرگە: «بىر ئايال رەقىبىنى مەغلۇپ قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى ئالدى بىلەن ئۇنىڭ رىقابەتچى ئىكەنلىكىنى تونۇشتىن ئىنكار قىلىشتۇر.» دېگەنىدى.

ئەڭ دوستانە بولغان ئەھۋال ئاستىدىمۇ، بۇ خىل ئەرلەر ئاياللارنىڭ خىزمىتىنى باشقا ئەرلەرنىڭ خىزمىتىگە ئوخشاش ئۇنچىلا مۇھىم بىلىپ كەتمەيدۇ. ناۋادا، بىر تۈرلۈك تەكلىپ خىزمەتداشلىرى تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسا، باش دىرېكتور ئەستايىدىل ئويلىنىشقا مەجبۇر بولماي قالمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ خىزمەت ئورنىنىڭ مۇستەھكەم بولماي

قىلىشىدىن ئەنسىرەيدۇ. ئەمما، ناۋادا «تەكلىپ بەرگۈچى» ئايال بولۇپ قالسا، ئۇ بۇ تەكلىپكە ئۇنچىۋالا ئىتىبار بىرىپ كەتمەيدۇ ياكى تۆۋەندىكى ئۇسۇللار ئارقىلىق ئاشۇ تەكلىپنىڭ يوشۇرۇن قىممىتىنى چۈشۈرۈشكە ئۇرۇنىدۇ:

(1) ئاشۇ ئايالنى بىللە تاماق يىيىشكە تەكلىپ قىلىپ، بىر تەرەپتىن تاماق يىگەچ، بىر تەرەپتىن ھىلىقى تەكلىپ ئۈستىدە توختىلىدۇ. ئۇنىڭ كۆڭلى تەكلىپتە ئەمەس، بەلكى ئايالدا.

(2) ئەستايىدىل ئاڭلايدۇ. ئەمما، بولىدىغان ياكى بولمايدىغانلىقى ھەققىدە ئىنىق بىر نەرسە دىمەيدۇ. بۇنداق بولغاندا ئۇنىڭ ئەستايىدىل پوزىتسىيىسى گەۋدىلىنىدۇ، ئەمما ھىلىقى ئايالنىڭ ئەستايىدىل پوزىتسىيىسىنى يوققا چىقىرىۋىتىدۇ.

(3) گەپنى بۇرايدۇ، گەپنى ئىمكانىقەدەر تىز «ئاياللىشىش» مەسىلىسىگە بۇرايدۇ.

(4) بۇ قىتىمقى تاماقنى كۈچىنىڭ بارىچە كىلەر قىتىم كۆرۈشۈشنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ.

(5) كىيىن ھىلىقى تەكلىپنى ئىككىنچىلەپ تىلغا ئالمايدۇ ـ دە، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزلۈكىدىن يوقايدۇ.

(6) ئۆزىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن خۇپىيانە مۇناسىۋەتتە ئىكەنلىكىنى قەستەن باشقىلارغا ئۇقتۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ.

بۇ ۋاستىلەرنى قوللىنىشتا كاللا قاتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق، ئۆزلۈكىدىن شۇنداق بولىدۇ. بۇ ئەر ئۆزىنىڭ تەبىئىي تۇيغۇسى ئارقىلىق قىلىشقا تىگىشلىك ئىشنى قىلماي قالمايدۇ. ئۇ تىخى ئۆزىنى ئەڭ مەردانە ئادەم چاغلىشى مۇمكىن. ناۋادا بىرەرى سىز ئاياللارنى كەمسىتىۋاتىسىز دەپ قالسا، ئۇ مۇغەمبەرلىك بىلەن چۆچۈگەن قىياپەتكە كىرىۋىلىشى، ئارقىدىن قاتتىق خاپا بولۇشى مۇمكىن.

بۇ بەزى ئەرلەر دائىم قوللىنىدىغان تاكتىكا. بولۇپمۇ، ئەر كىشىنىڭ

ئۇسۇلنى قوللىنىدۇ. بۇ ئۇسۇلنىڭ كۆتمىگەن يەردىن چىقىپ غەلىبە قىلىشنىش ئۇنۇمى بارلىقىنىڭ قايتا ـ قايتا ئىسپاتلىنىشى، كىشىلەرنىڭ بۇ ئۇسۇلغا ئىشەنچ قىلغانلىقىدا.

بەزى ئەرلەر ئاياللارنىڭ خىزمەت ئورۇنلىرىدا جىنسىيەتتىن پايدىلىنىپ ئۆزىدىن ئۇستۈن ئورۇنغا ئىگە بولۇۋېلىشىدىن دائىم ئەنسىرەيدۇ. بۇنداق ئەھۋال ئەمەلىيەتتە كۆپ ئۇچرايدۇ. نۇرغۇنلىغان كادىرلار ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان دىرېكتورلار، ھەتتا ھەرقانداق سەممىمىي دىرېكتورلارمۇ جىنسىيەت جەھەتتىكى تارتىش كۈچىنىڭ ئايال ئىش تەلەپ قىلغۇچىلار ئۈچۈن بىر چوڭ قوشۇمچە شەرت بولىدىغانلىقىنى ئىقرار قىلىدۇ.

ئەمما بۇ تەڭگىنىڭ يەنە باشقا بىر تەرىپىمۇ بار: ناۋادا ئەرلەر ئاياللارنىڭ كەسىپ جەھەتتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ جىنسىيەتكە باغلىق ئىكەنلىكىگە ھەقىقىي ئىشەنسە، ئۇلار ئۆزىگە تەسەللى تاپالايدۇ ھەمدە قورقماي: «بۇ مېنىڭ قابىلىيەتسىزلىكىمدىن بولغان ئەمەس، بەلكى ئاشۇ ئۆلگۈر باشلىقىمنىڭ پاھىشىۋازلىقىدىن بولدى.» دەيدۇ. ناۋادا كۆپچىلىك بۇ گەپلەرگە ئىشەنسە، ھېچكىم ئۇنى مازاق قىلمايدۇ.

ئەمدى سىز نېمە ئۈچۈن بەزى ئەرلەر سىز بىلەن رىقابەتلەشكەندە، شۇقەدەر رەزىل ۋاستىلەرنى قوللىنىدىغانلىقىنى چۈشەنگەنسىز. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، سىز نېمە ئۈچۈن شىركەتتە ئاياللارنىڭ جىسنىي تۇرمۇشى ھەققىدىكى مۇنازىرىلەرنى كۆپ ھاللاردا ئاياللارنىڭ شىركەتتىكى ئورنى بىلەن ئوڭ تاناسىپ بولۇپ قالىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنىمۇ چۈشەنگەنسىز.

## 44. سۇ بويىدىكى راۋاقتا ئاي شولىسى بالدۇر چۈشىدۇ

*مەيلى ئىرىڭىز ئامېرىكىنىڭ پرېزىدېنتى بولۇپ كەتسۇن، ياكى چوڭ سودا سارايلىرىنىڭ دىرېكتورى بولسۇن، ئۇنىڭ قول ئاستىدا ئايال كىشىلا بولىدىكەن، ئۇ بارلىق چارىلەرنى قوللىنىش ھەتتا يېڭى ماھارەتلەرنى سىناق قىلىش ئارقىلىق، بارلىق ئاياللارنى ئۆزىگە قارىتىشقا ئۇرۇنىدۇ.*

بىرىنچى پاكىت: خىزمىتىدە مۇۋەپپەقىيەت قازانغان، رەتلىك كىيىنىپ يۈرىدىغان ئەرلەر ئاياللارنى ئۆزىگە جەلپ قىلالايدۇ.

ئىككىنچى پاكىت: ئەرلەر ياش، چىرايلىق ئاياللارغا ھەۋەس قىلىدۇ.

بۇ ئىككى نۇقتىنى بىرلەشتۈرگەندە، سىز كەسپىي ھاياتىڭىزنىڭ مەلۇم ھەقىقىي قىياپىتىگە ئىگە بولالايسىز.

ئەرلەر ئۆزىنىڭ ئاياللارغا نىسبەتەن جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئۈزلۈكسىز ئىسپاتلاپ تۇرۇشى كېرەك. بولۇپمۇ، يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ تېخىمۇ شۇنداق قىلىشى لازىم. ۋەھالەنكى، بۇ خىل ئېھتىياج ئىشخانىلاردا ئەڭ ئوڭاي قاندۇرۇلىدۇ. چۈنكى، ئىشخانا ناھايىتى بىخەتەر: بىرىنچىدىن، سىز توسقۇنلۇق قىلالمايسىز؛ ئىككىنچىدىن، سىز ئۇنىڭ ئۇ يەردە نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلەلمەيسىز.

بۇنداق ئەرلەر ئۆز خىزمىتىنى ئانچە سۆيۈپ كەتمىگەن تەقدىردىمۇ، ئەمما خىزمەتكە بېرىش ئۇلارغا نىسبەتەن ئىجتىمائىي ئالاقە باغلاش پۇرسىتى بولغاچقا، ئۇ بۇ پۇرسەتنى ھەرگىز زايە قىلمايدۇ. ئىشخانا ئۇلارنىڭ كۆڭۈل ئاچىدىغان سورۇنى. دەل مۇشۇ يەردە ئۇلار ئەيچىللىك بىلەن ئاشۇ 20

ياشلاردىن ھالقىپ ئەمدىلا خىزمەتكە قاتناشقان ئايال خىزمەتداشلىرى بىلەن ئىغىز - بۇرۇن يالىشىپ كۆڭلىنى خۇش قىلىدۇ. كۆرۈنۈشتە ئۇلار گويا ئاشۇ ياش ھەم چىرايلىق قىزلارنى كەسپىي جەھەتتە يېتەكلەۋاتقاندەك ياكى خىزمىتىدىن دوكلات ئېلىۋاتقاندەك قىلىدۇ، ئەمەلىيەتتە بولسا، بۇ ئەرلەرنىڭ كاللىسىدا نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنى ھەم ئاشۇ ئىشخانىلاردا نېمە كارامەتنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ.

بۇ كۆرۈنۈشلەر سىزگىمۇ يات بولمىسا كېرەك، چۈنكى سىزمۇ يان ئىشخانىدىكى ئەر باشلىقىڭىزنىڭ نىشانى بولۇپ قېلىشىڭىز مۇمكىن.

بۇ خىل ئەرلەر ئۆزى يالغۇز ئىشخانىدا ئولتۇرغان چېغىدا، تىت - تىت بولۇپ ئولتۇرالماسلىقى مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە:

ناۋادا سىز ئۇنىڭ سىزسىز ئۆزى يالغۇز ئىشخانىدا ئولتۇرغان ئاشۇ بىچارە ھالىتىنى كۆرسىڭىز جەزم قىلالايمەنكى، پۈتۈن بەدىنىڭىز تىكەنلىشىپ كېتىشى مۇمكىن.

ناۋادا سىز ئۇنىڭ «ھەييارلىق قىلىپ» ياش خىزمەتچىلەرگە: «سىز بۈگۈن ناھايىتى چىرايلىق بولۇپ كېتىپسىز جۇمۇ! سىزگە كۆزۈم چۈشۈۋاتىدۇ، ئەگەر مەن توي قىلمىغان بولسام.» دېگەندەك گەپلەرنى قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرسىڭىز.

ناۋادا، سىز ئۇنىڭ ئەر ئىشداشلىرىغا: «يېڭى كەلگەن ھېلىقى كاتىپ قىزنىڭ كۆكسى نېمىدېگەن ...» دېگەنلىرىنى كۆرسىڭىز.

ناۋادا، سىز ئۇنىڭ ئۇبدانلا بىر مەجلىسخانىنى تويۇقسىزلا ئىجتىمائىي ئالاقە سورۇنىغا ئايلاندۇرۇۋەتكەنلىكىنى كۆرسىڭىز، ئېنىقكى، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ قارشى تەرەپنىڭ جەلپكار ئايال ئىكەنلىكىنى بايقىغانلىقىدىن بولغان.

بۇ ھەممە ئەر شىركەتنى شەھۋانىي مەيخانىغا ئايلاندۇرۇۋەتتى، دېگەنلىك ئەمەس ھەم ھەر بىر ئەر ئۆز ئەتراپىدىكى چىرايلىق قىزلارنى ئۆز جايىدا ئىشلىتىدۇ دېگەنلىكمۇ ئەمەس.

بىزنىڭ ھەقىقىي دېمەكچى بولغىنىمىز شۇكى، سىزنىڭ ئېرىڭىز خىزمەتتىكى چاغلىرىدا، ئىنتايىن خەتەرلىك ئەھۋالدا قالغان بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا، سىز ھەر ۋاقىت بۇ ئاگاھنى ئېسىڭىزدە مەھكەم ساقلىشىڭىز لازىم.

# ئىشخانىدىكى مۇناسىۋەتلەر تەرتىۋى



ناۋادا ئۇلارنىڭ قول ئاستىدا كىشىنى مەپتۇن قىلغۇدەك چىرايلىق ئاياللار بولسىلا، سىز ھەر دائىم سەگەك بولمىسىڭىز بولمايدۇ.

ئىشخانىدىكى مۇناسىۋەتلەر تەرتىپى

مەيلى ئېرىڭىز ئامېرىكىنىڭ پرېزىدېنتى بولۇپ كەتسۇن، ياكى چوڭ سودا سارايلىرىنىڭ دىرېكتورى بولسۇن، ئۇنىڭ قول ئاستىدا ئاياللا بولىدىكەن، ئۇنىڭ ئۇلارنى ئىندەككە چۈشۈرۈش ئېھتىماللىقى مەۋجۇت (ئەلۋەتتە، ئۇنداق بولماسلىقىمۇ مۇمكىن).

ئۇ بارلىق چارىلەرنى قوللىنىش ھەتتا يېڭى ماھارەتلەرنى سىناق قىلىش ئارقىلىق، بارلىق ئاياللارنى ئۆزىگە قارىتىشقا ئۇرۇنىدۇ.

بىر ئېغىز چاقچاق، بىر ئېغىز مەدھىيە، دەل جايىدا ئېيتىلغان بىرەر نەسىھەت. ئۇ ئاستا - ئاستا كۆندۈرۈش ئارقىلىق سىزنى ئىندەككە كەلتۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، سىز بىلىپ - بىلمەيلا ئۇنىڭ قۇچىقىغا چىقىسىز.

سىز: «ئېرىم بىر دۆغلاق، تۆت كۆز پىركازچىك بىلەن ئىشپەش تارتىشىپ يۈرەرمۇ؟ ياق، بۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس!» دەپ ئويلايسىز.

ئەمما ئېرىڭىز ئۇنداق ئويلىمايدۇ. ئۇ، مېنىڭ ئايىغىمغا يىقىلغان ئاياللار قانچە جىق بولسا، شۇنچە ياخشى دەپ قارايدۇ.

ئۇ راستتىنلا سىزگە سادىق بولۇشنى ئويلىغان تەقدىردىمۇ، بۇ بودەك پىركازچىكنىڭ ئۆزىگە سۆيۈنگەن ۋە ياخشى كۆرگەن ئەمەلىيىتىدىن ئۆزىگە بىر خىل تەسەللى تاپىدۇ. ناۋادا بۇ پىركازچىكنىڭ بىرەرسىگە ئېيتقان «ئۇ قالتىس ئىكەن» دېگەن گېپىنى ئاڭلاپ قالىدىغان بولسا، ئۇنىڭ كۆڭلى شۇئان يايراپ كېتىدۇ.

بەزى ئەرلەرگە نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ بىر خىل ئىنتىلىشتۇر. ئۇزۇن يىل ئاياللارنى قوغلاشتىن كېيىن، بىر ئاز توختىۋېلىپ ئەمدى ئاياللارنى قوغلىتىش، شەكسىزكى، بۇ بىر خىل ھۇزۇردۇر.

ناۋادا، ئېرىڭىز ئەرلەر ئاز، ئاياللار كۆپ بولغان خىزمەت شارائىتىدا تۇرغان بولسا، يەنە كېلىپ بۇنداق ئەھۋالنىڭ كېلىپ چىقىشىغا ئېرىڭىز

سەۋەبچى بولمىغان بولسا، سىز كۆلپەتلىك ئىككىنى ساقلاپ، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى چىرايلىق ئاياللار بىلەن بولغان ھەر قانداق باردى ـ كەلدىسىگە (ئالايلۇق، «پارچە ـ پۇرات ئىشلارنى مۇھاكىمە قىلىش» يىغىنلىرى دەمدۇ، بىرلەشمە ئاخبارات ئېلان قىلىشنىڭ ئالدىن تەييارلىق خىزمەتلىرى دەمدۇ، شەنبە، يەكشەنبە كۈنلىرىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان باشقا پائالىيەتلەر بولامدۇ، مۇشۇنداق باشقىچە غەرەزدە بولغان پائالىيەتلەرنىڭ ھەممىسىگە) دىققەت قىلىشىڭىز لازىم.

ئەمما، ناۋادا ئېرىڭىز بۇ خىل شارائىتنى قەستەن كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، بۇ ئايال خىزمەتچىلەرنى ئۆزى ياللىغان بولسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئاياللار بىر ـ بىرىدىن چىرايلىق بولسا، ئۇ ھالدا سىز قورقمىسىڭىز بولمايدۇ.

ئادەمنىڭ زوقىنى كەلتۈرىدىغان شارائىتنى ھازىرلىغان ئەر، ئادەمنىڭ زوقىنى كەلتۈرىدىغان شارائىتتا تۇرغۇسى كېلىپ قالغان ئەردۇر. ئۇنداق بولسا، ئۇلار نېمىشقا شۇنداق قىلىدۇ؟

ناۋادا سىز ئۇنىڭدىن نېمىشقا بۇنچىلا جىق ئايالنى يىغىۋالدىڭىز؟ دەپ سورىسىڭىز، ئۇ مەسئۇلىيەتنى دۆڭگەپ، بۇ دېگەن كادىرلار باشقارمىسىنىڭ ئىشى دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئۇنىڭغا ئىشەنمەڭ. ئۇنىڭدا ئاز ـ تولا بولسىمۇ ئادەم ئېلىش ھوقۇقى بولىدىكەن، بۇ ئاياللارنىڭ پەيدا بولۇشى، ئەمەلىيەتتە ئۆزىنىڭ ئارزۇسىنىڭ ئەمەلگە ئاشقىنى. چۈنكى ئۇ سۇ بويىدىكى راۋاقتا ئاي شولىسىنىڭ بالدۇر چۈشۈشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئۇ كۆڭلىدىكى ئاياللارنى ئەتراپىغا يىغىۋالسا، ئۇ ئاياللارنى ئىندەككە كەلتۈرۈش پۇرسىتى كۆپ بولىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئاياللارنىڭ ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىپ بولغۇچە، بىلىپ ـ بىلمەيلا ئۇنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ كېتىدۇ.

خىزمەت ئورنى كۆپ ھاللاردا خەتەرلىك رايون ھېسابلىنىدۇ. بۇ يەردە ئېرىڭىز بېشىغا بىخەتەرلىك قالپىقىنى كىيىۋالسىلا، كۇپايە قىلمايدۇ.

سىز ئەرلەرنىڭ ئۈچ چاقىرىم يىراقلىقتا ئىشلەيدىغان ئاياللار

باققان؟ يەنە قايسى بىر يولدىن چىققان ئەر ئۆيىنىشنى يۇقىرى سۈرئەتلىك تاش يولنىڭ ئۇ قېتىدىن تېپىۋالغان ھە؟

ياق، ئىشخانىلا ئۇنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بىخەتەر ماكانىدۇر.

ئەمما، بۇمۇ بىر تەرەپنىڭ ئىشى ئەمەستە، سىز چوقۇم نۇرغۇن قېتىم ئېرىڭىزنىڭ ئايالLARنىڭ جىنسىي جەھەتتىكى پاراكەندىچىلىككە ئۇچرىشىدىن قورققان بولۇشىڭىز مۇمكىن.

ئەمەلىيەتتە، بۇنداق ئىش مۇمكىن ئەمەس.

بىزدە بۇ ھەقتە ئورتاق تونۇش ھاسىل بولغانىكەن، ئۇنداقتا سىز ئەرلەرنىڭ ئىشخانا ھاياتىدىن كېلىپ چىققان تەھدىتىگە قارىتا قانداق تاقابىل تۇرۇشىڭىز كېرەك؟

(1) خەتەرلىك بېشارەتلەردىن ھەزەر ئەيلەڭ.

سىز ئىشخانىلاردا قانداق ئويۇنلارنىڭ ئوينىلىدىغانلىقىنى بىلدىڭىز، شۇڭا بىرقەدەر تەشەببۇسكارراق بولمىسىڭىز بولمايدۇ.

(2) ھەر بىر ئىشنى سۈرۈشتۈرۈڭ.

«سىلەر يىغىننى نەدە ئاچتىڭلار؟»، «نېمىشقا بۇنچىۋالا كەچ قايتىپ كېلىسىز؟»، «نېمىشقا ئىككىڭلارلا قالدىڭلار؟» دېگەندەك.

(3) ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىڭ.

ئارىلاپ بېرىپ بۇ ئاتالمىش «يىغىن»لارنى كۆزىتىپ بېقىڭ ھەمدە ئۇنىڭ ماشىنىسىنىڭ راست ئۆزى دېگەن يەردە بار ـ يوقلۇقىنى سەپسېلىپ بېقىڭ. بولمىسا، كېيىن پۇشايمان قىلىپ قالىسىز، شۇنداق بولغاندا ئېرىڭىزمۇ يۇرۇش ـ تۇرۇشىغا دىققەت قىلىدىغان بولىدۇ.

(4) كىم بىلەن بىللە تاماق يېگەنلىكىنى سوراڭ.

دائىم مۇشۇنداق قىلىڭ، ئېرىڭىز سىزنىڭ گۇمانخور ئىكەنلىكىڭىزنى بىلسە، ئۇ ھالدا يالغان ئېيتىشتىن سەل ئۆزىنى تارتىدىغان بولىدۇ. ناۋادا ئۇ ئۆز قىلمىشلىرىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلسا، بەزى بولمىغۇر ئىشلاردىن قول ئۈزۈشكە مەجبۇر بولىدۇ. بىكار چاغدا ئۇنىڭ تېلېفون دەپتەرلىرى ۋە كۇندىلىك خاتىرىلىرىنى ۋاراقلاپ بېقىڭ، ئۇنىڭ

چۇشلۇك تاماق ۋە كەچلىك تاماق ۋاقتىدىكى ئۇچرىشىش ئەھۋاللىرىغا سەپسىلىپ بېقىڭ. بۇ چاغدا ئۇ ھېچ ئىش بولمىغاندەك قىياپەتلەرگە كىرىۋالىدۇ، ئەمما سوغۇق تەرلەشكە باشلايدۇ.

(5) پايدا - زىيىنىنى دەڭسەپ كۆرۈڭ.

ئەسلى چوڭ زىيىنى بولمىغان كىچىككىنە ئىشقىۋازلىقتا، ئىسپىرت قويۇلغان ھامان، پۈتۈن بىر ئۆي ئىسسىق ھارارەتكە تولۇپ كېتىشى مۇمكىن. ئىمكانىيەت يار بەرسىلا، ئېرىڭىزنى يالغۇز بۇنداق يېغىلىش - ئولتۇرۇشلارغا ئەۋەتمەڭ. ناۋادا، سىز يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى بولغان ئەھۋاللاردىن قاتتىق ئەنسىرىسىڭىز، ئاغرىغان بولۇۋېلىپ، ئۆيدە قېپقېلىڭ ھەمدە ئېرىڭىزنى ئۆزىڭىزگە ھەمراھ بولۇشقا كۆندۈرۈڭ.

يۇقىرىقى بەش نۇقتىنى پېشانىڭىزغا يېزىۋېلىڭ ياكى سىز ھەر كۈنى جەزمەن قارايدىغان يەرلەرگە چاپلىۋېلىڭ. سىزنىڭ مۇشۇ بەش نۇقتىغا ئەمەل قىلىش - قىلماسلىقىڭىز ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتىڭلارنىڭ كۆڭۈللۈك بولۇش - بولماسلىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

ئەلۋەتتە، ھەممىگە گۇمان بىلەن قاراشقا بولمايدۇ. چۈنكى، ھەممە ئەرلەرنىڭ (ناۋادا سىز ئۇنى ھەقىقىي چۈشەنسىڭىز) شۇنداق بولۇپ كېتىشى ناتايىن. بولمىسا، ئۆزىڭىزمۇ چارچاپ، نېرۋىڭىزدىن كېتىپ قالىسىز.

# 45. ئەرلەر كاماندىروپكىغا چىققاندا ئەڭ ئوڭاي خاتالىق ئۆتكۈزىدۇ

*ئەرلەرمۇ بەزىدە ئۆزىنى تۇتۇۋالالايدۇ ۋە ئەدەپلىك بولۇپ كېتىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبىنى «قورقۇش» دېگەن سۆزگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ. ئەرلەر تۇتۇلۇپ قېلىشتىن بەك قورقىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى، ئۇ سىزنى چوقۇم مۇشۇ ئەتراپتا بار دەپ ئەنسىرەيدۇ.*

نۇرغۇنلىغان ئەرلەر ئۆزىنىڭ ھىيلە ـ نەيرەڭلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى كاماندىروپكىغا چىققان چېغىدا ئاشكارىلايدۇ.

بۇنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنىش ئۈچۈن، سىز جەزمەن ئالدى بىلەن ئېرىڭىزنىڭ نېمىشقا يالغان سۆزلىمەيدىغانلىقىنى بىلىۋېلىشىڭىز لازىم.

ئەرلەر بەزىدە ئۆزىنى كونترول قىلىۋالالايدۇ ھەم ئەدەپلىك بولۇپ كېتىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبىنى «قورقۇش» دېگەن سۆزگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ.

ئەرلەر تۇتۇلۇپ قېلىشتىن بەك قورقىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى، ئۇ سىزنى چوقۇم مۇشۇ ئەتراپتا بار دەپ ئەنسىرەيدۇ.

نۇرغۇن ئەرلەرنىڭ ھەممىسى (مەيلى ئۇ سەگەك بولسۇن، ياكى بولمىسۇن) تۆۋەندىكى بۇ پرىنسىپقا ئىشىنىدۇ: ئۆيدىن 400 چاقىرىم يىراقلىقتا ئۆزۈلگەن ياۋا گۈللەرنىڭ، ئىشەنچلىك بولۇش نىسبىتى 100% بولىدۇ.

ئېرىڭىز ئايروپىلاندىن چۈشكەندە، سىز خۇشال بولۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىسىز. ۋەھالەنكى، ئۇ 400 چاقىرىم يىراقلىقتىكى شەھەردە يالغۇز تۇرغان

چىغىدا، ئۇ ئۆزىنىڭ كارامىتىنى ئاللىقاچان ئاشكارىلاپ بولغان.

ئېلىپ بېرىلىش ئۇسۇلى مۇنداق: ئېرىڭىز بارماقچى بولغان نىشانغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، تەكسى تۇتۇپ كۆڭۈلگە پۇكۇپ قويغان مېھمانخانىغا بارىدۇ. ئۇ ياتاققا ئورۇنلىشىپ بولغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن سىزگە ئۆزىنىڭ ساق ـ سالامەت يېتىپ بارغانلىقىنى ئۇقتۇرۇش ئۈچۈن تېلېفون ئۇرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن، سىز خاتىرجەم بولىسىز ھەم ئۇنىڭ بۇ مەسئۇلىيەتچان ھەرىكىتىدىن مەمنۇن بولىسىز. بىراق، بۇ ھەرىكەت ئۇنىڭ ئۈچۈن باشقىچە بىر مەنىگە ئىگە.

سىزگە نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇ سىزنى سۆيگەنلىكى ئۈچۈن، سىزنى سېغىنغانلىقى ئۈچۈن تېلېفون ئۇرغان.

ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ تېلېفون سىزنىڭ ئۆزىدىن 400 چاقىرىم يىراقلىقتا تۇرغانلىقىڭىزنى، ئۇنىڭ پېيىغا چۈشمىگەنلىكىڭىزنى جەزملەشتۈرۈشتۇر. بۇنداق بولغاندا، ئۇ سىزنىڭ ئۆيدە ئىكەنلىكىڭىزنى، ئۆزى «تاماشا» قىلغان چاغدا سىزنىڭ ھەر قانچە قىلىپمۇ نەق ئىش ئۈستىگە يېتىپ كېلىپ، ئۆزىنى نەق مەيداندا تۇتۇۋالالمايدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىدۇ ـ دە، خاتىرجەم تاماشا قىلىۋېرىدۇ.

بەزى چاغلاردا، بۇنداق ئەرلەر مېھمانخانىدىكى كۇتكۇچىلەردىن «مەيخانىلار» نى سۈرۈشتۈرىدۇ ـ دە، شۇنىڭ بىلەن مەيخانىلارغا بېرىپ ھاراق ئىچىدۇ ھەمدە چىرايلىق قىزلارنىڭ بار ـ يوقلۇقىغا سەپسالىدۇ. ناۋادا ئۇلار بۇ يەردىن «توشقان» تۇتالمىغان بولسا، ئۇ يەنە مېھمانخانىغا قايتىپ بېرىپ، بىرەر نەپ تېگىپ قالارمىكىن دەپ، دەپتىرىنى ۋاراقلاشقا باشلايدۇ.

ئېرىڭىز سىزدىن 400 چاقىرىم يىراقلىقتا تۇرغان بولسا، ناۋادا سىز ئېرىڭىزغا ئىشەنمىسىڭىز، قانداق قىلىشىڭىز كېرەك؟

(1) توختىماي تېلېفون ئۇرۇڭ. ھەر ۋاقىت ئۇنىڭ دېرىكىنى بىلىپ تۇرۇش، ئۇنىڭ قائىدە ـ يوسۇندىن چىقماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىشنىڭ ھالقىسى. ئۇنى يانفونىنى يېنىدىن ئايرىماسلىققا ئاگاھلاندۇرۇڭ. يېرىم كېچە

باشقا ئىشەنچلىك سەۋەب كۆرسىتىپ بېرەلمىسە، سىز گۇمانلانسىڭىز بولىدۇ) . ناۋادا ئۇ ئۇخلاشقا تەمشىلىۋاتىمەن دېگەن بولسا، بىر سائەتتىن كېيىن، يەنە تېلېفون ئۇرۇپ بېقىڭ. ئەگەر ئادەم چىقمىسا، ئۇ ئالدامچىلىق قىلغان بولىدۇ.

(2) ئۇ كاماندىروپكىغا بېرىپ كەلگەن شۇ ئاينىڭ ئاخىرى، ئۇنىڭ يۇك ـ تاقلىرى ۋە ھېسابات تالونلىرىنى تەكشۈرۈڭ. ئازراق گۇمانلىق ئەھۋاللار بايقالسىلا، سۈرۈشتۈرۈپ ئېنىقلاڭ. ھەر قانداق 150 يۈەندىن ئېشىپ كەتكەن گۇمانلىق خىراجەت، ئۇنىڭ ئاشنا ئويىنىغان خىراجىتى بولۇشى مۇمكىن. ناۋادا ئۇ تېنىۋالسا، سىز ئىناۋەتلىك كارتوچكا شىركىتىدىن ئاشۇ ھېساباتنىڭ كېلىش مەنبىيىنىڭ تېلېفون نومۇرىنى دەپ بېرىشنى تەلەپ قىلسىڭىزلا بولىدۇ. شۇ چاغدىلا، ئېرىڭىز كۆزىنى پارقىرىتىپلا قالىدۇ. ئەگەر ئېرىڭىز ئۆزىنىڭ خىراجەت ئەھۋالىدىن ھېسابات بېرىشنى قەتئىي رەت قىلسا، بۇ مەسىلە بارلىقىنىڭ ئىپادىسى.

(3) ئۇنىڭ كەچلىك غىزانى كىملەر بىلەن بىللە يېگەنلىكىنى سوراڭ ھەمدە جاۋابىنى خاتىرىلىۋېلىڭ. ئارىدىن 2 ـ 3 ھەپتە ئۆتكۈزۈۋېتىپ، پەرۋاسىزلىق بىلەن ئۇنىڭدىن شۇ سوئالنى قايتا سوراڭ. ناۋادا ئۇ ھاڭۋېقىپ قالسا، ھەتتا بىر سېكۇنت بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ يالغان ئېيتىپ سىزنى ئالدىغانلىقىنى بىلىپ قالىسىز.

(4) ئۇنىڭ سىزگە دېگەن ھەر بىر گېپىنى ئېسىڭىزدە مەھكەم ساقلاڭ.

كۆپ سانلىق ئەرلەرنىڭ تۇتۇلۇپ قېلىشىنىڭ سەۋەبى باشقا ئەمەس، بۇنىڭدىكى سەۋەب، ئۇلار ئاساسەن ئېغىزىدىن كەتكۈزۈپ قويغان. سىز ئاشۇ ئاتالمىش كاماندىروپكىنىڭ ئالاقىدار چېسلالىرىنى، ئادەم ئىسمى، ئادرېسلارنى ئېنىق بىلىۋالسىڭىزلا، ئۇنىڭ ئەپتى ـ بەشىرىسىنى بىردەمدىلا ئېچىپ تاشلىيالايسىز.

(5) ناۋادا ئۇ تېلېفون ئۇرسام سىز ئۆيدە يوق دەپ قالسا، بۇنىڭغا ئەستايىدىل ھەم جىددىي قاراش كېرەك. بۇ بۇنداق ئەرلەرنىڭ ئۆزىنى قوتۇلدۇرۇشتىكى كونا نەيرىڭى، ئەسلى سىز شۇ ئاخشىمى

سورىماقچى بولغان بەزى مەسىلىلەرنى ئالايلۇق: (كەچلىك غىزانى نەدە يېگەن؟ كىملەر بىلەن بىللە بولغان؟ دېگەندەك) ئۇ ئۇيقۇم كەلدى ياكى يولدا چارچاپ كەتتىم دەپ قەستەن كەينىگە سۈرىدۇ. ئەتىسى بولغاندا، ئۇ بېشىنى قاتۇرۇپ دەيدىغان گەپلەرنىڭ ھەممىسىگە جاۋاب تېپىپ بولىدۇ. يەنى «جورجى ئىتالىيە تاماقخانىسى» مەلۇم «ئىتالىيە ئاشخانىسى»غا، «سۆزى بىلەن ئەننا»، «مەلۇم شىركەتنىڭ شىركەت خادىمى»غا ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. ئەگەر شۇ كۈنى ئاخشىمى بولغان بولسا، ئۇ جەزمەن بىر يەردە بولمىسا، بىر يەردىن چاندۇرۇپ قويغان بولاتتى. شۇڭا، قانداقلا بولمىسۇن ئىشتا ئۇنىڭ ۋاقتىنى سوزۇشقا يول قويماسلىق كېرەك.

(6) ئۇنىڭ كوكۇلىسىنى تۇتۇۋالغىنىڭىزغا ئىشەنگەن چېغىڭىزدا باتۇرراق بولۇڭ! ئۇنىڭغا دەم ئېلىش پۇرسىتى بەرمەڭ ياكى ئۇنى مات قىلغۇچە ھەرگىز ئارقىڭىزغا ياناڭ. بولمىسا، ئۇ تېنىۋالىدۇ - دە، سىز ئۇنىڭ ئالدىدا گۇمانخور خوتۇن بولۇپ قالىسىز. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ كېتىدۇ. ئېرىڭىزنىڭ كاماندىروپكىغا ئالاقىدار قىلغان ھەر قانداق يالغان گېپىنى تۇتۇۋالغان چېغىڭىزدا (ئۇششاق - چۈششەك تەپسىلاتلار بولسىمۇ)، سىز ئۇنىڭ قىلغان ھەر بىر گېپىنى ئويدۇرما ئىكەن، ئۇنىڭ ئۇستىگە ماڭا ئاسىيلىق قىلغان ئوخشايدۇ (ھېچبولمىغاندا شۇنداق قىلىشقا ئۇرۇنغان) دەپ ئىشىنىشكە ھەقلىق.

بىزگە مەلۇم، سىز ئۇنىڭ كوكۇلىسىنى تۇتۇۋالغان چېغىڭىزدا، تەمكىن بولالىشىڭىز ناھايىتى تەس. ئۇنداقتا ئېرىڭىز بۇ ئىشلارغا قارىتا قانداق تەسىراتتا بولىدۇ؟ ئاڭلىماققا ئىشەنگىڭىز كەلمەسلىكى مۇمكىن، بىراق ناۋادا ئۇ سىزگە راستىنلا ئېتىبار بەرسە، ئەمەلىيەتتە ئۇ سىزنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرىڭىزگە قاراپ، ئىچ - ئىچىدىن خۇش بولىدۇ. چۈنكى بۇ سىزنىڭ ئۇنى سۆيىدىغانلىقىڭىزنىڭ، بۇ مۇناسىۋەتنى قەدىرلەيدىغانلىقىڭىزنىڭ بەلگىسى.

بۇنىڭ ئەكسىچە بولغاندا، ناۋادا ئۇ سىزنىڭ بۇ قىلىقىڭىزدىن بىزار

كىرىۋالغان بولسىڭىز، ئۇ تېخىمۇ جىق يالغان گەپ توقۇپ چىقىسچۇ؟ ئۇنىڭ ئاشۇ پاكىتقا قارشى تەبىئىتى ئۆزىنى كۆرسىتىپ، ئاندىن ئالدىڭىزدا يۈزسىزلىك قىلىسچۇ؟ ئۇ شەرمەندە بولغىنىدىن ئاچچىقلىنىپ، ماڭا نېمىشقا ئىشەنمەيسەن، دەپ بوغۇلۇپ قالىسچۇ؟

ئەگەر بىر ئەر كىشى ئىشەنچ توغرۇلۇق زىيادە كايىپ كەتسە، ئۇ هالدا بۇ ئادەمگە هەرگىز ئىشىنىشكە بولمايدۇ.

گۇناهسىز ئەرلەر سىزنىڭ بۇ «سىناش» لىرىڭىزنى قىلچە كۆڭلىگە ئالمايدۇ. بۇ بىر خىل ئادەتكە ئايلانغاندا، ئۇ بۇنى پەقەت بىر چاقچاق ئورنىدا كۆرىدۇ، تېخى ئۇنىڭدىن «زوقلىنىش» هېس قىلىدۇ. شۇغىنىسى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇنىڭ قەلبىنىڭ ئەڭ قاراڭغۇ يەرلىرىمۇ سىزدىن يوشۇرۇن بەتقىلىق قىلىشىنىڭ ئۇنداق ئاسان ئەمەسلىكىنى چۈشىنىدۇ. جىنايەتچى ساقچىلارنىڭ ئۆز پېيىگە چۈشكەنلىكىنى سەزگەن چېغىدا، ئۇلار يەنە جىنايەت سادىر قىلىشقا پېتىنالامدۇ؟ ئەلۋەتتە ئۇنداق قىلالمايدۇ. ئۇلار شۇقەدەر ئەدەپ ــ قائىدىلىك بولۇپ كېتىدۇكى، ئەڭ قەبىھ قاتىل، ۋەهشىي باسقۇنچى، داپ يۈز يانچۇقچىلارمۇ بىراقلا ئۆزگىرىپ، مۇنەۋۋەر پۇقرا قىياپىتىگە كىرىۋالىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئەهۋالدا ئۆزگىرىش بولمىسىلا، ئۇلار ئادەتتە يەنە قارىسىغا ئىش قىلىشقا پېتىنالمايدۇ.

شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ، سىز يەنىلا بۇ ئاگاهلاندۇرۇشنى يادىڭىزدا مەهكەم ساقلاڭ. سىز پاكىت تاپالىشتىن ئاۋۋال، نەتىجىسىنى ئوبدان ئويلاپ كۆرۈڭ. ئەڭ ئەسكى ئاقىۋەتلەرنىمۇ ئويلىمىسىڭىز بولمايدۇ، شۇنداق بولغاندىلا هەقىقىي ئەهۋالغا قارىتا ئىدىيە جەهەتتە تولۇق تەييارلىق كۆرگەن بولىسىز.

# 46. ئەرلەر سىزنىڭ رەھبىرىڭىز بولۇشنى ئويلايدۇ

***ئەرلەر تەبىئىي ھالدا رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ، ئاياللار كۆپ ھاللاردا ئەرلەر بىلەن ھوقۇق تالىشىپ ئولتۇرمايدۇ. ئەرلەر ئورنى ئوخشاش بولغان ئاياللاردىن سان جەھەتتە ئاز بولغان شارائىتتا ناھايىتى بىئارامىلىق ھېس قىلىدۇ. ئەمما، ئاياللارنىڭمۇ ئاشۇنداق شارائىتتا نورمال خىزمەت مۇناسىۋىتى ئورنىتىشى ئادەتتە ناھايىتى قىيىنغا توختايدۇ.***

ئۆزلىرى بىلەن بىللە ياشايدىغان ئاياللارغا نىسبەتەن، ئەرلەر قانداق تۇيغۇدا بولىدۇ؟ ئۇلار ئاياللارغا قانداق قارايدۇ؟ ئومۇمەن سىز ئويلىغاندەك ئۇنچىلا ياخشى ئەمەس. پاكىت شۇكى، نۇرغۇنلىغان ئەرلەر ئاياللارنىڭ خىزمەت ئىقتىدارىغا ئۇمىدسىزلىك بىلەن قارايدۇ.

ئەمما، ئۇلار كاتىپلىرىنى تاللىغاندا، يۇزنىڭ ئىچىدىن بىرىنى تاللايدۇ. ھېلىقى ساغرىسى چىرايلىق، كىچىك كۆتكۆچى بولىدىكەن، ئەمما ئىشخانىدا ئاشۇ 50 ياشلىق ئايال مۇلازىم بولمىسا، ئىشخانىنىڭ بۇنداق پاكىز بولۇپ كېتىشى ناتايىن، ئۇ تېخى ھېلىقى خەت باسىدىغان قىزلارغا ئانىلارچە مېھرىبانلىق يەتكۈزىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ناھايىتى كەچ ئىشتىن چۈشىدۇ. گەرچە شۇنداق بولسىمۇ، قىز بالا دېگەن قىز بالا، بەزىلىرى ھېسسىياتلىق

تۇتۇپ قالىدىغان چاغلىرىمۇ بولىدۇ. بىراق ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ سالاھىيىتىنى بىلىسىلا، شۇنىڭ ئۆزى كۇپايە قىلىدۇ. بۇلار، ئەرلەرنىڭ ئۆز كاتىپلىرى، كۇتكۈچىلىرى ۋە خىزمەتچىلىرىگە تۇتقان پوزىتسىيىسىنى ئاساسىي جەھەتتىن خۇلاسىلەپ بەرگەن.

بۇنداق ئەرلەرنى ھەقىقىي غەزەپلەندۇرىدىغىنى باشقا نەرسە ئەمەس، بەلكى بارلىق ئاياللارنىڭ ئۇشتۇمتۇتلا تېرىسىغا سىغماي، ھاكاۋۇرلىشىپ كېتىشىدۇر، بۇ ئەرلەرنىڭ كۆز قارىشى. «باشباشتاق خوتۇن»، «قانجۇق»، «ئۆلگۈر جادۇگەر» دەپ ئۇلار گېپىگە كىرمىگەن ئاياللارنى تىللايدۇ. بۇنىڭغا ئاياللارنىڭ تەرسالىقى، دادىللىقى ياكى ئۇلارنىڭ چىداملىقى سەۋەبچى بولغان ئەمەس. تەكشۈرۈش نەتىجىسى ناھايىتى نۇرغۇن ئەرلەرنىڭ ئاياللارغا قارشى تۇرۇشىنىڭ پەقەت جىنسىيەت سەۋەبىدىن بولغانلىقىنى ئىسپاتلىغان. ئۇلار ئاياللاردۇر، ئۇلار ئۆزلىرىگە تەۋە بولمىغان ساھەلەرگە كىرىشكە تىرىشماقتا. ناۋادا، سىز «باشباشتاق خوتۇن» دېگەن سۆزنىڭ ئەرلىك مەنىسىنىڭ «ھاكاۋۇر ئادەم» ئىكەنلىكىنى بىلسىڭىز، سىز مەسىلىنىڭ دەل ئەجەللىك يېرىنى تۇتۇۋالغان بولىسىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاياللار جەزمەن بىلىشى كېرەككى، بۇ خىل پوزىتسىيە ھەر قايسى تەبىقىلەردە مەۋجۇت، گەرچە ھەرقايسى تەبىقىلەردىكى بارلىق ئەرلەرنىڭ ھەممىسى ئوخشاش قاراشتا بولمىسىمۇ.

يۇقىرى، ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن تەبىقىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئەرلەرنىڭ دۇنياسىدۇر. پەقەت مائاش، پۇرسەت، ئىجتىمائىي ئورۇن ۋە ھوقۇق جەھەتتىنلا ئالغاندا، ئەرلەرنىڭ ھەممىسى ئەۋزەل ئورۇنغا ئىگە بولىدىغان ئىش ئەلمىساقتىن شۇنداق بولغانىكەن، بۇنداق ئەرلەرنىڭ نەزىرىمۇ ئاداققىچە شۇنداق بولسا كېرەك.

بىراق، ئىش بۇنداق بولىۋەرمەيدۇ، بۇنداق ئەھۋال ئۇنچىلا ئۇزۇنغا بارمايدۇ. ھازىر ئۆزگىرىش بولۇۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە تېخىمۇ جىق ئۆزگىرىش يۈز بېرىشى مۇمكىن. بۇ يەنىلا ئەرلەرنىڭ دۇنياسى، ئەمما بۇرۇنقىغا ئانچە ئوخشىمايدۇ. ئەرلەر ئەمدى ئەرلەر توپىدىكى ئەرلەر بولماي

قالدى. ئۇلار بارا ـ بارا ئاياللار تويىدىكى ئەرلەر بولۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاياللارمۇ بۇرۇنقى ھېلىقىنىدەك ئىنتائەتچانلىق بىلەن بويسۇنىدىغان ئىشخانىدىكى كۈتكۈچىلەر ئەمەس. بۇ ئاياللار ئۆزلىرىنى ئەرلەر بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويىدۇ. ئەمما، ئەرلەر ئۇلارنى رىقابەتچى ئورنىدا كۆرىدۇ. بەزىدە ئۇلارنى ئۆزلىرى ئۈچۈن تەھدىت ھېسابلايدۇ. ئەرلەر ئىمكانقەدەر ئاياللار بىلەن باردى ـ كەلدى قىلمايدۇ. چۈنكى، ئەرلەر ئاياللارنىڭ ئالدىدا قورۇنۇپ قالىدۇ.

كۆپ سانلىق ئەرلەر تارماق بۆلۈملەرنىڭ ئايال مۇدىرلىرى، تىجارەت دىرېكتورلىرى، ئايال بوغالتىرلار ۋە ئايال باشلىقلىرى بىلەن قانداق مۇناسىۋەت قىلىشنى بىلمەيدۇ. ئەرلەر ئۇلارنى ياللاپ ئىشلەتكەن تەقدىردىمۇ، بۇ خىل مۇناسىۋەتتىن ئوڭايسىزلىق ھېس قىلىدۇ.

بىر تۈرلۈك تەكشۈرۈش بىر داڭلىق سودا مەكتىپىدە ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، تەكشۈرۈشكە قاتناشقانلار 340 نەپەر سودىنى باشقۇرۇش ۋە تەشكىللەش كەسپىنى ئۆگىنىۋاتقان ئاسپىرانتلار ئىدى. ئۇلار 85 كىچىك گۇرۇپپىغا، يەنى قىزىل ۋە يېشىل گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنگەن. ھەر بىر قىزىل گۇرۇپپا ئۈچ ئەر ۋە بىر ئايالدىن تەشكىل تاپقان. ھەر بىر يېشىل گۇرۇپپا ئۈچ ئايال ۋە بىر ئەردىن تەشكىل تاپقان. ھەر بىر گۇرۇپپىغا شۇ مەۋسۇمدە ئورۇندايدىغان بىر تۈرلۈك ۋەزىپە تاپشۇرۇۋالغان. ئۇ بولسىمۇ، مەۋسۇم ئاخىرلاشقاندا، ھەر بىر ئوقۇغۇچى شۇ گۇرۇپپىدا كىم داھىي بولۇشقا تېگىشلىك دېگەن مەسىلىگە جاۋاب بېرىش، شۇنىڭدەك ئىشلىگەن خىزمەتلىرى ھەققىدە ئۆز تونۇشىنى بايان قىلىش.

ھەر بىر قىزىل گۇرۇپپىدا، بىر ئەر ئوقۇغۇچى ئۆزىنى گۇرۇپپىنىڭ داھىيسى ھېسابلىغان، ئۆزىنى داھىي ھېسابلىغان بىرمۇ ئايال چىقمىغان. ئەمما، ھەر بىر يېشىل گۇرۇپپىدا، ھېلىقى بىردىنبىر ئەرلەر ئۆزلىرىنى داھىي دەپ ھېسابلىغان، ئاياللار ئىچىدىن 13% كىشى ئۆزلىرىنى داھىي بولۇشقا مۇناسىپ دەپ قارىغان.

كەتكەن. قىزىل گۆرۈپپىدىكى ئاياللار ئىنتايىن ئوبدان بولدى دەپ دوكلات قىلسا، يېشىل گۆرۈپپىدىكى ئەرلەر پەقەت قاملاشمىدى دەپ دوكلات قىلغان.

قىزىل گۆرۈپپىدىكى ئەرلەر قىزىل گۆرۈپپىدىكى ئاياللارغا ئوخشاشلا رازى بولغان، ئەمما يېشىل گۆرۈپپىدىكى ئاياللار يېشىل گۆرۈپپىدىكى ئەرلەرگە ئوخشاشلا نارازى بولغان. يېشىل گۆرۈپپىدىكى ئاياللار ئۆزلىرىنىڭ ئەزالىرىغا، يەنى ئەر ۋە ئاياللارغا ئوخشاشلا ئىنتايىن قاتتىق تەلەپ قويغان. ئەمما، قىزىل گۆرۈپپا ئوتتۇرىمىزدا ھېچقانداق ماجىرا يۈز بەرمىدى دەپ دوكلات قىلغان.

بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش، ئەرلەرنىڭ تەبىئىي ھالدا رەھبەرلىك ئورنىغا ئۆتىدىغانلىقى، ئاياللارنىڭ كۆپ ھاللاردا ئەرلەردىن ھوقۇق تالىشىپ ئولتۇرمايدىغانلىقى، ئەرلەر ئورنى ئوخشاش بولغان ئاياللاردىن سان جەھەتتە ئاز بولغان شارائىتتا ناھايىتى بىئارام‌لىق ھېس قىلىدىغانلىقى، ئەمما ئاياللارنىڭمۇ ئاشۇنداق شارائىتتا، نورمال خىزمەت مۇناسىۋىتى ئورنىتىشى ئادەتتە ناھايىتى قىيىنغا توختايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەرگەن.

ئەرلەر جەزمەن مەسئۇل ئورۇندا تۇرغان چېغىدىلا ئاندىن سان جەھەتتە ئاز بولۇشتەك پاكىتنى قوبۇل قىلالايدۇ. مەسىلەن: قول ئاستىدا 35 نەپەر ئايال خىزمەتچىسى بولغان خوجايىن، 18 نەپەر پىركازچىكى بولغان سودا سارىيىنىڭ دىرېكتورى قاتارلىقلار. بىراق، ئەقلىي ۋە خىزمەت ئىقتىدارى جەھەتتە ئەرلەردىن قېلىشمايدىغان ئاياللار سان جەھەتتە ئەرلەردىن ئېشىپ كەتسە، ئەرلەر بۇنىڭغا چىداپ تۇرالمايدۇ.

«ئاياللار شۇنى بىلىشى كېرەككى، ئەرلەر ئۆزلىرى خوجايىن بولسىلا، ئاياللار بىلەن بىللە ئىشلەشكە ئۇنچىلا ئېرەن قىلىپ كەتمەيدۇ».

# 47. ئەرلەر نىمە ئۈچۈن ئاياللارنى ئولتۇرۇشلارغا ئېلىپ بارىدۇ

*نۇرغۇن ئەرلەر بىرەر ئىش توغرۇلۇق پاراڭلىشىش ئۈچۈن بىرەر سورۇنغا داخىل بولغاندا، ئاياللارنىمۇ بىللە ئېلىۋالىدۇ. چۈنكى، ئاياللارنى كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى كاتالىزاتور دېيىشكە بولىدۇ. ئۇلار ئاشۇ سورۇنغا ئىللىقلىق ئاتا قىلىپلا قالماستىن، يەنە كۈلكە ۋە خۇشاللىق بەخش ئېتىدۇ.*

بىر مۇنچە ئەرلەر بىرەر سورۇنغا داخىل بولغاندا، كۆپ ھاللاردا ئاياللارنىمۇ بىللە ئېلىۋالىدۇ. چۈنكى، ئاياللارنى كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى كاتالىزاتور دېيىشكە بولىدۇ. ئۇلار ئاشۇ سورۇنغا ئىللىقلىق ئاتا قىلىپلا قالماستىن، يەنە كۈلكە ۋە خۇشاللىق بەخش ئېتىدۇ.

ھازىرقى جەمئىيەتتە، ھەر خىل ـ ھەر ياڭزا ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار مەۋجۇت. قىزىقارلىق يېرى شۇكى، ئىلگىرىكى بىر مۇنچە ساپ ئەرلەرلا قاتنىشىدىغان تەشكىلاتلارغا، ھازىر ئاياللارمۇ قاتنىشىدىغان بولۇپ قالدى.

بۇ ئەھۋاللارنى ئاياللار ھوقۇقى ھەرىكىتىنىڭ غەلىبىسى دېگەندىن كۆرە، ئاياللارنىڭ بىرىكىش كۈچى، ھەتتا ئاياللارنىڭ جەلپ قىلىش كۈچىنىڭ غەلىبىسى دېيىشكە بولىدۇ.

نېمىشقا مۇشۇنداق دەيمىز؟

ھەرىكىتى مۇئەييەن تەسىر كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئىلگىرىكى ئەرلەر تەشكىلاتلىرىنىڭ ھەددىدىن زىيادە چىڭ ۋە تەمسىز بولۇپ كېتىشىمۇ بىر مۇھىم سەۋەب بولۇشى مۇمكىن.

ئادەتتە، ئەرلەرنىڭ بىرەر ئاممىۋى تەشكىلات ياكى كۇلۇب دېگەندەك نەرسىلەرگە كىرىشى، ناھايىتى سەبىي ھالدا بىر خىل تەۋەلىك تۇيغۇسى ۋە بىر خىل قوبۇل قىلىش تۇيغۇسىنى ئىزدىگەنلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

تەشكىلاتلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ئوخشىمايدىغان قائىدە ـ تۈزۈمى بولىدۇ، ئەزا بولۇپ كىرىش ئۇسۇلىمۇ ئوخشىمايدۇ، يەنە كېلىپ بۇ تەشكىلاتلارنىڭ ۋەكىللىك قىلىدىغان ئىجتىمائىي ئورنى ۋە قاتلاملىرىدىمۇ پەرق بولىدۇ.

نۇرغۇن ئەرلەر دائىم مۇشۇ كىچىك ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ ئىشەنچىسى ۋە ئەۋزەللىك تۇيغۇسىنى ئاشۇرىدۇ، بۇنى ئۆزىنىڭ روھىي ھالەت جەھەتتىكى مۇۋازىنەت ھالىتىنى ساقلاش ئۈچۈن قىلغان تولۇقلىمىسى دېيىشكە بولىدۇ.

بىراق، ئەرلەرنىڭ بۇ كىچىك ئاممىۋى تەشكىلاتلارغا كىرىشىنى ئۇلارنىڭ پاناھ جاي ئىزدىشى دېسەك، بۇ مۇبالىغىلەشتۈرۈۋەتكەنلىك، ھەتتا قارىسىغىلا جۆيلىگەنلىك بولىدۇ.

باشتا سۆزلەپ ئۆتكەندەك، ئەرلەر بىلەن ئەرلەر بىر يەردە بولسا، كۆپ ھاللاردا ئاياللار بىلەن ئاياللار بىر يەردە بولغاندەك ئۇنداق كۆڭۈللۈك بولمايدۇ. ئورتاق ھالدا كىچىك تەشكىلاتتا تۇرغان تەقدىردىمۇ بۇ ئەرلەرنى قان ـ قېنىغا سىڭىپ كەتكەن رىقابەتلىشىش ۋە مۇداپىئەلىنىش روھىي ھالىتىنى يىلتىزىدىن يوقاتتى، ئەمدى قايتا ھوقۇق تالىشىش كۈرەشلىرىگە قاتناشمايدۇ دېگەننى بىلدۈرىدۇ.

شۇڭا، تەۋەلىك تۇيغۇسى ۋە قوبۇل قىلىش تۇيغۇسىدىن باشقا، تەشكىلاتلارغا ئويۇشۇش ئارقىلىق زادى نېمىلەرگە ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلىدىغاندۇ؟

دوستلۇق، ئەرلەر ئىجتىمائىي تەشكىلاتلاردىن دوستلۇق ئىزدەرمۇ؟

گەرچە، ئەرلەر ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارغا ئويۇشۇش داۋامىدىكى تەۋەلىك تۇيغۇسى ۋە قوبۇل قىلىش تۇيغۇسىنى ياقتۇرسىمۇ، ئەمما ئۇزۇن ئۆتمەيلا بۇنىڭدىن قاتتىق ئۈمىدسىزلىنىدۇ.

چۈنكى، ئۇلار ئىجتىمائىي تەشكىلاتلاردا يېقىن دوستلۇقنى يېتىلدۈرۈشنىڭ ئۇنچىلا ئاسان ئەمەسلىكىنى بايقايدۇ. ئەرلەرگە نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، بىر ئورتاق نىشان ۋە قىزىقىشنى ئىزدەش، كىشىلىك مۇناسىۋەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتىن كۆپ ئاسانغا توختايدۇ.

نۇرغۇن ئەرلەرگە نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارغا ئويۇشۇش دوست كۆپەيتىش ئۈچۈندۇر. مۇشۇ رەسمىي ۋە ئېتىراپ قىلىنغان جەمئىيەتلەر بىلەن مەلۇم دەرىجىدە ئالاقە باغلاش ۋە مۇناسىۋەت ساقلاشنىڭ ئۆزىلا ئۇلار ئۈچۈن كۇپايە. ئۇلارنىڭ نەزىرىدىكى كىشىلىك مۇناسىۋەت، ئاممىۋى تەشكىلاتلاردىكى كىشىلەر بىلەن مۇۋاپىق باردى ـ كەلدى قىلىش، ئۇلار مۇشۇ مەقسەتكە يەتسىلا، قانائەت ھاسىل قىلىدۇ.

ئەلۋەتتە، بۇ ھەرگىزمۇ كىشىلەرنى تەلپۈندۈرىدىغان ھېلىقىندەك يېقىن ۋە مۇھىم دوستلۇق ئەمەس. ئۇ پەقەت ئادەتتىكى ئىجتىمائىي ئالاقىلەردىن سەللا يۇقىرى بولغان ھەم ئىجتىمائىي تەشكىلات خاراكتېرىنى ئالغان مۇقىم ئالاقىدىنلا ئىبارەت. شۇڭا، ھېسسىيات جەھەتتىكى ئالماشتۇرۇشتا، تەبىئىي ھالدا ھېچقانداق بوشلۇق ھاسىل بولمايدۇ.

بىر ئەركىشى، قارشى تەرەپنى چۈشەنمەي تۇرۇپ، ھەرگىز ئىچ ـ قارنى تۆكۈپ، كۆڭلىدىكى ھەممە گەپلىرىنى دېمەيدۇ. بۇنىڭغا قارىغاندا، ئادەمنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك دوستلىرى دۇنيادا ھامان ئاز سانلىقنى ئىگىلەيدۇ.

ئۇنداق بولغاندا، ئاشۇ كۆپلىگەن پايدا ـ مەنپەئەت قوغلىشىدىغان ئەرلەرگە نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارغا قاتنىشىشنىڭ قوشۇمچە قىممىتى، ھەتتا ئاساسىي قىممىتىنىڭ ھەممىسى تەبىئىي ھالدا ئالاقە دائىرىسىنى كېڭەيتىش، ھېچبولمىغاندا ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى بېجىرگەندە، ئوڭايلىققا ئېرىشىش ئۈچۈندۇر.

ئىجتىمائىي تەشكىلاتلاردا، ھامان تەبىئىي ھالدا بەزىلەر ئۆزىنىڭ تالانتىنى كۆرسىتىپ، تەشكىللەش ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئېلىپ، رەھبەرلىك ئورنىغا چىقىدۇ.

شۇڭا، نۇرغۇن ئەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارغا كىرىشتىكى مەقسىتى، ھەقىقەتەنمۇ مۇشۇ ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار ئارقىلىق ئۆزىنىڭ قىممىتى، ئورنى، ھەتتا جاسارىتى ۋە غەيرىتىنى ئىسپاتلاشتىن ئىبارەت. ئاممىۋى تەشكىلاتلارغا قاتناشقان ئەرلەر، بولۇپمۇ بەزى ياش ۋە تارتىنچاق ئەرلەر ئالغا بېسىشتا، كۆپ ھاللاردا باشقا ئەرلەرنى ئۆزىگە ئۈلگە قىلىدۇ. ئەرلەر ھەممە ئىشتا ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىدۇ، شۇڭا ئۇلار ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارغا سەۋەبسىز كىرمەيدۇ. ئۇلار ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارغا قاتناشقاندىن كېيىن، نۇرغۇن ۋاقتى ۋە زېھنىنى كۆچىنى سەرپ قىلىدۇ. شۇڭا، مۇناسىپ ھالدا قايتۇرۇلۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ، ئەلۋەتتە.

ئەرلەرنىڭ يىغىلىشلىرىدا، بەزى مەخپىي تەشكىلاتلارمۇ بولىدۇ. بۇ خىل مەخپىي تەشكىلاتلارغا كىرىش، ھەتتا جەمئىيەت تەرىپىدىن چەكلەنگەن بەزى ئىشلارنى قىلىش، بەزى ئەرلەرگە نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ خېلى تارتىش كۈچىگە ئىگە.

گەرچە بۇ تەشكىلاتلاردا دوستلۇققا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىلىپ كەتمىسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئۆزئارا ئالاقە باغلاش ئېھتىياجىغا تولىمۇ ماس كېلىدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئىچىدە يېقىنلىششقا ئانچە قىزىقمايدۇ. ھەتتا، يېقىنچىلىقتىن ئاز - تولا ئەندىكىدۇ. ئەمما، مۇشۇ مەخپىي تەشكىلاتلاردىكى ئويۇشتۇرۇش كۈچىنىڭ ئۆزىلا، ئۇلارنى قانائەتلەندۈرىدۇ ۋە خاتىرجەم قىلىدۇ.

چۈنكى، پەقەت مەخپىيەتلىكنى ساقلاشتىن ئىبارەت مۇشۇ بىر نۇقتىدىنلا، ئۇلارنىڭ باشقىلاردىن ئېنىق ئايرىلىق ساقلايدىغانلىقى ئۆز - ئۆزىدىن مەلۇم.

ئەرلەر ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا، ئازدۇر - كۆپتۇر بولمىسۇن،

ئۈششاق ـ چۈششەك تەشكىلاتلارغا قاتنىشىش تەجرىبىسىگە ئىگە بولىدۇ. بۇنى بالاغەتكە يېتىپ چوڭلار دۇنياسىغا كىرىشتىن ئاۋۋالقى بىر خىل مەشىق دېيىشكە بولىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئەقلىي كۈچ بىلەن جىسمانىي كۈچنىڭ رىقابىتى ھوقۇقنىڭ ئىشلىتىلىشى، رەھبەرلەر، قوغداش ۋە بېقىنىش دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئەرلەر جەمئىيىتىنىڭ ئىخچام كۆرۈنۈشىدۇر.

بۇ كىچىك گۇرۇھلارنى يىگىتلىك جاسارىتىنى يېتىلدۈرۈش سورۇنى دېيىشكىمۇ بولار.

ئەڭ ئاخىرىدا، بىز ماقالىمىزنىڭ بېشىدا ئېيتقان ئەرلەر بىرەر سورۇن تۈزگەندە، نېمىشقا ئاياللارنىمۇ قېتىۋالىدۇ؟ دېگەن مەسىلىگە قايتىپ كېلەيلى. بۇ يەردە بىز دائىم ئۇچرايدىغان بەزى ئەھۋاللار ئۈستىدىلا توختىلىمىز.

ئەلۋەتتە، ئاياللارنىڭ نازاكەتلىكى، بىرىكىش كۈچى، مۇلايىملىقى ۋە ماسلىشىش ھەم كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاش قاتارلىق خۇسۇسىيەتلىرى ھەقىقەتەنمۇ ئىشلارنىڭ يۈرۈشىشىگە پايدىلىق. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ساپ ئەرلەرنىڭ يىغىلىشلىرىغا ئاياللارنىڭ قاتنىشىشىمۇ بىر خىل تەبىئىي ھالدىكى ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇق بولىدۇ.

بىراق، ئادەتتىكى مۇھەببەت سورۇنلىرىدا، ئەرلەر ئاياللارغا قانداق مۇئامىلە قىلىدۇ؟

دەپ كەلسەك گەپ تولا، ھەتتا ئەيش ـ ئىشرەت سورۇنلىرىدا بولغان تەقدىردىمۇ، نۇرغۇن ئە رلەر يەنىلا ھەقىقىي ئېچىلىپ كېتەلمەيدۇ.

ئالدى بىلەن، ھاراققا كەلگەندە بۇ ئەرلەر بوش كەلمەيدۇ. جىنىنىڭ قەستى شاپتۇلدا دېگەندەك بەزى ئەرلەر ھاراققا ئۆزىنى ئۇنچىلا ئۇرۇپ كەتمىسىمۇ، ئەمما يەنىلا ھاراق سورۇنىدىن باش تارتىپ چىقمايدۇ.

ساپ ھاراق ۋە گۈزەل مەھبۇب بولۇش، بۇ ئەسلى ئەرلەرنىڭ تىلىكى ئىدى. بىراق، يېقىندىن بۇيان تەيۋەندە سىياسىي ۋە سودىنىڭ يۈرۈشىشى

ئەۋج ئالماقتا. بۇنداق بولغاندا، ھەتتا ئوڭ بىقىنىدا ھىمايىچىسى، سول بىقىنىدا ئاشنىسى بولۇشمۇ بىر خىل ئەرلىك جاسارىتىنىڭ ئىپادىسى بولۇپ قالىدۇ.

ئەرلەر ئەتراپىدا پىرقىراپ يۈرگەن بۇ ئاياللار ناھايىتى ئۇلارغا ھەمراھ بولۇش ۋە مۇلازىملىق قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئەرلىك نوپۇزىنى گەۋدىلەندۈردى. ئەمما، ئاياللارنىڭ ئاشۇ نازاكەتلىكى ۋە جەلپ قىلىش كۈچىنىڭ تۈرتكىسى ئاستىدا، ئەرلەرنىڭ ئەمەلىيەتتە ئېلىپ بېرىۋاتقىنى بولسا، خىلمۇخىل پۇل ۋە ھوقۇق سودىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

# 48. تەنھەرىكەت كۆپ ھاللاردا ئەرلەرنىڭ شاپائەتچىسى بولۇپ قالىدۇ

*تەنھەرىكەت بىلەن شۇغۇللىنىش، ئاز ئوزۇقلىنىش، ئاز ئەمگەك قىلىدىغان ھازىرقى زامان كىشىلىرىگە نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، كەم بولسا بولمايدۇ. ئەرلەرگە نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، بولۇپمۇ ئۇزۇن مۇددەت خىزمەت بېسىمى ۋە ھېسسىيات جەھەتتىكى بۇرۇقتۇرمىلىق ئاستىدا تۇرغان ئەرلەرگە نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، تەنھەرىكەت بىلەن شۇغۇللىنىش، شەكسىزكى، بېسىمنى يەڭگىللىتىش ۋە ھېسسىياتنى چىقىرىشنىڭ شىپالىق دورىسىدۇر. تەنھەرىكەت تەبىئىيكى ئۇلارنىڭ شاپائەتچىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.*

دەم ئېلىش كۈنلىرى، كۆپ قىسىم ئەرلەر ئازادە كىيىملەرنى كىيىپ، قولىدا پىۋا ياكى سوغۇق ئىچىملىكلەرنى تۇتقان ھالدا يۇمشاق سافالاردا ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇنغا ئولتۇرۇپ، ھەر خىل تەنتەربىيە پروگراممىلىرىنى دىققەت بىلەن كۆرىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن، ئۇلارنىڭ ئاياللىرى تەرەپ ـ تەرەپتىن ئۇلارنى شەنبە كۈنلىرىنىڭ تول خوتۇنلىرى بولۇپ قالدى دەپ ئاغرىنىدۇ.

ئەرلەر دائىم يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغان توپ مۇسابىقىلىرى ۋە تەنتەربىيە نومۇرلىرىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتىدۇ، خۇددى باللار ھېيت - بايراملارنىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈتكەندەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر ئولتۇرسا 5 ـ 6 سائەت مىدىرلىماي ئولتۇرۇپ كۆرىدۇ.

ئەرلەر ھەممە ئىشتا بىپەرۋالىق قىلىدۇ، بولۇپمۇ ئاياللارنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرىدىغىنى - بۇ خىل ئەرلەر مۇھەببەتلەشكەن كۈن، توي خاتىرە كۈنى، تۇغۇلغان كۈن، شۇنىڭدەك ئائىلە ئەزالىرىنىڭ جەم بولۇش - يىغىلىش كۈنلىرىنىڭ ۋاقتى ۋە ئورۇنلىرى قاتارلىقلارنى مەڭگۈ يادىدا ساقلىيالمايدۇ. ئەمما، ئۆزلىرى قىزىقىدىغان تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى ۋە توپ مۇسابىقىلىرىنىڭ كۆرسىتىلىدىغان ۋاقتى ۋە تۈرلىرىنى بولسا ئېسىدە مەھكەم ساقلايدۇ.

بىز نۇرغۇن ئەرلەرنىڭ تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىگە قىزىقىدىغانلىقى ھەمدە تەنتەربىيە مەستانىسىغا ئايلىنىپ كەتكەنلىكى ھەققىدە بىر مۇنچە سۆزلىدۇق. بىراق بۇ ئەرلەرنىڭ زادى نېمە ئۈچۈن تەنتەربىيىگە شۇنچىلىك ھەۋەس قىلىدىغانلىقى ھەققىدە بىر نەرسە دېمىدۇق، نېمە ئۈچۈن؟

ئوچۇق گەپنى دېگەندە، بۇنىڭدىكى سەۋەب ئەرلەر دۇنياسىنىڭ ئەسلىدىنلا بىر رىقابەتلىك دۇنيا بولغانلىقىدا. رىقابەت بولمىسا، ئۇلارنىڭ ھاياتىمۇ مەنىسىز ھايات بولۇپ قالىدۇ.

ھەرىكەت، بىر خىل مۇسابىقە، بىر خىل رىقابەتتۇر.

ئەرلەر كىشىلىك ھاياتنىڭ مۇسابىقە مەيدانلىرىدا غەلىبە قىلىمەن دەيدىكەن، ئۇ ھالدا، ئۇلارنىڭ ئەرلىك جاسارىتى ئەلۋەتتە جىسمانىي ئىقتىدارغا باغلىق بولغان ھەرىكەتلەر بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.

تەنتەربىيىگە ماھىر ئەرلەر، ئەرلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئاياللارنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە تېخىمۇ مۇيەسسەر بولالايدۇ. ئەرلەر ھەر ۋاقىت، ھەر مىنۇت ئېلىشىدۇ، ئەلۋەتتە بۇنداق ئېلىششلار تەنتەربىيە مەيدانلىرىدا، شۇنىڭدەك ھەرخىل سورۇنلاردا ئېلىپ بېرىلىدۇ.

ناۋادا بىر توپ ئەرلەر دەم ئېلىش كۈنى ۋاسكېتبول ئويناشقا بارغان

بولسا، ئۆلارنىڭ ئىچىدىكى بىرىنىڭ ماھارىتى ئالاھىدە گەۋدىلىك بولۇپ، توپنى ناھايىتى ياخشى ئوينىغان بولسا، ئۇ ھالدا، بۇ ئەرنىڭ باشقا ئەرلەر ئارىسىدىكى ئابرۇيى ۋە ئورنى بىراقلا كۆتۈرۈلىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئەرلەرگە نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، تەنتەربىيە دوستلار ئارا بىر خىل مۇھىم ئالاقىلىشىش ۋاستىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بەزىلەر پەقەت تەنتەربىيىگە قىزىققانلىقى ئۈچۈنلا، بۇ ھەقتىكى پارىڭى بىر يەردىن چىققانلىقى ئۈچۈنلا ئۆز ئارا ئامراق بولۇپ قالىدۇ ھەم بارا ـ بارا يېقىن ئاغىنىلەردىن بولۇپ قالىدۇ.

گولف توپنى ئېلىپ ئېيتساق، گولف توپ مەيدانى ئىجتىمائىي ئالاقىلەردىن تېخىمۇ ئايرىلالمايدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ «يۇقىرى تەبىقە» كىشىلىرىنىڭ بىر مۇنچە چوڭ پىلانلىرىنىڭ ھەممىسى دەل گولف توپ مەيدانىدا پۈتتۈرۈلگەنىكەن.

ئەرلەرنىڭ دۇنياسى رىقابەت دۇنياسى بولغانلىقى ئۈچۈن، جىسمانىي كۈچى ۋە ئەقلىي كۈچى ئوخشاش بولغان ئىككى ئەركىشى ئارىسىدا، رىقابەتلىشىشتىن ئىبارەت تەبىئىي تۇيغۇ ئۆزلۈكىدىن قوزغىلىدۇ. بىراق، قىزىقارلىق يېرى شۇكى، ئەرلەرنىڭ دوستلۇقى ئەزەلدىنلا يوشۇرۇن رىقابەت ئۈستىگە قۇرۇلغان بولىدۇ. بىراق، ئەقىللىقلىقنىڭ قەدىرىگە يېتىدۇ دېگەندەك، ئەرلەرگە نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ بىر خىل كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان گۈزەل مېھرى ـ مۇھەببەتتۇر.

ئۇنىڭدىن باشقا، تەنھەرىكەت بىلەن شۇغۇللىنىش، ئاز ئورۇقلىنىپ، ئاز ئەمگەك قىلىدىغان ھازىرقى زامان كىشىلىرىگە نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، كەم بولسا بولمايدۇ. ئەرلەرگە نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، بولۇپمۇ ئۇزۇن مۇددەت خىزمەت بېسىمى ۋە ھېسسىيات جەھەتتىكى بورۇقتۇرمىلىق ئاستىدا تۇرغان ئەرلەرگە نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، تەنتەربىيە ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش، شەكسىزكى، بېسىمنى يەڭگىللىتىش ۋە ھېسسىياتنى چىقىرىشنىڭ شىپالىق دورىسىدۇر. تەنھەرىكەت تەبىئىيكى، ئۆلارنىڭ

ئەلۋەتتە، ئۆزىنى تەنتەربىيىگە ئاتاش ئەڭ ئاسان ھەم بىۋاسىتە ئۇسۇلدۇر. بىراق، بىر مۇنچىلىغان ئەرلەر، تەنتەربىيىگە بىۋاسىتە قاتناشمىغانلىقى ياكى بۇ جەھەتتە ئارتۇقچىلىقى بولمىغانلىقى تەنتەربىيە مەيدانلىرىدا بەستلىشىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالمايدۇ. شۇنداق بولسىمۇ ئۇلار يەنىلا مەيداننىڭ سىرتىدا تۇرۇپ ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان توپ كوماندىرلىرىغا داقداقچىلىق قىلىش ئارقىلىق، ئاشۇ رىقابەتتىن ھۇزۇر ھېس قىلىدۇ.

بۇ باشقىچە بىر خىل رىقابەتكە قاتنىشىش ئۇسۇلىدۇر.

ئەرلەر تەنتەربىيىنى سۆيىدۇ، تەنتەربىيە مەستانىسى بولۇشنىڭ ئەھمىيىتى، ئەلۋەتتە يالغۇز ئەرلىك جاسارىتىنىڭ جارى قىلدۇرۇلۇشى بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ.

تەنتەربىيىنىڭ مەزمۇنى كۈچ بىلەن گۈزەللىكنىڭ ئىپادىلىنىشىدا، ئەقلىي كۈچ بىلەن جىسمانىي كۈچنىڭ ئۆزئارا ماسلىشىشىدا گەۋدىلىنىدۇ.

بىراق، بىز ھەممە ئادەم چوقۇنىدىغان نۇرلۇق تەنتەربىيە چولپانلىرىغا قارايدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ ئەقلىي كۈچىنىڭ كۆپ ھاللاردا ئاشۇ يوغان گەۋدىسىنىڭ ئەكسى ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ بالىلارغا ئوخشايدىغانلىقىنى بايقايمىز.

ئۇنىڭ ئۇستىگە شەرەپنىڭ ئارقىسىدا، ھەقىقىي تۇرمۇشتا، ھەر كۈنى دۇچ كېلىدىغان رىقابەتلەر ئالدىدا، ئۇلار كۈن بويى قاتتىق ساراسىم ئىچىدە ياشايدۇ. يەنە كېلىپ ئادەمنىڭ تەنتەربىيىدە ئۆز تالانتىنى نامايان قىلىدىغان مەزگىلى قىسقا بولغاچقا، بۇ تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ ھاياتىغا نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇلارنى بەك بەختلىك دەپ كېتىشكىمۇ بولمايدۇ.

دېمەك، بىز خىلمۇخىل ئويلىنىشلار ئىچىدە، ئەرلەر بىلەن تەنتەربىيە ئوتتۇرىسىدا ھەقىقەتەنمۇ بەزى ئىختىلاپ ئەندىزىلىرىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى يۈزەكى بايقىدۇق.

# 49. بەزى ئەرلەر نېمىشقا جىنسىي پاراكەندىچىلىك سېلىشقا ئۇرۇنىدۇ

***ئاياللار جىنسىي پاراكەندىچىلىككە ئۇچرىغاندا، ھەم بولدى قىلىۋەتمەسلىكى، ھەم يەڭگىللىك قىلىپ ئىشنى بۇزۇپ قويماسلىقى لازىم. سىز بۇ ئەرلەرنىڭ شۇقەدەر تۇراقسىز ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەن ھامان، ھېلىقى تېتىقسىز پاراڭلارنى قىلغان ئېغىزلارنى ئوڭايلا تۇۋاقلىيالايسىز. بۇ «گۆسمۆستەك ئەرلەر» گاھىدا خۇددى تەكىينىڭ ئىچىدىكى سامانغىلا ئوخشايدۇ.***

بىر نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا، تېخى بىرەر ئادەم جىنسىي پاراكەندىچىلىك مەسىلىسى ھەققىدە ئوچۇق - ئاشكارا مۇھاكىمە ئېلىپ بارمىغانىدى. بىراق، ھازىر بۇ مەسىلە رەسمىي يوسۇندا ئاياللار ئالدىدا جىنايەت سادىر قىلىش دەپ قارالماقتا. ئامېرىكىنىڭ «ئاخبارات ھەپتىلىك ژۇرنىلى» دا: « تېگى - تەكتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ ئەرلەرنىڭ مەسىلىسىدۇر. بۇنداق ھوقۇقنىڭ ئىشلىتىلىشى، باسقۇنچىلىقتىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ، ئەمما ئاياللار بولسا خىزمىتىدىن ئايرىلىپ قېلىش، بەزىدە سالامەتلىكىدىن ئايرىلىپ قېلىشتەك زور بەدەللەرنى تۆلەيدۇ. ئەنئەنىۋى جەھەتتىن قارىغاندا، بۇ ئاياللارنىڭ مائاشىنى تۇتۇپ قالغانغا ئوخشاشلا بىر ئىش. » دەپ خەۋەر

قىممىتى» دەپ يازغان.

خۇددى ئاياللارغا مەلۇم بولغاندەك، بەزى خوجايىنلار بۇ ئىشقا بىرلىكتە قالماي، ئاياللارنىڭ بەزى ئەر خىزمەتداشلىرىمۇ بۇ ئىشقا كەلگەندە ئىنتايىن تېتىقسىزدۇر. ئەمما، ئۇلارنىڭ بىردىنبىر پەرقى شۇكى، ئەگەر ئۇلار ئەر خىزمەتداشلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا قارشىلىق كۆرسەتسە، ئۇلار خوجايىنلارغا ئوخشاش بۇ ئاياللارنى ئىشتىن بوشىتىۋېتەلەيدۇ، ئەمما ئۇلار بۇ ئاياللارنىڭ تۇرمۇشىنى ۋە كۆڭلىنى پاراكەندە قىلىۋېتىدۇ. ئامېرىكىلىق پسىخولوگ جويىس، بۇراس خانىم ئۆزىنىڭ «ئەرلەر» دېگەن ئەسىرىدە: «مەيلى ئۇنىڭ خوجايىنى بولسۇن، ياكى قاچىلاش لىنىيىسىدىكى ئىشداشلىرى بولسۇن ۋە ياكى بېقىنىدىكى ئۇستەلدە ئولتۇرغان خىزمەتدىشى بولسۇن، ئۇنىڭ ماقۇل بولۇش ياكى رەت قىلىشىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئۇچۇن پايدىسىزدۇر. تولۇق سانلىق مەلۇماتقا ئېرىشىش ئوڭاي ئەمەس، ئەمما بىزنىڭ ئىگىلىشىمىزچە، ھېچبولمىغاندا ئۈچتىن توت قىسىم ئايال خىزمەتچىلەر، ھەر خىل دەرىجىدە جىنسىي پاراكەندىچىلىككە ئۇچرىغان » دەيدۇ.

جىنسىي جەھەتتە پاراكەندىچىلىك سېلىشىنىڭ ھەر خىل ئۇسۇللىرى بار. چېقىلىش. بېشارەت خاراكتېرىدىكى ئىككى جىنس ھەققىدە ئېلىپ بېرىلغان مۇھاكىمىلەر. بولمىغۇر، سەت چاقچاقلارنى قىلىش. ئەدەپسىز سۆزلەرنى ئىشلىتىش. ئاياللارنىڭ بەدىنىگە قەستەن ئۇرۇلۇش. ئاياللارنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا ئۇلارنىڭ ئۇيەر ــ بۇيەرلىرىنى سىلاش. ئەگەر ئۇلار جىنسىي مۇناسىۋەت ئېلىپ بېرىشقا ئۇنىمىسا، ئىشتىن بوشىتىۋېتىمەن دەپ ھەيۋە قىلىش. باسقۇنچىلىق قىلىش.

ئەمما بۇ خىل ئەرلەر ئۇنداق قارىمايدۇ. ئۇلار چېقىلىش، سىلاش، بولمىغۇر چاقچاقلار ۋە ئەدەپسىز سۆزلەرگە ئېتىراز بىلدۇرگەن ئاياللارنى مازاق قىلىدۇ. ئۇلار بۇلار ئاغرىنىپ كەتكۇدەك ھېچقانچە ئىش ئەمەس، دەپ چىڭ تۇرۇۋالىدۇ. «بۇ ناھايىتى بىر چاقچاق، ئاياللار مۇشۇنداق چاقچاقلارنى ياقتۇرىدۇ، بۇ ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ شورى» دەيدۇ ئۇلار. كۆپ قىسىم ئەرلەرگە نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئاتالمىش جىنسىي پاراكەندىچىلىك.

خوجايىن: «ئەگەر سىز مەن بىلەن بىللە كارۋاتقا چىقمىسىڭىز، سىزنى ئىشتىن بوشىتىۋېتىمەن» دېگەندىلا ھېساب بولىدۇ. ئۇلار مۇشۇنداق ئۇسۇل ئارقىلىق ئاياللارنىڭ پايدىسىنى كۆرۈشكە قوشۇلۇشى توغرا ئەمەس. باشقا ئىشلارچۇ؟ نۇرغۇن ئەرلەرنىڭ ھەممىسى يۈز بەرگەن باشقا ھەر قانداق ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئاياللارنىڭ سەۋەنلىكىدىن بولغان دەپ قارايدۇ.

جىنسىي جەھەتتە پاراكەندىچىلىك سېلىش يالغۇز ئىشخانىلار بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. ئۇ ئالىي مەكتەپلەردىمۇ يۈز بېرىدۇ. ئايرىم پروفېسسورلار يۇقىرى نومۇر ئارقىلىق قىز ئوقۇغۇچىلارنى ئىنىدەككە كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنىدۇ. ياكى تۆۋەن نومۇرلار ئارقىلىق ئۇلارغا تەھدىت ئىشلىتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا تەنتەربىيە ساھەسى، كىنو - تېلېۋىزىيە ساھەسى، مەدەنىيەت ساھەسى ھەتتا ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدىمۇ بۇنداق ئەھۋاللار دائىم يۈز بېرىپ تۇرىدۇ.

نۇرغۇن داڭلىق شىركەتلەر: ئەگەر ھەر قانداق ئەر خىزمەتچىنىڭ جىنسىي جەھەتتە پاراكەندىچىلىك سېلىش قىلمىشى بايقىلىپ قالسا، ئۇنى ئىشتىن بوشىتىۋېتىدىغانلىقى ھەققىدە ئېنىق بەلگىلىمە چىقارغان. بۇ ھال ئادەمنى تولىمۇ خۇشال قىلىسىمۇ، بىراق بۇ تەدبىر بۇ خىل «قىلىق» نىڭ خىزمەت ئورنىدىن ئۆزۈل - كېسىل يوقىلىپ كېتىدىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ.

ئاياللار ئۆزلىرى بىر ئامال قىلىپ بۇنداق ئەھۋاللارغا تاقابىل تۇرۇشى لازىم. ئاياللارنىڭ بىلىشكە تېگىشلىك بىرىنچى ئىشى، ئەرلەرنىڭ نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلىدىغانلىقىنى بىلىۋېلىش. ئىككى جىنسنىڭ مۇناسىۋىتى نىشان ئەمەس، ئەلۋەتتە. ھەقىقىي نىشان ھوقۇق ۋە ھۆكۈمرانلىقتۇر. جىنسىي پاراكەندىچىلىكنىڭ مەقسىتى، ئاياللارنى ئۆز ئورنىغا شۈكرى قىلدۇرۇش، ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ ئەرزىمەس ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرۇش. بۇ ئەلۋەتتە ئازاب سالغۇچىنى ئەۋزەل ئورۇندا تۇرغاندەك ھېس قىلدۇرىدۇ.

كىشىلەر ئەرلەر، بولۇپمۇ باشقۇرۇش قاتلىمىدىكى ئەرلەر بۇ جەھەتتە تولۇق ئەۋزەل شارائىتقا ئىگە دەپ ئويلىشى مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە بولسا،

ئۆزىنى قاتتىق تۇتۇۋالغان. ئۇلار ئۆزلىرىنى خوجايىن ئەمەس، بەلكى خىزمەتداشلار قاتارىدا كۆرىدۇ، ئاياللارغا باراۋەر مۇئامىلە قىلىدۇ. ئۇلارنى قانداق مەدھىيىلىسىمۇ ئارتۇق كەتمەيدۇ. ئاياللارنىڭ ئۇلار بىلەن قانداق ئەپ ئۆتۈشنى بىلىشىنىڭ هاجىتى يوق، ئۇلارغا مەسىلە توغدۇرۇۋاتقىنى باشقا كىشىلەردۇر.

ھېلىقىندەك قىزلارغا قاش ئېتىشنى، ئۇلارنىڭ ئۆيەر ـ بۇيەرلىرىنى سىجىقلاشنى، ئۇلارغا سۈركىلىشنى ھەمدە ئۇلارغا تەھدىت ئىشلىتىشنى ياخشى كۆرىدىغان ئەرلەر، ئۆز ئىززەت ھۆرمىتىنى ساقلاش تۇيغۇسى ناھايىتى ئاجىز ئەرلەردۇر، ئۇلار ئۇزلۇكسىز ئۆزىنىڭ قەيسەر ۋە ئەۋزەللىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇشى كېرەك.

بىز ئەرلەرنىڭ توغما تۇراقسىزلىقنى بىلىمىز. «ھاۋانىڭ قائىدىلىرى» ئېسىڭىزدىمۇ؟ ھەر بىر تۆرەلمىنىڭ ھەممىسى قىز بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، دەل ۋاقتىدا بەزى باغلىنىشلىق ئۆزگىرىش يۈز بەرگەننى ھېسابقا ئالمىغاندا، «ئەرلەرنىڭ تۇراقسىزلىقى بالا ياتقۇدىكى ۋاقىتتىن باشلانغان. تۆرەلمە كۈرەش قىلىش ئارقىلىق ئاندىن ئەركەككە ئايلىنىدۇ.» لۇئىس ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ روھىي كېسەللىكلەر مۇتەخەسسىسى ۋالتېر. تىن. ئوگېر شۇنداق دەيدۇ:

«مەن بىر كىتابنىڭ ئاپتورىنىڭ ئەر ياكى ئايال ئىكەنلىكىگە يۈزدە ـ يۈز ھۆكۈم قىلالايمەن» دەيدۇ. «قالتىس تەدبىر» ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى چارلىز. شىمىس: «ئەرلەر يازغان كىتابلاردىن بىر خىل كۈرەشچانلىق روھ، ۋەھىمىلىك ۋە ھەممىنى بىر قېتىمدىلا دو تىكىشتەك ئىدىيە چىقىپ تۇرىدۇ. بىراق، ئاياللار يازغان كىتابلاردا بۇ نەرسىلەر يوق. ئاياللار يازغان كىتابلار سىزگە ھۇزۇر ئاتا قىلىدۇ. ئۇنىڭدىكى ئاياللار تۇراقلىق، سالماق كېلىدۇ. ئەرلەر بىر بولسا، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ، يا بولمىسا مەغلۇپ بولىدۇ.

ئەمما، شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ، كىچىكىدىنلا ئۆزىنىڭ قىزلاردىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغان ئوغۇللار، چوڭ بولغاندىن كېيىن، نېمە ئۈچۈن خاتىرجەمسىزلىك ھېس قىلىدۇ؟ ئەرلەر ئەزەلدىن ئۆزلىرىنى باتۇر

چەۋەنداز دەپ ھېسابلايدۇ ھەمدە ئاق ئاتلارنى مىنىپ خەتەرگە يولۇققان گۈزەل قىزلارنى قۇتۇلدۇرسام دەپ ئويلايدۇ. ۋەھالەنكى، قىزلارمۇ ئاق ئاتلىق شاھزادىلەرگە تەلپۈنىدۇ، ئۇلار ئاشۇ قەيسەر چەۋەندازلارنىڭ ئۆزلىرىنى ئاتلىرىغا مىندۈرۈپ، يىراق ـ يىراقلارغا ئېلىپ كېتىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. تەبىئىيكى ئۇلار شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشىدۇ. مانا مۇشۇنداق گۈزەل چۆچەكلەر ئەۋلادمۇئەۋلاد ئەرلەرنىڭ ئاشۇ نازۇك غۇرۇرىنى تىرەپ تۇرماقتا. ئۇلار ئاياللارنىڭ ئۆزلىرىگە تايىنىدىغانلىقىنى بىلىدۇ.

بىراق، دەۋر ئۆزگىرىشكە باشلىدى. ئاياللارنىڭ ھوقۇقى ئېغىزدىلا ئەمەس، بەلكى قانۇن ئارقىلىق كاپالەتكە ئىگە قىلىنىدى. بۇلارنىڭ كەلگۈسىگە بولغان ئەمەلىي تەسىرىنى ھېچبولمىغاندا بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر نەچچە ئەۋلادلارنىڭ ھېس قىلىپ كېتەلىشى ناھايىتى قىيىن، ئەمما ئۇنىڭ بىۋاسىتە تەسىرى بولسا، بەزى ئەرلەرگە تەھدىت پەيدا قىلدى ۋە خاتىرجەمسىزلىك ئېلىپ كەلدى.

بەزى ئەرلەرنىڭ كاللىسىدا ئېلىپ بېرىلغان خۇلاسە، بۇنچىلا كونكرېت، بۇنچىلا مەنتىقىلىق ئەمەس، بەزى ئەرلەر ئۆزلىرىنىڭ بارلىق سەمىمىيىتى ۋە ئاچچىقى بىلەن بۇ خىل تۇيغۇنى ئىنكار قىلىدۇ. ئۇلار دۇرۇس، ئەقىللىق ئەلەردۇر، ئۇلار دۇرۇس ۋە ئەقىللىق بولغاچقا، تۆز كۆڭۈللۈك بىلەن بېرىلگەن سوئاللار ئالدىدا، «ئازراق، بەزى چاغلاردا» دەپ ئۆزلىرىدە شۇ خىل تۇيغۇنىڭ ھەقىقەتەن بارلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ، ئەمەلىيەتتە بولسا، بۇنداق تۇيغۇ ئۇلاردا داۋاملىق مەۋجۇت. ئۇلار ھەيرانلىق ئىلكىدە ئۆزلىرىدە مۇشۇنداق تۇيغۇنىڭ بارلىقىنى بايقايدۇ. بۇنداق تۇيغۇغا مۇشۇ خىل ئۇسۇل بىلەن مۇئامىلە قىلغان ئەرلەر، ئېھتىمال مەڭگۈ ئاياللارنــــى پاراكەندە قىلماسلىقى مۇمكىن.

بىز نېمىنىڭ جىنسىي پاراكەندىچىلىك ئىكەنلىكىنى، بەزى ئەرلەرنىڭ نېمىشقا مۇشۇنداق قىلىدىغانلىقىنى بىلدۇق. بىراق، ئاياللار بۇنىڭغا قانداق تاقابىل تۇرۇشى كېرەك؟ بۇ ئۇڭاي جاۋاب بەرگىلى بولمايدىغان، ناھايىتى

بۇ ئەرلەر بەزى لايىقىدا بولغان جىنسىي پاراكەندىچىلىكلەردە، مەسىلەن: بېشارەت خاراكتېرلىك چاقچاقلار، قاش ئېتىش، ئايالларنىڭ قوللىرى ۋە ساغرىسىنى سىلاپ قويۇش قاتارلىقلاردا ھەر ھالدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايدۇ. چۈنكى، ئاياللار مۇشۇنىڭلىق بىلەن خاپا بولۇپ قېلىشنى ياكى ئۆزىگە ئاۋارىچىلىك تېپىۋېلىشنى خالىمايدۇ.

ئۇنداقتا، بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، سىز قانداق تەدبىر قوللىنىشىڭىز كېرەك؟ ئەڭ ئاددىي ئۇسۇل مەسىلىنى بىخ ھالىتىدە يوقىتىش. بۇنداق ئەھۋال تۇنجى قېتىم يۈز بەرگەندە، مۇنداق دەڭ: «مەن بۇنداق پاراڭلارنى ياخشى كۆرمەيمەن. قولىڭىزنى تارتىڭ. مەن بۇنداق تېتىقسىز گەپلەرنى ياقتۇرمايمەن. ئاغزىڭىزنى يىغىڭ. ئەدەپلىك بولۇڭ.» مۇشۇنداق دېسىڭىز گېپىڭىز ئۈنۈم بېرىدۇ ھەم ئۆزىڭىزگە چاتاق تېرىۋالمايسىز.

ئايالларنىڭ مۇشكۈل ئەھۋالدا قېلىشى، دەسلەپتە خىجىل بولۇش ياكى قورقۇپ ھېچنېمە دېمەسلىكتىن باشلىنىپ، ئاخىرىدا يىغىشتۇرغىلى بولمايدىغان ئەھۋالغا بېرىپ يېتىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنچۇ، ئۇلار كۆپ ھاللاردا ئۆزىنى باسالماي كۈچلۈك ئىنكاس قايتۇرۇپ سالىدۇ.

ئاياللار جىنسىي پاراكەندىچىلىككە ئۇچرىغاندا، ھەم بولدى قىلىۋەتمەسلىكى، ھەم يەڭگىللىك قىلىپ ئىشنى بۇزۇپ قويماسلىقى لازىم. سىز بۇ ئەرلەرنىڭ شۇقەدەر تۇراقسىز ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەن ھامان، ھېلىقى تېتىقسىز پاراڭلارنى قىلغان ئېغىزلارنى ئوڭايلا تۇۋاقلىيالايسىز. بۇ «گۆسمۇستەك ئەرلەر» گاھىدا خۇددى تەكىيىنىڭ ئىچىدىكى سامانغىلا ئوخشايدۇ. كۆپ ھاللاردا «بۇ قىلىقىڭىز ماڭا يارىمىدى» دەپ ئېنىق پوزىتسىيە بىلدۈرسىڭىزلا، ئۇلار شۇئان شۈك بولۇپ قالىدۇ.

# 50. ئەرلەر ئانانىزم قىلىپ بىئاراملىقىنى يوقىتىدۇ

*بۇ ئۇلارنىڭ ياش بولغانلىقى ياكى جىنسىي ھەۋىسىنى باسالمىغانلىقىدىن بولغان ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلار ئۆز خىزمىتىدىن ئەنسىرىگەن ياكى قاتتىق چارچاپ كەتكەنلىكتىن كۆزى ئۇيقۇغا بارمىغان ۋە ياكى كۆڭلى بىئارام بولۇپ، ئىچى تىتىلداپ كەتكەن چاغلاردا، ئانانىزم قىلىدىكەن. ئۇلار دەل شۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنى جىددىيچىلىكتىن خالاس قىلىدىكەن. بۇ ئىسپىرت، مەست قىلىش بۇيۇملىرىغا قارىغاندا، ئەرزان توختايدىغان ئۇسۇلدۇر. بىراق، زىيادە بولۇپ كەتسە ئادەمنى كېسەل قىلىپ قويىدۇ.*

ئۆتكەنكى ناھايىتى ئۇزۇن بىر مەزگىل ئىچىدە، ئوغۇللارغا قارىتا ئېلىپ بېرىلغان تەربىيىلەردە، ئانانىزم قىلىش (قولدا لەززەتلىنىش) ياخشى ئادەت ئەمەس، ئەگەر ئوغۇل بالىلار ئانانىزم قىلىپ ئۆگىنىپ قالسا، مىجەزى ئۆزگىرىپ، قىلىقلىرى غەلىتە بولۇپلا قالماي، زەكىرى قاتتىق تۇرمايدىغان (ھالقىلىق پەيتلەردە)، ھەتتا جىنسىي ئىقتىدارى ئاجىزلاپ كېتىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ دەپ تەكىتلىنەتتى. بىراق، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان،

بەزى ئوغۇللار ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ ئانانىزم قىلىشقا قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقىنى بىلسىمۇ، يەنە شۇ ئادىتىنى تاشلىمايدۇ.

ئەمەلىيەتتە، خېلى كۆپ سانلىق ئوغۇللار ئانانىزم قىلىشقا ئادەتلەنگەن، بۇ تەبىئىي خۇلۇق، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇلار بۇ قىلىقىنى ئۆمۈرۋايەت تاشلىيالمايدۇ. ھەتتا نىكاھلىق تۇرمۇشى ناھايىتى كۆڭۈللۈك، جىنسىي تۇرمۇشىدىن ناھايىتى رازى بولغان بەزى ئەرلەرمۇ مۇشۇ ئىشقا بېرىلىدۇ. كۆپ سانلىق ئەرلەر ۋە ئوغۇل باللار، ئۇنى بەتقىلىق دەپ ھېسابلىمايدۇ، بەلكى ھەددىدىن كۆپ بولۇپ كەتتى دەپ ئەنسىرەيدۇ، خالاس.

ھەتتا تېببىي ئىلىمدىن خەۋەردار ئەرلەرمۇ قاتتىق ئەنسىرەيدۇ. چەت ئەلدىكى مەلۇم بىر تېببىي ئىنىستىتۇتنىڭ يۇقىرى يىللىق ئوقۇغۇچىلىرى ئارىسىدا ئېلىپ بېرىلغان بىر قېتىملىق تەكشۈرۈشتە، 40 ئوقۇغۇچى ئىچىدە ھەممىسىنىڭ ئانانىزم قىلىپ ئۆگىنىپ قالغانلىقى بايقالغان. ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى بۇنىڭدىن خىجالەت بولغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە 20سى جىسمانىي ياكى روھىي جەھەتتە ئۆزىدە مەسىلە بارلىقىدىن ئەنسىرىگەن بولسا، بەشى ھەتتا ئانانىزم قىلىش روھىي جەھەتتىكى قالايمىقانچىلىق ياكى بەچچىۋازلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ دەپ قارىغان.

بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ياشلارنىڭ ئانانىزم قىلىشىنى نورمال ئەھۋال دەيدۇ-يۇ، يەنە ئۆزىدىن قاتتىق ئەنسىرەيدۇ. 25 ياشلىق بىر ئوغۇل ئوقۇغۇچى مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئۇقمىدىم، مېنىڭچە ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، چاتاق چىقماي قالمايدۇ.»

قىزىق يېرى شۇكى، ئۇلارغا نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ ئۇلارنىڭ يالغۇز ياش بولمىغانلىقى ياكى جىنسىي ھەۋەسنى باسالمىغانلىقىدىن بولغان ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلار ئۆز خىزمىتىدىن ئەنسىرىگەن ياكى قاتتىق چارچاپ كەتكەنلىكتىن كۆزى ئۇيقۇغا بارمىغان ۋە ياكى كۆڭلى بىئارام بولۇپ، ئىچى تىت ـ تىت بولۇپ كەتكەن چاغلىرىدا ئانانىزم قىلىدىكەن. ئۇلار دەل شۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنى جىددىيچىلىكتىن خالاس قىلغاچقا، ئۇلار بۇ ئىشتىن ئۆكۈنمەيدىكەن، ئۇلار ئىچ پۇشۇقىنى

هاراق ـ تاماكىلار ياكى ئەيش ـ ئىشرەت سورۇنلىرىدا چىقارساق، بىرىنچىدىن ئىقتىسادىي جەھەتتىن، ئىككىنچىدىن جىسمانىي جەھەتتىن زىيان تارتىمىز، ئۇنىڭدىن كۆرە ھەر جەھەتتىن پايدىلىق بولغان بۇ ئۇسۇلنى مۇۋاپىق كۆردۇق، دېگەن.

بەزى ئاياللارمۇ ئانانىزم قىلىدۇ، ئەمما ئەرلەردەك ئۇنداق كۆپ قىلمايدۇ. قىزىق يېرى شۇكى، كۆپ سانلىق ئاياللار ئانانىزم قىلىش ئارقىلىق ئېرىشكەن ھوزۇر يۇقىرى پەللە جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن چاغدىكى ھوزۇردىنمۇ كۈچلۈك بولىدۇ، ئەمما ئەرلەرگە نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، ھەر ئىككىسى ئوخشاش. ئەمما، ئەرلەرنىڭ ئانانىزم قىلىش قېتىم سانى ئاياللارغا قارىغاندا كۆپرەك بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ھەۋىسىمۇ ئاياللاردىن چوڭراق بولىدۇ. مەسىلەن: كۆپ سانلىق ئەرلەرگە نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئاياللارنىڭ ئانانىزم قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈش ھەقىقىي غىدىقلىنىش ۋە ھوزۇر، ئەمما ئەرلەرنىڭ ئانانىزم قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈش، ئادەتتىكى ئاياللارغا نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، ھەۋەسلەنگۈدەك ياكى تاماشا قىلغۇدەك ئىش ئەمەس. چۈنكى، ئۇلار بۇنداق قىلىق ئەركەكلەرگە يات دەپ قارايدۇ.

كۆپ سانلىق ئاياللار ئېرىنىڭ ئانانىزم قىلىدىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، ھاڭ ـ تاڭ قالىدۇ. ئۇلار بۇ ئەرلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تېنىدىن جىنسىي ھوزۇر ئالالمىغانلىقى ۋە قانائەت ھاسىل قىلالمىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئەھۋالنىڭ ئۇنداق بولۇشى ناتايىن.

— ئېرىم نېمىشقا ئانانىزم قىلىدىغاندۇ؟ — بىر ئايال ئۆزىنىڭ پسىخىك دوختۇرىدىن سورايدۇ؟ ، — نېمىشقا؟ — دەيدۇ ئۇ، — مەن ئەزەلدىن ئۇنىڭ رايىغا باقىدىغان تۇرسام، مەن تا بۇگۈنگىچە بىزنىڭ جىنسىي تۇرمۇشىمىزنى ناھايىتى ئىناق دەپ ئويلاپ كەلگەنىدىم. مەن ئۇنىڭدىن رازى ئىدىم، ئۇمۇ ئەزەلدىن مەندىن نارازى بولۇپ باققان ئەمەس.

بىر كۈنى ئاخشىمى، ئۇ سىرتقا چىقىپ قىز دوستى بىلەن قارتا ئويناپ

چۈشۈرۈلگەن ژۇرنالنى كۆرگەچ، بىر تەرەپتىن ئانانىزم قىلغىلى تۇرۇپتۇ. ئېنىقكى، ئېرى ئۇنىڭ كىرگەنلىكىنى تۇيمىغانىكەن، ئۇ: «كەچۈرۈڭ» دەپتۇ ـ دە، يىغلىغان پېتى چىقىپ كېتىپتۇ. ئېرى بىر نەچچە مىنۇتتىن كېيىن، ئۇنىڭ قېشىغا كەپتۇ ۋە ئۇنىڭ خاتىرجەمسىزلەنگەنلىكىدىن كەچۈرۈم سوراپتۇ ھەمدە ئۇ بۇنىڭ بىئارام بولغۇدەك ھېچ نەرى يوق. ھەممە ئەرلەر شۇنداق قىلىدۇ، مەنمۇ تولا قىلغان دەپتۇ.

— مەن ئەزەلدىن بىلمەپتىمەن! — دەپتۇ ئۇ بولۇشىغا ۋارقىراپ، — مەن ئۇخلاپ چۈشۈمدىمۇ سىزنىڭ بۇنداق قىلىدىغانلىقىڭىزنى ئويلاپ باقماپتىمەن.

— مېنىڭچە ئۇنىڭ قولىنىڭ غىدىقى يوق، — دەپتۇ پسىخولوگىيە دوختۇرى مۇلايىملىق بىلەن ئۇنىڭغا.

— ئىش سىز ئويلىغاندەك ئۇنداق چاتاق ئەمەس، بۇ ئۇنىڭغا نىسبەتەن نەپسىنى قاندۇرۇشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلىدۇر، بىر خىل ھۇزۇردۇر. بۇ ئۇنىڭ جىنسىي ھەۋىسى كۈچلۈك ئەر ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئەرلەر ئانانىزم قىلغان چاغدا، ھاۋايى ـ ھەۋەسكە بەكلا بېرىلىپ كېتىدۇ. بۇنىڭلىق بىلەن سىز ھېچنېمىدىن ئايرىلىپ قالمايسىز. ئۇ پەقەت سىز بولمىغان ئەھۋال ئاستىدىلا شۇنداق قىلغان.

ئانانىزم قىلىش ياخشى ئادەت ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئەمما ئۇ بەزىلەر ئويلىغاندەك ئۇنچىلا قورقۇنچلۇقمۇ ئەمەس. بىراق، بۇنداق قىلىقتا سەل قارىماسلىق لازىم. بولۇپمۇ، ھەددىدىن زىيادە بولۇپ كەتسە، ساغلاملىقتا زىيانلىق بولۇپلا قالماستىن، جىنسىي ئاجىزلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشىمۇ مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئادەتنى يوقىتىش ئۇنچىلا تەس ئىشمۇ ئەمەس.

# 51. ئەرلەر يوگەنسىز جىنسىي تۇرمۇشتىن بىزار

***ئەرلەر توختاۋسىز جىنسىي مۇھەببەتتىن بىزار بولىدۇ. بىر تۈرلۈك تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، 52% ئەرلەر نىكاھلىق تۇرمۇش ۋە جىنسىي مۇھەببەتتىن زېرىككەن، ئەمما 60% تىن يۇقىرى نىكاھلىق ئەرلەرنىڭ ھەممىسى ھېچبولمىغاندا، بىر قېتىم «رومانتىك كەچۈرمىش»نى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن.***

جىنسىي تۇرمۇش ئەرلەرگە نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، يالغۇزلا مەنى چىقىرىش مەسىلىسى ئەمەس، ئىدىيە ۋە ھېسسىياتنىڭ شۇ يوسۇندا ئالماشتۇرۇلۇشى ئۇنىڭ ئەڭ ئېسىل ھالىتىدۇر، ئەلۋەتتە ھەر قېتىمدا ئۇنداق بولىۋەرمەيدۇ. ئەمما، شۇنداق ئارزۇلۇق پەيتلەرمۇ بولىدۇ، جىنسىي تۇرمۇشنىڭ لەززىتى چەكسىزدۇر، مۇھەببەت بىلەن جىنسىي شادلىق بىر گەۋدىگە ئايلانغان چاغدا، كىشىگە چەكسىز ھۇزۇر ـ ھالاۋەت ئاتا قىلىدۇ ھەمدە قارشى تەرەپ سىزنى ئۆز تېنىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ قالغاندەك ھېس قىلىدۇ. بىر ئەر كىشى ئۆزى تونۇمايدىغان بىر ئايال بىلەن بىللە بولغان چاغدا، ئۆزى سۆيىدىغان ئايال بىلەن بىللە بولغان چاغدىكىدەك ئاشۇنداق كۈچلۈك، ناھايىتى قانائەتلىنەرلىك يۇقىرى پەللە ھاسىل قىلالىشى مۇمكىن، ئەمما ئۇ مەڭگۈ كىشىنىڭ يۈرەك باغرىنى لەززىگە سالىدىغان ھېلىقىندەك

يېقىندا، ئىنسانشۇناسلار ۋە باشقا ئالىملار جىنسىي تۇيغۇنىڭ ئەقلىي قابىلىيەتكە ئوخشاشلا، بىزنى ھايۋاناتلار دۇنياسىدىكى باشقا مەخلۇقلاردىن پەرقلەندۇرۇپ تۇرغانلىقىنى بايقاشقا باشلىدى. ئىنسانلار سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلار ئىچىدە، جىنسىي ھەۋەسنىڭ تەسىرىگە ئەڭ ئاسان ئۇچرايدىكەن.

كۆپ سانلىق ھايۋانلارنىڭ جىنسىي پائالىيىتىنىڭ ھەممىسى چىشى ھايۋانلارنىڭ كۈيلەش مەزگىلى بىلەن چەكلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ پۈتۈن ئۆمرىدىكى مۇشۇ باسقۇچلارنى قوشساق يەنىلا ئانچە كۆپ ئەمەس. ئەمما، ئەرلەر ۋە ئاياللار ھەر يىلى 52 ھەپتە جىنسىي ھۇرۇزدىن قانغۇچە بەھرىمەن بولالايدۇ.

مانا بۇ ئۇزۇندىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان تەبىئەت تىلىگەن ئانا ۋە بالىلارنى قوغداشنىڭ ئەڭ ئۇنۇملۈك ئۇسۇلىدۇر. ناۋادا، ئانا ۋە بالىلارنى قوغدايدىغان ھەم ئۇلارغا ئوزۇق يەتكۈزۈپ بېرىدىغان ئادەم بولمىغاندا، ئۇلار يىرتقۇچ ھايۋانلار ۋە بۇلاڭچىلارنىڭ قولىدا خارلانغان بولاتتى. ئانىلار سىرتقا ئوزۇقلۇق تاپقىلى چىققاندا ياكى يىرتقۇچلارغا يولۇققاندا نائىلاج بالىلىرىنى تاشلاپ قوياتتى، نەتىجىدە بالىلار ئاشۇ يىرتقۇچلارغا يەم بولاتتى. ئېنىقكى ئەرلەر مۇداپىئەلىنىش ۋە قوغدىنىشنىڭ مەنبەسى، خاتىرجەملىكنىڭ كاپالىتى. لېكىن، قانداق قىلغاندا ئۇلارنى قاچۇرۇپ قويماي، تۇتۇپ قالغىلى بولىدۇ؟

شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، چوڭ تەبىئەت جىنسىي مۇھەببەت، يەنى ھەر ۋاقىت جىنسىي مۇناسىۋەت ئېلىپ بېرىش ئۇسۇلى ئارقىلىق بۇ مەسىلىنى ھەل قىلغان. ئاياللار تەرىپىدىن ھەر كۈنى ئۇزلۇكسىز تەمىن ئېتىلگەن جىنسىي مۇھەببەت، ئالىملار تەرىپىدىن ئىككى جىنسنىڭ بىرىكىشى دەپ ئاتىلىدىغان، ئەمما بىز كۆپ سانلىق كىشىلەر مۇھەببەت دەپ ئاتايدىغان نەرسىنى بەرپا قىلغان. ئائىلە دەل مۇشۇ خىل ئىپتىدائىي مۇناسىۋەتتىن بارا - بارا ۋۇجۇدقا چىققان.

ئامېرىكىدىكى مەلۇم بىر ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ روھىي كېسەللىكلەر تەتقاتچىلىرى مايمۇنلار ئۇستىدىن بىر قېتىملىق قىزىقارلىق تەجرىبە ئېلىپ

بارغان. بۇ مايمۇنلارنىڭ جىنسىي تۇرمۇشىغا قاتتىق چەك قويۇلغان. چىشى مايمۇنلارنىڭ كۆيلەش مەزگىلىمۇ، يىلىغا توققۇز ياكى ئون ھەپتە بىلەنلا چەكلەنگەن. ئەركەك مايمۇنلار ئۆزلىرى ئېرىشكەن ئاشۇ جىنسىي جەھەتتىكى قانائەتلىنىشتىن باشقا، بۇ بىر يىلدىكى باشقا ۋاقىتلاردا خۇددى ئىبادەتخانىلاردا ئۆتكەندەك بىخارامان ياشاۋەرگەن.

ئەمما تۆت ئەركەك، تۆت چىشى مايمۇننى بىر يەرگە سولاپ ئېلىپ بارغان تەجرىبىنىڭ ئەھۋالى پۈتۈنلەي ئوخشىمىغان. تەتقىقاتچىلار چىشى مايمۇنغا ئۇلارنى يىل بويى ھېسسىياتلىنىپ تۇرىدىغان قىلىپ قويۇش ئوكۇلى ئۇرغان. ئەركەك مايمۇنلار بۇ ۋەزىيەتتىن تولۇق پايدىلانغان. شۇنىڭ بىلەن، تەجرىبىخانا مايمۇنلارنىڭ قانغۇچە ئەيش - ئىشرەت قىلىدىغان سورۇنى بولۇپ قالغان. بىراق، ئۇزۇن ئۆتمەي، ئەركەك مايمۇنلار زېرىكىشكە باشلىغان ۋە ئۆزىنى ئەپ قېچىپلا تۇرغان، ئەمما چىشى مايمۇنلار يەنىلا قىزغىن بولۇپ، ھەدېگەندىلا ئەركەك مايمۇنلارغا ئۆزىنى سۈركەپ تۇرغان.

بۇ چاغدا، تەتقىقاتچىلار ئەركەك مايمۇنلار ئۈستىدىن تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ جىنسىي ئىقتىدارىنىڭ روشەن ئاجىزلاپ كەتكەنلىكىنى، ئارمانى بار، دەرمانى يوق بولۇپ قالغانلىقىنى بايقىغان.

تەتقىقاتچىلار شۇنىڭدىن كېيىن، ھېلىقى تۆت چىشى مايمۇننى ئېلىپ كېتىپ، يەنە تۆت يېڭى چىشى مايمۇننى ئەكىرىپ قويغان. بۇ مايمۇنلارغىمۇ ئوكۇل سېلىنغان. بۇ چاغدا، ھېلىقى سولاش ئەركەك مايمۇنلار دەرھاللا روھلىنىپ كەتكەن. ھەمدە ئىلگىرىكىدەك ھارماي ئويناش قىلىدىغان ئەھۋال قايتا نامايان بولغان. بۇنداق ئەھۋال بىر ئاي داۋام قىلغان.

كېيىن تەتقىقاتچىلار بۇ تۆت چىشى مايمۇننى ئېلىپ چىقىپ كېتىپ، ئاۋۋالقى تۆت چىشى مايمۇننى يەنە ئەكىرىپ قويغان. بۇنىڭ بىلەن، ھېلىقى ئەركەك مايمۇنلار پۈتۈنلەي تۈگەشكەن. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇنقى چىشى دوستلىرىغا كۆزلىرىنىڭ قىرىنى سېلىپمۇ قويمىغان. ئۇلار ئۆزلىرىنى مەيلى قانچىلىك سۈركەپ كەتمىسۇن، ئەركەك مايمۇنلارغا قىلچە تەسىر قىلمىغان. ئەگەر چىشى مايمۇنلار ھۇجۇم قىلسا، ئۇلار ھەپسىلىسى ئۆچكەن ھالدا ئۆزىنى دالدىغا ئالغان ياكى يىراقلارغا قېچىپ كېتكەن.

يۇقىرىقى ئەھۋاللار تورمۇزسىز جىنسىي تۇرمۇشنىڭ جىنسىي ئىقتىدار جەھەتتە ئاجىزلىششىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى، ھېچبولمىغاندا مايمۇنلاردا مۇشۇنداق ئەھۋالنىڭ كۆرۈلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرگەن.

دېمەك، توختاۋسىز جىنسىي مۇھەببەتتىن ئەرلەر بىزار بولىدۇ. بىر تۈرلۈك تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، %52 ئەمما %60تىن يۇقىرى نىكاھلىق ئەرلەرنىڭ ھەممىسى ھېچبولمىغاندا بىر قېتىم «رومانتىك كەچۈرمىش»نى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن. بىزار بولۇش شېرىن جىنسىي مۇھەببەتنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆپ ھاللاردا مۇناسىۋەتمۇ شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

كۆپ سانلىق ئەرلەر ئائىلىسىنى ئاسانلىقچە تاشلاپ كەتمەيدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئائىلىدىكى جىنسىي تۇرمۇشى خۇددى كۈندە ئايرىلىپ كېتەلمەيدىغان گۈرۈچ تامىقىغا ئوخشايدۇ، ئۇ ناگان ـ ناگاندا بىرەر قېتىم تېتىپ باقىدىغان گىلاس تورتى ئەمەس. ئەمما، بەزى ئەرلەر كېتىپ قېلىشى مۇمكىن. چۈنكى ئۇ شۇ ئائىلىدىن ھەقىقىي جىنسىي مۇھەببەتكە ئېرىشەلمىگەن.

ھەر بىر ئايال كىشى شۇنى بىلىشى كېرەككى، ئادەتتە ئۇ ئەرلەرنىڭ سوۋۇغان كۆڭلىنى قايتا لاۋۇلدىتىپ ياندۇرالايدۇ. بۇ مايمۇنلارغا ئوخشاش جىنسىي مۇھەببەتنىڭ ئوبيېكتىنى يەڭگۈشلەش كېرەك دېگەنلىك بولمايدۇ، بەلكى جىنسىي ھەرىكەت جەھەتتە بەزى ئۆزگەرتىشلەرنى ئېلىپ بېرىش ياكى تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، ئايال كىشى تۈرلۈك چارىلەرنى قوللىنىپ ئەرلەرنى ئۆزىگە رام قىلىۋېلىش كېرەك دېگەنلىكتۇر.

بىراق، ئالدىراقسانلىق قىلىپ ئىلگىرىكى جىنسىي تۇرمۇشىڭىزنىڭ رىتىمىنى بىراقلا ئۆزگەرتىۋەتمەڭ. ناۋادا ئۇنى مودىدىن قالغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ، بىراقلا ئۆزگەرتىۋەتسىڭىز ئۆزىڭىزگە خاپىلىق تېپىۋالىسىز. سىزنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىڭىز ئاستا ـ ئاستا، قەدەممۇ ـ قەدەم ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىش. ئېسىڭىزدە بولسۇن، ھەرگىز ئۆز بېشىمچىلىق قىلغۇچى بولماڭ!

# 52 . ئەرلەرنىڭ زوراۋانلىق خاھىشى

***بەزى ئەرلەر كۆپ بىسىمگە ئۇچراپ بەرداشلىق بېرەلمىگەندە، ئادەم ئۇرۇشقا باشلايدۇ، ئۇ ئائىلىسىدە بۇ بېسىملەردىن قۇتۇلماقچى بولىدۇ. چۈنكى ئۇ ئائىلىسىدىلا ئازادىلىك ھېس قىلالايدۇ. ئۇنىڭ بىردىنبىر كونترول قىلالايدىغان جايى ئۆز ئائىلىسىدۇر. ئۇ ئايالىنى دۇمبالاش ئارقىلىقلا ئۆز ھوقۇقىنى ئىسپاتلىماقچى بولىدۇ.***

ئەرلەر جىنسىي ھەۋىسىنىڭ يەنە بىر تەرىپى بىز كۆرگەن ئەڭ قاباھەتلىك چۈشتىنمۇ بەكرەك قورقۇنچلۇقتۇر. بۇ راست، ئۇلارنىڭ باسقۇنچىلىق قىلىدىغىنى راست، ئاياللارنى تەن جەھەتتىن دەپسەندە قىلىدىغىنى راست، ئۇلارنى جىنسىي جەھەتتە كەمسىتىدىغىنىمۇ راست.

نۇرغۇن ئەرلەردە ئاياللارغا ئۆچلۇك قىلىشتەك ساغلام بولمىغان بىر خىل روھىي ھالەت ساقلانغان. ھېلىقىدەك ئاكاڭ قارىغاي بىرىنچى دەيدىغان ئەرلەردە بولسا بۇنداق ئەھۋال تېخىمۇ ئېغىر.

«ئۆچمەنلىك، مەيلى ئوچۇق ـ ئاشكارا بولسۇن، ياكى يوشۇرۇن بولسۇن، ھەممىسى جىنسىي ھەۋەسنىڭ غىدىقلىشىنى پەيدا قىلىدۇ ياكى كۈچەيتىدۇ. » دەيدۇ روھىي كېسەللىكلەر مۇتەخەسسىسى روبىت. ستول. ئەگەر سىز ئويلاپ كۆرسىڭىز، سىلەر خاپىلىشىپ قالغان چاغدا ئۆتكۈزگەن جىنسىي تۇرمۇشىڭلارنىڭ ئادەتتىكى چاغلارغا قارىغاندا كۆپ ياخشى بولغانلىقىنى ھېس قىلالايسىز. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئەرلەرنىڭ غەزىپى

ھاياجانلىنىپ كېتىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى بار. دوكتور رستول چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «بىئولوگىيە نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئالىملار ئەرلىك ھورمۇن ۋە رادىكاللىق ئوتتۇرىسىدا ئاكتىپ مۇناسىۋەتنىڭ بارلىقىنى بايقىغان.»

بۇ ئاددىي فورما ئەمەس. ئەرلەرنىڭ جىنسىي ھورمۇنى ھېچقاچان ئىككىنى ئۈچكە قوشسا بەش بولغانغا ئوخشاش رادىكاللىققا تەڭ ئەمەس. بىر مۇنچە ئەھۋال ئاستىدا ئەرلەردە غەزەپلىنىش ۋە جىددىيچىلىك تۈپەيلى، جىنسىي مۇناسىۋەت ئۈتكۈزۈشكە ھەۋەسلەنمەيدىغان، ھەتتا جىنسىي ئىقتىدارى تۆۋەنلەپ كېتىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ. بەزى ئەرلەرنىڭ تېنىدە رادىكال ھۈجەيرىلەرنىڭ بارلىقى مەلۇم بولمىسىمۇ، ئەمما كۆپ سانلىق ئەرلەرنىڭ ھەممىسى ئاياللاردىن رادىكالراق كېلىدۇ.

ئەرلەر ۋە ئاياللارنىڭ ھەممىسىدە ئۇرۇقدان ھورمۇنى، ئانلىق ھورمۇنى ۋە ھامىلدارلىق ھورمۇنىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل ھورمۇن بولىدۇ. ئەمما، مىقدارى ئوخشىمايدۇ. ئوغۇل بالىنىڭ ئۇرۇقدان ھورمۇنى تۇغۇلۇشتىن بۇرۇنلا بىر قەدەر كۆپ بولۇپ، بالاغەتكە يەتكەن چېغىدا، بۇ خىل جىنسىي ھورمۇن كەم دېگەندە 10 ھەسسە كۆپىيىدۇ، بەزىدە 25 ـ 35 ھەسسە ئېشىشىمۇ مۇمكىن. ئەمما، قىز بالىنىڭ ئۇرۇقدان ھورمۇنى ئاران بىر ھەسسىلا ئاشىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە باشلىنىش نۇقتىسىمۇ بىر قەدەر تۆۋەن. ئوغۇل بالىلارنىڭ ياشلىق دەۋرىدە ئېرىشكەن ئۇرۇقدان ھورمۇنىنىڭ ئۆلچىمى، ئۇنىڭ پۈتۈن ئۆمرىدە ئۆزگەرمەي بىر خىللا تۇرىدۇ.

ئىنسانشۇناس لىئونېر تايگىر مۇنداق دەيدۇ: «بۇ نۇقتا قارىغاندا ئانچە مۇھىم ئەمەستەك قىلىدۇ، چۈنكى بۇ ھورمۇنلارنىڭ مۇتلەق سانى ناھايىتى ئاز. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھورمۇن خۇددى زەھەرگە ئوخشايدۇ ئۇنىڭ ئازراق بىر قىسمىلا ناھايىتى زور رول ئوينىيالايدۇ. شۇڭا، بىز ياشلىق دەۋرىدە، ئازراقلا تەبىئىي خىمىيىۋى دورا بىلەنلا، ياش ئەرلەرنىڭ ھاياجانلىنىپ كېتىدىغانلىقىنى، روشەن رادىكال پائالىيەتنى قوزغىيالايدىغانلىقىنى كۆرۈلالايمىز.»

ئىلگىرىكى 20 يىل ئىچىدە، رادىكالىنىڭ زادى ئەرلىك ئىرسىيىتىنىڭ بىر قىسمىمۇ ياكى ئۇ ئوغۇل بالىلارنى تەربىيىلەش ئۇسۇلىدىن كېلىپ چىققانمۇ؟ دېگەن مەسىلىدە كەسكىن مۇنازىرە ئېلىپ بېرىلغان. ئىككى خىل ئامىلنىڭ ھەر ئىككىلىسى مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك. لېكىن بۇ يەردە بىز مۇنازىرىگە ئېتىبار بەرمىسەكمۇ بولىدۇ. بىز بۈگۈن مۇشۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئەرلەرنىڭ روشەن ھالدا ئاياللاردىن كۆپ رادىكال ئىكەنلىكىگە كۆڭۈل بۆلسەكلا بولىدى. ئاياللار رادىكاللىق ئۆزلىرىگە قارىتىلغاندا، قانداق ئۇسۇل قوللىنىشنى بىلىشى كېرەك.

باسقۇنچىلىقنى ئالايلى، ئۇنى جىنسىي پائالىيەت دېيىشكە بولمايدۇ. باسقۇنچىلىق ئىپلاس نىيەت ۋە قەھرى ـ غەزەپنىڭ تۈرتكىسى ئاستىدا ئېلىپ بېرىلغان. ئۇ كونترول قىلغىلى بولمايدىغان جىنسىي ھەۋەس ئەمەس. باسقۇنچىلىق قىلغۇچىلار ئاياللارغا بولغان ھوقۇقىنى يۈرگۈزمەكچى بولىدۇ، ئۇلار ئاياللارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ۋە ئۇلارنى كونترول قىلىشقا ئۇرۇنغان، ئاياللارنى چۆكۈرمەكچى بولغان.

باسقۇنچىلىق دېلولىرىدا، يېرىمدىن كۆپرەك باسقۇنچىلار قاراڭغۇ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلارغا مۆكۈنۈۋېلىپ دېلو سادىر قىلغان ناتونۇش كىشىلەر ئەمەس، بەلكى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ تونۇش ـ بىلىشلىرى، ئۇنىڭ ئۈستىگە باسقۇنچىلىق ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىدە، ئۇلار ئەرلەرنى ئۆيلىرىگە باشلاپ كىرگەندىن كېيىن، بۇ ئەرلەر ئۇلارنىڭ قوشنىلىرى، بىرەر ئىش بىلەن كەلگەن ئەرلەر ياكى ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشىلەر بولۇشى مۇمكىن.

قالغان 50% باسقۇنچىلىق بولسا، ھەر قانداق جايدا يۈز بېرىشى مۇمكىن. مەسىلەن: ئاياللار يۈگۈرۈپ بەدەن چېنىقتۇرىدىغان چوڭ يولنىڭ بويىدىكى ئورمانلىقتا ياكى يۇندا ئازگىلىنىڭ ئىچىدە، دەرىجىدىن تاشقىرى بازارلارنىڭ ئاستىدىكى ماشىنا توختىتىش مەيدانىنىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىدا، كەچتە قىرائەتخانىدىن يېنىپ ئۆيگە كېتىۋاتقان يولدا، ئىشخانىلاردا...

باسقۇنچىلىق قىلغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرلەرنى كۆپ كۆرىمىز. ئەمما، بەزى دوست ـ بۇرادەرلىرىمىز، قوشنا ـ قولۇملىرىمىز ياكى ئەرلىرىمىزنىڭ باسقۇنچىلىق قىلغانلىقى ھەققىدىكى ئەھۋاللارنى سىرتقا يايمايمىز. ئەمەلىيەتتە بەزى ئەرلەر ھەقىقەتەن ئۆز خوتۇنلىرىغا باسقۇنچىلىق قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزى قىلمىشلىرى گېزىتلەردە پاش قىلىنغان بەزى باسقۇنچىلىق دېلولىرىدىنمۇ رەزىل ۋە ۋەھشىي. بۇنداق باسقۇنچىلىقنىڭ ئاياللارغا كەلتۈرىدىغان ئازابى تېخىمۇ زور. ئېچىنىشلىق يېرى شۇكى، مۇشۇنداق خورلۇق ئالدىدا ئاياللار يەنىلا دېلو مەلۇم قىلىشنى خالىمايدۇ، دەردىنى ئىچىدە بىلىپ ھېچكىمگە تىنمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئاشۇ غەزەپ ـ نەپرىتى ئار ـ نومۇسنى ئىچىگە پاتۇرۇپ قورقۇنچلۇق ئىچىدە ئۇن ـ تىنسىز يۇرۇۋېرىشى ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ ھېسسىيات ساغلاملىقىنى نابۇت قىلىدۇ. بۇ خۇددى ساقايماس بەزى كېسەللەرنىڭ ئادەمنى جىسمانىي جەھەتتىن خوراتقىنىغا ئوخشاشلا بىر ئىش.

بىر پسىخولوگ باسقۇنچىلىق ئاخىرىدىن سانىغاندا 2 ـ ئورۇندا تۇرىدىغان زوراۋانلىق ھەرىكەت (ئاخىرىدىن سانىغاندا 1 ـ ئورۇندا تۇرىدىغىنى قاتىللىق) دەپ قارىغان. بىراق، بەزى ئەرلەر قارىغاندا بۇ نۇقتىنى ئانچە چۈشەنمىسە كېرەك. ئەزەلدىن ئاياللارغا باسقۇنچىلىق قىلىشنى ئويلاپ باقمىغان ئەرلەر، ناۋادا بىرەر ئايال باسقۇنچىلىققا ئۇچرىسا، «شامال چىقمىسا دەرەخ لىڭشىمايدۇ»، گەپ شۇ ئايالنىڭ ئۆزىدە، خوپ بوپتۇ دېيىشى مۇمكىن.

بىر توپ ستودېنتلار ئىككى ھېكايە ئوقۇپتۇ. ئۇنىڭ بىرى بىر ئەرنىڭ بىردىن ھاياجانلىنىپ ئايال كىشىگە باسقۇنچىلىق قىلغانلىقى، يەنە بىرى بىر ئەرنىڭ تەپسىلىي پىلانلاش ئارقىلىق ئايال كىشىگە باسقۇنچىلىق قىلغانلىقى ھەققىدىكى ھېكايە ئىكەن. ئاندىن يېتەكچى مۇئەللىملەر ئۇلاردىن «سىلەرچە بۇ ئىككى باسقۇنچىغا قانچە يىل قاماق جازاسى بېرىش كېرەك؟» دەپ سوراپتۇ.

ياش ستودېنتلار: «پىلانسىز باسقۇنچىلىق قىلغان جىنايەتچىگە توققۇز يىللىق قاماق جازاسى بېرىش كېرەك. تەپسىلىي پىلان تۈزۈش ئارقىلىق

باسقۇنچىلىق قىلغان جىنايەتچىگە ئۈچ يىللىق قاماق جازاسى بېرىش كېرەك»
دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. بۇ جاۋاب يېتەكچى مۇئەللىملەرنى ھاڭ ـ تاڭ
قالدۇرۇپتۇ. ئۇلار ئوقۇغۇچىلاردىن: سىلەر نېمىشقا بۇنداق ھۆكۈم
چىقىرىشنى لايىق كۆردۈڭلار؟ دەپ سوراپتۇ.

«ناھايىتى ئاددىي، — دەپتۇ ئوقۇغۇچىلار، — ئەگەر باسقۇنچى پىلانلىق ھالدا باسقۇنچىلىق قىلغان بولسا، ئۇ ھالدا بۇ ھېلىقى ئايالنىڭ ئۆزىدە گەپ بار دېگەن سۆز، ئۇ ئايال ئۆزىنى دۇرۇس تۇتۇپ يۈرگەن بولسا، بۇنداق ئىش يۈز بەرمىگەن بولاتتى، شۇڭا ھېلىقى باسقۇنچىغا يېنىكرەك جازا بېرىش لازىم.»

بۇ بىر تۈرلۈك تەتقىقات، بىراق ئۇ بەزى ئەرلەرنىڭ ئاقىلانە بولمىغان ھۆكۈملەرنى چىقىرىدىغانلىقىنى جۈملىدىن زاسېداتېللارنىڭمۇ باسقۇنچىلىق دېلولىرىنى بىر تەرەپ قىلغاندا كۆپ سانلىق پىلانلىق باسقۇنچىلىق قىلغان جىنايەتچىلەرگە ئاشۇنداق نۇقتىئىنەزەر بىلەن قاراپ، كۆپ ھاللاردا يەڭگىل جازا ھۆكۈم قىلىپ قويىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەرگەن. مەيلى، ئوقۇغۇچىلار قانداق قارىسۇن، باسقۇنچىلىققا ئۇچرىغان ئاياللاردىن بىرىمۇ بۇ ئۆزىنىڭ شورى دەپ ئويلاپ باققان ئەمەس. ئەسلى باسقۇنچىلىق يۈز بەرمەسلىكى كېرەك ئىدى، لېكىن مىڭلىغان ـ ئونمىڭلىغان ئاياللار باسقۇنچىلىققا ئۇچرىدى. يەنە كېلىپ ئۇلار توققۇز ياشتىن 90 ياشقىچە بولغان ئاياللاردۇر.

شەھۋانىي ئەدەبىيات ئاياللارغا قارشى تۈرۈشنىڭ يەنە بىر خىل ئۇسۇلىدۇر. بەزى ئاياللار بىز شەھۋانىي ئەدەبىياتنىڭ غىدىقلىشىغا ئۇچرىدۇق دېيىشمەكتە. لېكىن، كۆپ ھاللاردا، شەھۋانىي ئەدەبىيات ئۈستىدە پاراڭ بولۇنغاندا، ئەرلەر بىلەن ئاياللارنىڭ گېپى بىر يەردىن چىقمايدۇ. ئاياللارنىڭ شەھۋانىي ئەدەبىياتى رومانتىك كېلىدۇ. ئۇلار كەشلىرىنى چۆرۈۋېتىپ، جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشكە تەقەززار بولىدۇ. ۋەھالەنكى، ئۇلار تەقەززارلىق بىلەن كۈتكەن ئەرلەر بولسا كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق، كۈچتۈڭگۈر

قاراقچى مويسپىتلارنىڭ بىر گەۋدىگە ئايلىنىشى دېيىشكە بولىدۇ. «ئەنسىز يىللاردىكى نازىنىن» فىلىمىدىكى باش قەھرىمان رېد. باتلېر ئېسىڭىزدىمۇ؟ ئۇ ئاياللار قەلبىدىكى شەھۋانىي قەھرىماننىڭ دەل ئۆزى شۇ. بىراق، ئەرلەر شەھۋانىي ئەدەبىياتنىڭ خىياللىرىغا غەرق بولغاندا، ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇر پائالىيەتلىرىدە ھېچقانداق رومانتىك ياكى ئاياش دېگەندەك تەركىبلەر مەۋجۇت بولمايدۇ. ئۇلار پۈتۈنلەي جىنسىي ھەۋەسنىڭ قوزغىلىش ھالىتىدە تۇرىدۇ، يەنە كېلىپ قولىدىن ھەر قانداق ئىش كېلىدۇ.

ئاياللار بۇنى ئانچە چۈشىنىپ كەتمەيدۇ، بىراق بىر قېتىملىق تەكشۈرۈشتە، تەكىدىن تولا ئاياللار دەردىنى تۆكۈپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەرلىرىنىڭ شەھۋانىي ئەدەبىياتقا ھەۋەس قىلىدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭدىن ھۇزۇرلىنىدىغانلىقىدىن بىزار بولغانلىقىنى ئېيتقان. ئۇلار دەسلەپ بىئارام بولغان. كېيىن ھەسەت قىلغان، ئەڭ ئاخىرىدا قوڭنى چېقىشقا باشلىغان. ئۇلارنىڭ قارىشىچە ئېرى ئۆزلىرىگە ئانچە ئېتىبار بەرمەيدىغان بولۇپ قالغانمىش. ئۇلارنىڭ ئوغۇسىنى قايىنتىدىغىنى ئەرلەرنىڭ كىنو ۋە رەسىملەردىن خۇشاللىق ئىزدەپ ئۆزلىرىنى خۇش قىلغىنى تېخى، بۇنىڭ بىلەن ئايالار جىنسىي ھەۋەسنىڭ نىشانى بولۇشتەك ئورۇنغا چۈشۈپ قالغان.

ئەمما بۇ ئەرلەرچۇ؟ ئۇلارمۇ بۇ ئايالارنىڭ ئىنكاسىغا قارىتا چۈشىنىش ھاسىل قىلالمىغان. ئۇلار رەسىم ياكى كىنودىكى ئايالارنى جېنى بار ئايالار دەپ قارىغان ئەمەس. ئۇلار ئەرلەرنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى ئايالار، ئەرلەر ئۇلاردىن ھۇزۇرلىنىدۇ، ئۇلار بىلەن پۈخادىن چىققۇچە ئويناشنى خىيال قىلىدۇ، ئەمما ئۇلار بۇ خىياللىرىنى مەڭگۈ ئايالىرىغا ئېيتمايدۇ.

شەھۋانىي زوراۋانلىق بولسا ئۇ باشقا گەپ. ناۋادا، بىر ئەر كىشى كىنو ۋە رەسىملەردە ئەرلەرنىڭ ئايالارنى قامچىلاۋاتقانلىقىنى، ئايالارنى باغلاۋاتقانلىقىنى ۋە ئايالارنى دەپسەندە قىلىۋاتقان كۆرۈنۈشلەرنى كۆرۈپ خۇشال بولۇپ كەتسە، بۇ ئايالارغا نىسبەتەن، ياكى ئۇنىڭ تۇرمۇشىدىكى ئايالارغا نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ ئىنتايىن خەتەرلىك سىگنالدۇر. ئاشۇ شەھۋانىي زوراۋانلىققا نىسبەتەن كۈچلۈك ھەۋەس قىلىدىغان ئەرلەر، كۆپ

هاللاردا جىنسىي ھەۋەس جەھەتتە ئىنتايىن تۇراقسىز كېلىدۇ. ئەلۋەتتە ئۇلار ئاياللارنى ئاسراپ كەتمەيدۇ ياكى ئىللىق مۇئامىلە قىلمايدۇ. تەكشۈرۈش نەتىجىسى بۇنداق ئەرلەرنىڭ ھېلىقىدەك كىنو ياكى كۆرۈنۈشلەرنى كۆرگەندىن كېيىن، ئاياللارغا نىسبەتەن تېخىمۇ قوپال مۇناسىۋەتتە بولۇپ، ئۇلارنى بولۇشىغا خورلايدىغان بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىغان. شەھۋانىي زوراۋانلىق ئەرلەرنى غىدىقلايدۇ. بىراق، ئۇلارنى جىنسىي مۇناسىۋەت ئېلىپ بېرىشقا ئەمەس، بەلكى جىنسىي مۇھەببەتتە زوراۋانلىق قىلىشقا ياكى ھەتتا ئەسەبىيلەرچە زوراۋانلىق قىلىشقا ئۈندەيدۇ.

يەنە بىر خىل ئاياللارغا پايدىسىز بولغان زوراۋانلىقنىڭ جىنسىي پائالىيەت بىلەن ھېچقانچە مۇناسىۋىتى يوق. بەزى ئەرلەر ئۆز ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلالمىغان ئەھۋال ئاستىدا خوتۇنىنى ئۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئادەتتىكى ئەرلەردۇر. خوتۇنىنى ئۇرىدىغان ئەرلەر قورۇلۇش ھۆددىگەرىنىڭ خىزمەتچىسى بولۇشى مۇمكىن ياكى ئۆزى بىر شىركەتنىڭ خوجايىنى. ئۇلار سىزنىڭ بېقىنىڭىزدا بولۇشى، ياكى سىز بىلەن بىر بىنادا ئولتۇرۇشى ۋە ياكى ئۇدۇلىڭىزدىكى كوچىدا تۇرۇشى مۇمكىن. ئەگەر راستتىنلا مۇشۇنداق بولىدىغان بولسا، سىز ئۇنىڭ ئامىۋى سورۇنلاردىكى ئىپادىسىنىڭ ئائىلىدىكى ئىپادىسى بىلەن نەقەدەر ئوخشىمايدىغانلىقىنى بىلەلمەيسىز. ھەر قېتىم بىرەر ئىش دىتىغا ياقمىغاندا، ئۇ سىزنى ئۇرماي قالمايدۇ.

بەزى ئەرلەر جىق بېسىمغا ئۇچراپ بەرداشلىق بېرەلمىگەندە، ئادەم ئۇرۇشقا باشلايدۇ، ئۇ ئائىلىسىگە كەلگەندىلا بۇ بېسىملاردىن قۇتۇلالايدۇ. چۈنكى، ئائىلە ئۇنىڭغا خاتىرجەملىك ۋە ھۆرمەت ئاتا قىلىدۇ. ئۇنىڭ چىقارماقچى بولغان قورساق كۆپۈكلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئايالى پەيدا قىلغان ئەمەس. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇ يەنە دەردىنى كۆپ ھاللاردا ئائىلىسىدىن، ئايالىدىن ئالىدۇ. ئۇ ئايالىنى دۇمبالاش ئارقىلىق ئۆز ھوقۇقىنى ئىسپاتلىماقچى بولىدۇ.

بۇ ئەرلەر ئەرلىك جاسارەت بىلەن زوراۋانلىق قىلىشنى تەڭ ئورۇنغا

بەكمۇ چوقۇنغان. ئايالنى خورلايدىغان ئەرلەر ئىچىدە، يېرىمىدىن كۆپرەكى دادىسىنىڭ ھەدېسىلا ئانىسىنى ئۇرىدىغانلىقىنى كۆرگەن.

ئاياللار قانداق قىلغاندا ئەرلەرنى تولۇق چۈشىنەلەيدۇ؟ يىرگىنىشلىك جىنسىي مۇھەببەتكە بېرىلگەن، جىنسىي ۋە تەن جەھەتتە زوراۋانلىق قىلمىشى بار ئەرلەر بىلەن قەستەن توي قىلىدىغان ئاياللار كەمدىن كەم ئۇچرايدۇ. چۈنكى، ئۇنداق ئەرلەر ھامان ئۆزىنى ئاشكارىلىماي قالمايدۇ. لېكىن، شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئاياللار كۆپ ھاللاردا يەنىلا بىخۇدلۇق قىلىپ قالىدىغان ئەھۋاللار يۈز بېرىدۇ. بەزى چاغلاردا ئۇلار بولغۇسى خەۋپنى ھېس قىلىپ كېتەلمەيدۇ، بەزى چاغلاردا ئۇلار ئۆزلىرىگە توي قىلغاندىن كېيىن، ئۇلار تۈزۈلۈپ كېتىدۇغۇ، ئاشۇ بەتقىلىقلىرىنى تاشلىماي قالامتى دەپ ھاي بېرىدۇ. بۇ خاتا تونۇش. مەيلى قانداق پوزىتسىيە ۋە ھەرىكەت قوللانماڭ، توي قىلغاندىن كېيىن ئۇلار تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ كەتسە كېتىدۇكى، ھەرگىز تۈزەلمەيدۇ.

ۋۇجۇدىدىن نوچىلىقى چىقىپ تۇرغان يەنە كېلىپ ئاياللارنى كۆزگە ئىلمايدىغان ئەرلەر، ئاياللار ئازادلىقى ھەرىكىتىنى قوللىمايدىغان ھەمدە زوراۋانلىقنى ھىمايە قىلىدىغان ئەرلەر، ھەدېسىلا ئاچچىقلىنىدىغان ئەرلەر، مەست بولۇپ قالسىلا جېدەل چىقىرىپ، باشقىلار بىلەن مۇشتلىشىدىغان ئەرلەر ۋە شەھۋانىي زوراۋانلىققا بېرىلگەن ئەرلەرنىڭ ھەممىسى جىنسىي مۇناسىۋەتنىڭ يەنە بىر قاراڭغۇ تەرىپىدىن ئۆزىگە ناھايىتى زور ھۇزۇر ۋە خۇشاللىق تاپالايدۇ.

يەنە باشقا يىپ ئۇچى، بەزى ئانچە ئېنىق بولمىغان يىپ ئۇچىمۇ بولۇپ قالىدۇ. بىراق، ئاياللارنىڭ بۇ يىپ ئۇچلىرىنى بايقىۋېلىشى تۇرغان گەپ. قانداقلا بولمىسۇن، ئاياللارنىڭ ئادەملەرنى كۆزىتىشى ئالاھىدە چوڭقۇردۇر. ئەلۋەتتە، ھەر بىر يىپ ئۇچىنى نەقىل كەلتۈرۈش ئۇنداق ئوڭاي ئەمەس، لېكىن بىر ئايال كىشى ئۆزى بىلەن كۆرۈشكەن ئەرلەرنىڭ ئۆزىنى بىزار قىلغان ۋە بىئارام قىلغان ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى تىزىپ كېلىدىغان بولسا، ئۇ كەلگۈسىدىكى خەتەرلىك ئۇچۇرلارنى بايقىۋالايدۇ. مەسىلەن: ئۇنىڭ

ئانسىغا تۇتقان پوزىتسىيىسى ياكى دوستلىرىغا تۇتقان پوزىتسىيىسى، يەنە ئۇنىڭ ماشىنا ھەيدەش ئۇسۇلى قاتارلىقلار. بۇلارنىڭ ھەممىسىدىن ئەر كىشىلەرنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ.

مەسىلەن، كىچىككىشنى مىسال ئالساق.

ئەگەر سىز بىلەن ئۇچراشماقچى بولغان ئەر كىشى دائىم كىچىكىپ قالسا، بۇ سىزگە ئۆزىنىڭ بەزى ئەھۋاللىرىنى ئېيتىپ بەرگەن بىلەن باراۋەر، بەزى نەرسىلەرنى ئېھتىمال ئۆزىڭىزمۇ ئېتىراپ قىلىشنى خالىمىسىڭىز كېرەك. ئادەت خاراكتېرلىك كىچىككىشنىڭ سەۋەبى بولماي قالمايدۇ، بۇ قارشىلىق كۆرسىتىشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى بولسا كېرەك. يەنى بالىلارچە قارشىلىق كۆرسىتىشتۇر.

بۇ ھەم پۈتۈنلەي ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش بولۇشى مۇمكىن، سىزنى ئۇزاق ساقلىتىش بىلەن ئۇ خاتىرجەمسىزلىك ھېس قىلىپ كەتمەيدۇ، چۈنكى ئۇ سىزنىڭ ساقلاپ تۇرىدىغانلىقىڭىزنى بىلىدۇ. بۇ ئۇنىڭ سىزگە ئۆزىنى ئەتىۋارلاشتۇرغىنى، مېنىڭ ۋاقتىم سېنىڭ ۋاقتىڭدىن قىممەتلىك دېگىنى خالاس.

ئادەمنى تېخىمۇ ئەنسىرىتىدىغىنى، بۇ ئۇنىڭ باشقا جەھەتلەرگە يوشۇرغان ئۆچمەنلىكىنى چىقىرىش ئۇسۇلى بولۇشى مۇمكىن. ئۇ ھەر قاچان سىزنىڭ ئۇنى كۈتۈپ تۇرغانلىقىڭىزدىن خۇشاللىق ھېس قىلسا كېرەك. ئۇ سىزنىڭ قەھرىتان سوغۇقتا ئۆزىنى يېرىم سائەت كۈتۈپ تۇرغانلىقىڭىزنى بىلسە، ئۇنىڭ تەنلىرى بىر خىل رازىمەنلىك ۋە خۇشاللىق ئىچىدە يايراپ كېتىشى مۇمكىن.

يالغۇز پسىخولوگلار ياكى باشقىلارنىڭ ئويىنى بىلىۋالالايدىغان كىشىلەرنىڭلا بۇ ئۈچ خىل سەۋەبنىڭ ئىچىدە قايسىسىنىڭ بىر مۇئەييەن ئەر كىشىنى چۈشەندۈرۈۋاتقانلىقىنى بىلىپ كېتىشى ناتايىن. سىز ئادەت خاراكتېرلىك كىچىككىشنىڭ يوشۇرۇن سەۋەبىنى چۈشەنگەن ھامان، ئەر دوستىڭىزنىڭ نېمىشقا دائىم كېچىكىدىغانلىقىنى ئوڭايلا پەرەز

مۇناسىۋىتىڭىزلارنى قايتىدىن تەپسىلىي تەكشۈرۈپ چىقىپ يەنە باشقا ئۆزىنى چوڭ تۇتىدىغان ياكى ئۆچمەنلىك قىلىدىغان ئالامەتلەر بارمۇ؟ بۇ سىز ھەقىقىي ئېرىشمەكچى بولغان نەرسىمۇ قانداق؟ ئۇ ئەر راستتىنلا سىزگە لايىقمۇ؟ دېگەن سوئاللار ئۈستىدە قايتا ئويلىنىپ كۆرۈشىڭىزنى تەكلىپ قىلىمىز.

## 53. ئەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ پۇلى

*بەزى ئەرلەر پۇل خەجلەشكە كەلگەندە، قارشى تەرەپ قانچە چىرايلىق بولغانسېرى، شۇنچە مەردلىشىپ كېتىدۇ. ئۇلارنىڭ پۇلى قانچە كۆپ بولسا، چىرايلىق قىزلارنى شۇنچە ئوڭاي قولغا چۈشۈرىدۇ.*

پۇلغا كەلگەندە، مەيلى ئەر، ياكى ئايال بولسۇن، ھەممىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا سىرى ۋە يالغان – ياۋداق گەپلىرى بولىدۇ. پۇل ھەم كېرەكلىك نەرسە، ھەم خەتىرى چوڭ نەرسە، ئۇ ساداقەتسىزلىكتىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ.

بەزى ئەرلەر ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا، ھېچقانداق نەرسە پۇلدەك مۇقەددەس بولمىسا كېرەك (ئاللاھ بۇنىڭ سىرتىدا بولۇشى مۇمكىن). لېكىن، ناۋادا سىز ئۇنىڭدىن، ئاللاھ بىلەن دوللارنىڭ قايسىسى سىزنى دەرھال جىنسىي مۇلازىمەتتىن بەھرىمەن قىلالايدۇ، دەپ سورىسىڭىز، ئۇنىڭ نېمە دەپ جاۋاب بېرىدىغانلىقىنى پەرەز قىلالايسىز.

پۇلنىڭ مۇھىملىقى زادى قايسى دەرىجىگە بېرىپ يەتتى؟

ئاجرىشىشنى مىسال كەلتۈرەيلى. بىر جۈپ ئەر – ئايال ئاجراشقان چاغدا، نېمە نەرسە ئۇلارنى ئۆزئارا شۇنچە ئۆچ قىلىۋېتىدۇ (بالىنىڭ بېقىش ھوقۇقىدىن باشقا)؟ ئەلۋەتتە ئائىلە مۈلۈكىنىڭ تەقسىم قىلىنىشى! نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدۇ؟ ئەرلەر ئىت – ئېشەك ئورنىدا جاپا تارتىپ ئىشلەپ، مىڭ بىر تەسلىكتە يىغققان بايلىقىنى ئاجراشماقچى بولغان خوتۇنىغا شۇنداقلا

بولدۇم، سەن تالادا ئىشلىگەن بولساڭ مەن ئۆيدە تامىقىڭنى ئېتىپ، بالاڭنى بېقىپ، كىر - قېتىڭنى يۇيۇپ يۇندىكەشلىك قىلدىم، مەنمۇ ئالىدىغاننىڭ ھەممىسىنى ئالىمەن. سەن دېگەن ئەركەك يەنە پۇل تاپالايسەن، مەن دېگەن ئايال كىشى، ئاجىز، ئۆينى ماڭا قالدۇرۇپ، نەگە بارساڭ بارغىن دەيدۇ.

شۇنىڭ بىلەن، ئۇزۇن يىل ئۆي تۇتۇپ، جاپا ۋە ھالاۋەتتە بىللە بولغان ئەر - خوتۇنلار، پۇلغا كەلگەندە بىر - بىــــرىگە يۈز ئۆرۈپ، ئۆزئارا ئۆچەكىشىپ كېتىدۇ.

ئايال كىشى قەتئىي تۇرۇۋالغان چاغدا، ئەركىشى ھاياجانلىنىشقا باشلايدۇ ۋە غەزىپىنى ئىچىگە سىغدۇرالماي قالىدۇ. ئۇنىڭ ئادۋوكاتى كىمدۇ؟ ئۇ خوتۇنۇمنىڭ كاللىسىغا نېمىلەرنى قاچىلىۋەتكەندۇ؟ ئۇلار تىلىنى بىر قىلىۋالغان ۋە بىللە ياتقان ئوخشىمامدۇ؟ ئۇلار بىرلىشىپ مېنى گاڭسا - جىسا قىلىۋەتمەكچىمۇ نېمە؟

بۇگۈن، بۇ ئەر ئاشۇ 18 ياشلىق بالا باققۇچى قىزنى دەپ ئايالىدىن ۋاز كەچكەن تەقدىردىمۇ، ئايالىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرى ھەم پۈتۈن جەمئىيەت ئۇنىڭغا نەپرەت كۆزى بىلەن قارىغان تەقدىردىمۇ، ئۇ يەنىلا بارلىق كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، ئايالىغا بىر تىيىن پۇلنى ئارتۇق بەرمەسلىك ئۈچۈن تىرىشىدۇ.

توغرا، ئاتالمىش ئورتاق مۈلۈك تۈزۈمى دېگەن گەپ ھەقىــــقەتەن مەۋجۇت. لېكىن، ئاتالمىش پۇلغا چوققۇنۇش، چەت ئەللەردىكى بانكىلارنىڭ ھېسابات تالونى، بىخەتەرلىك ئىشكاپ دېگەن نەرسىلەرمۇ يوق ئەمەس. مەيلى قانۇنلۇق ۋاستە بولسۇن، ياكى قانۇنسىز ۋاستە بولسۇن، بۇ خىل ئەرلەر بارلىق ئاماللارنى قوللىنىپ بۇرۇنقى ئايالى ياكى بولغۇسى ئايالىغا ئۆزىنىڭ زادى قانچىلىك پۇلى بارلىقىنى ئۇقتۇرماسلىققا تىرىشىدۇ.

نېمىشقا پــۇل بــۇنداق جــېدەل - مــاجىرانى پەيدا قىــلىــپ، كىشىلەرنى بىر - بىرىگە شۇنچە ئۆچ قىلىۋېتىدۇ؟

پۇلنىڭ زادى قانچىلىك سېھرىي كۈچى بار؟ نېمىشقا نۇرغۇن ئەرلەر شۇنىڭ ئۈچۈن قانۇن بىلەن ئوينىشىدۇ، ھەتتا زوراۋانلىق ۋاستىــلەر

ئارقىلىق ئاياللارغا تەھدىت سالىدۇ؟ چۈنكى پۇللا بولسا، ھەر قانداق نەرسىنىڭ تېپىلىدىغانلىقى ئەرلەرگە ناھايىتى ئايان. بۇنىڭ سەۋەبى:

بىرىنچىدىن، كەسىپتە مۇۋەپپەقىيەت قازانغان، پۇللۇق ئەرلەر تېخىمۇ بەكرەك ئاياللارنى ئۆزىگە جەلپ قىلالايدۇ.

ئىككىنچىدىن، ئەرلەر چىرايلىق قىزلارغا ئۆزىنى بەك ئۇرىدۇ.

بۇ مەسىلىنىڭ تۈگۈنى مۇشۇ فورمىلا ئىچىگە يوشۇرۇنغان. ئەرلەر ۋە جىنسىيەت توغرۇلۇق سىزگە يەنە قانداق دېسە بولار؟

بەزى ئەرلەر ھەر قاچان بۇ مەسىلىنى ئويلىماي قالمايدۇ، قارشى تەرەپ قانچە ياش ھەم چىرايلىق بولسا، ئۇلار شۇنچە بېرىلىدۇ، ئۇلار قانچە پۇللۇق بولسا، ئۇلارنى شۇنچە ئاسان قولغا كەلتۈرەلەيدۇ.

مەلۇم بىر دانا: پۇلۇڭ بولسا، جاڭگالدا شورپا، دەپتىكەن. بۇ ئەرلەر پۇل ئارقىلىق ئاياللارنى ئۆزىگە رام قىلماقچى، پۇللا بولىدىكەن، ئەتراپىدا بىر توقاي سەتەڭ ئاياللار چۆرگىلەپ يۈرىدۇ. ئۇ ئېسىل ماشىنىغا ئۇلارنى چىقىرىپ تاماشا قىلدۇرىدۇ، كاتتا مېھمانخانىلارغا ئاپىرىپ ئوينىتىدۇ، چەت ئەللەرگە ئېلىپ چىقىپ ساياھەت قىلدۇرىدۇ.

تۆۋەندىكى بۇ سەممىي مەسلىھەت ناھايىتى رېئالنى بولۇشى مۇمكىن. بىراق، ئەگەر ئېرىڭىزنىڭ خاتا يولغا مېڭىپ قېلىشىنى توسۇماقچى بولسىڭىز، سىز ئۇنىڭ «كىچىك ئادىشى»غا ھېزى بولۇپلا قالماستىن، ئۇنىڭ پورتمىلىنىمۇ ئوبدان باشقۇرۇشىڭىز كېرەك. ئەگەر بۇ بىر خىل پاسسىپ ئۇسۇل بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا ئاز - تولا كېرەككە كېلىدۇ، بولۇپمۇ ئاشۇ ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتى تازا نورمال بولغان ئاياللارغا نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا تېخىمۇ شۇنداق.

ئەگەر سىز ئۇنىڭ پورتمىلىنى كونترول (تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا نازارەت) قىلالىسىڭىز، ئۇ ئۆزىنى ئانچە - مۇنچە يىغىشتۇرۇپ يۈرۈيدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئەگەر سىز ئۇنى مەندىن ئايرىلىپ قالساڭ ئېچىنىشلىق ھالغا چۈشۈپ قېلىپ قەلەندەر بولۇپ كېتىسەن دەپ

بارمايدىغان بولىدۇ، ئاشنا ئىزدەيدىغان ئىشنى دېمەيلا قويۇڭ. ناۋادا، سىز ئەپچىللىك بىلەن ئۇنىڭغا، چۈشتە بوغالتىرىڭىز بىلەن بىللە تاماق يېگەنىدىم، ئۇ ئىدارەڭلەردىكى جىق ئىشلارنى دەپ بەردى. ئۇنىڭ بىلەن خېلى چىقىشىپ قالدىم دەپ ئۇقتۇرسىڭىز، ئۇ هالدا، ئۇنىڭ ئىشخانىسىدىكى هېلىقى چىرايلىق قىزنى «يەۋالغۇسى كېلىپ» شۆلگەيلىرى ئېقىپ كەتكەن بولسىمۇ، بۇنداق قىلىشىنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلاپ، ئۆزىگە هاي بېرىدىغان بولۇپ قالىدۇ.

سىزگە بەرمىگەن پۇلنى بىر ئامال قىلىپ ئۇنىڭغىمۇ تۇتقۇزماڭ. ئۇنىڭغا ئېنىق قىلىپ: سىزنىڭ هەر بىر پۇڭ پۇلىڭىزغىمۇ ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىمەن، ئۇ پۇللارنى نەگە يوشۇرۇپ قويغانلىقىڭىزنىمۇ بىلگۈم كېلىدۇ. ئەگەر مېنى سۆيسىڭىز، ئۇ پۇللارنى مەندىن يوشۇرماڭ، دەڭ. ناۋادا ئۇ سىزنى سۆيمىسە، ئۇ شۇئان ئانچە مۇهىم بولمىغان پۇل چەكلىرىنى ئېلىپ سىزنى كولدۇرلىتىدۇ. بۇنىڭغا سىز ئالدىراپ ئىشىنىپ قالماي، داۋاملىق ئۇنىڭ پېيىغا چۈشۈڭ. ئۇنىڭ دوستلىرى بىلەن پاراڭلىشىڭ، تېلېفون بېرىپ ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى بىلەن ئالاقىلىشىڭ. ئۇ ئۆزىنىڭ زادى قانچىلىك پۇلى بارلىقىنى سىزگە دېمىگۈچە، هەرگىز ئېنىقلاشنى توختاتماڭ، ئۇ ئىقرار قىلغان تەقدىردىمۇ ئۆزىڭىز ئاستىرتتىن ئىگىلىگەن ئۇچۇرلار بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرۈڭ.

هەرگىز ئۇنتۇپ قالماڭ: پۇل بەزى ئەرلەر ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ خىل ئەركىنلىككە ئېرىشىشتىكى ئاچقۇچ بولۇپ هېسابلىنىدۇ. پۇل بولسا، ئۇ هەر قاچان خالىغان يەرلەردە كۆڭلىنى خۇش قىلالايدۇ. ئۇ ئەگەر ئۆزى تاپتىن چىقىپ كەتسە، ئەڭ ئاخىرىدا (سىز سېزىپ قېلىپ، ئۆچ ئالسىڭىز) ، ئۇنىڭ يېنىدىكى پۇلنىڭلا ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇپ قالالايدىغانلىقىنى بىلىدۇ؛ ئۇ پۇللا بولىدىكەن، قىز تولا، سەندىن ئايرىلىپ قالسام، سەندىن ياش هەم چىرايلىق قىزدىن بىرنى ئالىمەن، دەپ ئويلايدۇ. ئەكسىچە، يېنىدا پۇل بولمىسا، ئۇ مەغلۇبىيىتىنى ئېتىراپ قىلىپ، خوتۇنىنىڭ ئالدىدا تىزلىنىدۇ؛ ئويلاپ بېقىڭ بۇ كەمدە پۇلى يوق قەلەندەرنى كىممۇ ياراتسۇن؟

شۇڭلاشقا، سىز قانداقلا بولمىسۇن ئۇنىڭغا: مەن ئاشۇ پۇللىرىڭىزغا

قىزىقىپلا قالماستىن، يەنە تېخى ئۇ پۇللارغا ئىگە بولۇشقا ھەقلىقمەن، دېگەننى ئېنىق ئۇقتۇرۇشىڭىز لازىم.

ئەڭ ئاخىرىدا بىر نۇقتا: بەزى ئەرلەر پۇلىڭىزغا قىزىقىپلا سىزنى ياخشى كۆرىدۇ. بۇنداق ئاياللارنىڭ پۇلىنى كۆزلىگەن ئەرلەر، ئۆزلىرىنىڭ پۇللىرىغا ھېرىسمەن ئەرلەردىنمۇ بەكرەك قورقۇنچلۇق ۋە نومۇسسىز كېلىدۇ. ئاياللار ئۆزىنى باقتۇرىدىغان ئەرلەرنى ھېچ ئىككىلەنمەيلا تاشلىۋېتىش كېرەك. بۇنىڭ سەۋەبى تۆۋەندىكىچە:

ئۇلار، ئەمدى خاتىرجەم بولدۇم، بۇنىڭدىن كېيىنكى تۇرمۇشۇم راھەت - پاراغەت ئىچىدە ئۆتىدۇ، ئالغا ئىلگىرىلەش ئۇچۇن تىرىشمىساممۇ بولىدۇ، بەربىر ئىقتىساد جەھەتتە ئۇ مېنى يۆلەيدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇنداق ئەرلەر ئۆزىنى توختىتالمىغان ئەرلەردۇر، ئۆزىنى توختىتالمىغان ئەرلەر ئۆزىنى ھەرگىز كونترول قىلالمايدۇ.

ئالتۇن قازماقچى بولغان ئەرلەر، ئاساسەن ئۆزىدىن ئۈمىد كۈتمەيدىغان ئەرلەردۇر. نۇرغۇن ئەرلەر ھەدېسىلا باي ئاياللارنىڭ كويىدا يۈرۈيدۇ. چۈنكى ئۇلار ئائىلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا ئۆزلىرىنىڭ مەڭگۈ بىرەر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمايدىغانلىقىنى بىلىدۇ؛ ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يېڭىلىپ قالىدىغانلىقىنى ئاللىبۇرۇن پەملىگەن، ئەگەر سىز پۇلىڭىز ئارقىلىق ئۇنى ھىمايە قىلمىسىڭىز، ئۇ ئۇزۇل - كېسىل ۋەيران بولىدۇ. شۇڭا، سىز بىرەر شەپىنى بايقاپ، ئۇنىڭ بىلى بوش، لايغەزەل ئەر ئىكەنلىكىنى ئۇققان ھامان، دەرھال ئۆزىڭىزنى تارتىڭ.

ئەگەر ئەر - ئايال ئىككىلىڭلار ئارىسىدا، كۆپ قىسىم مالىيە راسخوتىغا سىز چىقىمدار بولۇپ كەلگەن بولسىڭىز، دەرھال توختىتىڭ! بۇنداق قىلىش خۇددى غەلىبە قىلىشتىن ھېچقانداق ئۈمىد بولمىغان ئۇرۇشقا مەبلەغ سېلىپ بەرگەندەك بىر ئىش. بۇنداق ئەرلەر ئۆزىگە يېتەرلىك پۇلنى غەملىۋالغان ھامان، سىزدىن يۈز ئۆرۈپ، پېشىنى قاققان پېتى كېتىپ قالىدۇ.

ئەگەر ئەر - خوتۇن ئىككىلىڭلار پۇللۇق بولساڭلار، بۇ ئىشنىڭ تازىمۇ

بىلەن تويلىششنى ئۇمىد قىلىدۇ؛ بۇنىڭدا مۇنداق ئىككى ئاساسىي سەۋەب بار: بىرىنچىدىن، باي ئاياللار بىلەن توي قىلغان چاغدا، ئۇلار بۇ ئايالنىڭ ئالتۇن قازغۇچى ئەمەسلىكىگە جەزم قىلالايدۇ؛ ئىككىنچىدىن، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھىمايىچى بولالايدىغانلىقىغا، چېمپىيون بولالايدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. ۋەھالەنكى، بۇ كۆپ سانلىق ئەرلەرنىڭ ئورتاق ئارزۇسى. ئەگەر ئۇ كاللىسى بار مەبلەغ سالغۇچى (ئادەتتە، پۇللۇق ئەرلەرنىڭ ھەممىسى شۇنداق) بولسا، ئۇ دادىل ھالدا خوتۇنىنىڭ پۇلىنى ئېلىپ (ئۆزىنىڭ پۇلىنى قوشۇپ) مەبلەغ سالىدۇ، ئاندىن نۇرغۇن پۇل تېپىپ، ئۆزىنىمۇ، ئايالىنىمۇ خۇش قىلىدۇ.

ئەگەر سىز ياخشى كۆرگەن ئەرنىڭ ھازىرچە پۇلى بولمىسا، قانداق قىلىسىز؟ ئەلۋەتتە ئۇنىڭ غەيرىتى بار - يوقلۇقىنى سىناپ كۆرۈشىڭىز كېرەك. ئەگەر ئۇنىڭ غەيرىتى (قارا نىيىتى) بولمىسا، ئۇ سىنىقىڭىزدىن ئۆتەلمەيدۇ، ئەكسىچە ئۇ غەيرەتلىك بولسا ئەس - ھوشى جايىدا بولسا، ھازىرچە كونا ماشىنىنى ھەيدەپ يۈرگىنى بىلەن، كېيىنچە چوقۇم چوڭ - چوڭ ئىشلارنى قىلالايدۇ. سىز ھەر كۈنى جەينىمىزىڭىزدا ئۇنىڭغا دۇئا قىلىڭ، ئۇ چوقۇم مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ.

ئەگەر تويلاشماقچى بولغان ئادىمىڭىز پۇللۇق ئادەم بولغان بولسا، بۇ يەردە سىزگە شۇنى ئەسكەرتمەكچىمىزكى، ئۇنىڭغا ئۆزىڭىزنىڭ پۇلنى دەپ ئەمەس، بەلكى چىن مۇھەببەتنى دەپ تەگمەكچى بولغانلىقىڭىزنى سەممىي بىلدۈرۈڭ. ئۇ سىزگە ئىشەنسۇن ھەمدە سىزنىڭ ھۇزۇر ھالاۋەتتىمۇ، جاپا - مۇشەققەتتىمۇ ئۆزى بىللە بولىدىغانلىقىڭىزغا كۆزى يەتسۇن. سىزنى مەڭگۈلۈك ھەمرىيىم دەپ بىلسۇن. شۇندىلا بەختلىك بولالايسىز.

ھەرگىز ئۆزىڭىزنى ئاچ كۆز كۆرسەتمەڭ. ئەگەر ئۇ سىزنىڭ پۇلغا دۇم چۈشىدىغانلىقىڭىزنى سېزىپ قالسا، ئىش بۇزۇلىدۇ. چۈنكى ئۇ سىزدىن ئېھتىيات قىلىدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئەگەر سىز پۇل توغرۇلۇق تېخى ھېچنېمە دېمىگەن بولسىڭىز، خۇدا ھەققىي ھەرگىز بىر نەرسە دەپ تاشلىماڭ. ئەگەر ئۇ سىزنى ماڭا ئەمەس، پۇلۇمغا تەگمەكچى ئىكەن دەپ ئويلاپ قالسا، ئۇ

هالدا مۇھەببىتىڭىز شەرتلىك مۇھەببەت بولۇپ قالىدۇ ـ دە، ئۇ سىزدىن بىزار بولۇشقا باشلايدۇ.

دۇنيادا پۇلغا ئۆچ ئادەم بولمايدۇ، ئەمما سىز شۇنى يادىڭىزدا تۇتۇڭكى، سىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىڭىز، سىزنى ئاچ كۆزلۈك قىلىشقا يول قويمايدۇ، گەرچە بۇ سىپپى ئۆزىدىن يالغانچىلىق بولسىمۇ، ھەر قېتىم بىللە تاماق يېگەندە، تەشەببۇسكارلىق بىلەن پۇلىنى مەن تۆلىۋېتەي دەپ تۇرۇۋېلىڭ. گەرچە سىز شۇنداق قىلىشنى چىن كۆڭلىڭىزدىن خالىمىسىڭىزمۇ. چۈنكى، بەزى پۇلى بار ئەرلەر تاماخور ئاياللاردىن بىزار، ئۇلار ئىنساپلىق ئاياللارغا ھەۋەسلىنىدۇ ھەمدە مۇشۇ گېپىڭىز ئۈچۈن سىزگە ئامراق بولۇپ قالىدۇ ۋە سىزنى ھەسسىلەپ مېھمان قىلىدۇ.

ھەر يېرىم يىلدا بىرەر سوۋغات ئېلىپ ئۇنىڭغا تەقدىم قىلىڭ. بۇنداق سوۋغاتتىن ئۇ چەكسىز خۇشاللىق ھېس قىلىدۇ ۋە مېنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرىدىكەن دەپ ئويلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن، سىز پات ـ پاتلا ئېرىڭىزنىڭ قىممەت باھالىق سوۋغاتلىرىنى تاپشۇرۇۋالىدىغان بولۇپ قالىسىز. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ سىزگە ئامراق بولۇپ، ئۆزىنىڭ بارلىــق پۇل چەكلىرىنى سىزگە تۇتقۇزىدىغان بولۇپ قالىدۇ.

ھەرگىز ئېرىڭىزنىڭ رۇخسىتىسىز زىيادە پۇل خەجلىمەڭ. خەجلەشكە توغرا كەلسە، ئالدى بىلەن ئۇنىڭغا مەسلىھەت سېلىپ، ئۇنىڭ رۇخسىتىنى ئالغاندىن كېيىن، ئاندىن خەجلەڭ، بولمىسا ئۇ سىزنى خاتا چۈشىنىپ قالىدۇ.

ھەرگىز ئۇ سىزگە بەرگەن پۇلنى «مېنىڭ پۇلۇم» دەپ قالماڭ. ئايال كىشى ئەر كىشى بەرگەن پۇل بىلەن بىر نەرسە سېتىۋېلىپ، ئۇنــى «ئۆزۈمنىڭ پۇلىغا» ئالدىم دېسە، بۇنىڭغا ئەركىشىنىڭ ئەرۋاھى ئۇچمامدۇ.

تەمكىن بولۇپ، ئۆزىڭىزنىڭ ئىززىتىنى ساقلاشنى بىلىڭ. ھەرگىزمۇ ھېچنېمە كۆرمىگەندەك ئۇنىڭ بايلىقلىرىغا ھاڭ ـ تاڭ قېلىپ، ئۆزىڭىزنى ئەرزانلاشتۇرۇپ قويماڭ. بولمىسا مەيخانىلاردىكى ھېلىقــى ئاياللاردىن

كۆرگەن چېغىڭىزدا، ئۇلارغا كۆزىڭىزنىڭ قىر - پىرىنىمۇ سىلىپ قويمىسىڭىز، بۇ نەرسىلەر مەن ئۈچۈن بەربىر دەپ قارىسىڭىز، ئۇ سىزگە كۆكسى - قارنى توقكەن، قانائەتچان ئائىلىدە چوڭ بولغان ئوخشايدۇ، دەپ باھا بېرىدۇ - دە، ھۆرمىتىڭىز ھەسسىلەپ ئاشىدۇ.

ئۇنىڭ بىلەن ھال - مۇڭ بولۇڭ، ئۇنىڭ ئىگىلىك تىكلەش جەريانىدىكى باتۇرلۇق ئىش - ئىزلىرىنى ئاڭلاشقا تەشنا ئىكەنلىكىڭىزنى بىلدۈرۈڭ. مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئەرلەر شۆھرەتپەرەس كېلىدۇ. شۇنداق قىلسىڭىز، ئۇنىڭ قەلبىنى ئوڭايلا ئۇتتۇۋالالايسىز.

توي قىلىشتىن بۇرۇن ھەرگىز بىۋاستە ئېغىز ئېچىپ پۇل سورىماڭ. پۇل سوراشقا توغرا كەلسە، ئەگىتىپ مەقسىتىڭىزنى چۈشەندۈرۈڭ. مەسىلەن: بىرەر كىيىم سېتىۋالماقچى بولسىڭىز، ئۇنى يېقىن قىز دوستىڭىزدەك كۆرۈپ، ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن: ئەجەب قىممەتكەن ھە، بولمىسىغۇ خويمۇ ياراشقانتى، بولدىلا كېيىنچە سېتىۋالارمەن، دېسىڭىز بۇ چىرايلىق كىيىم شۇ ئانلا ئۇچىڭىزغا چىقىپ قالىدۇ.

ئومۇمەن، بىۋاستە ئېغىز ئېچىپ پۇل سورىغۇچى بولماڭ. ناۋادا شۇنداق قىلسىڭىز، ئۇ قىلىقىڭىزنى بۇنداق ئەرلەر ھەرگىز ياقتۇرمايدۇ.

ھەرگىز بەتخەج بولماڭ. ئۇ سىزگە پۇل بەرسە، سىز ئۇ پۇللارنى تېجەپ ئىشلىتىڭ. ئەگەر ئۇ سىزنى ئائىلىنى تىرىشچانلىق - ئىقتىسادچانلىق بىلەن باشقۇرىدىكەن دېگەن يەرگە كەلسە، ئۇ بارا - بارا ھەممە پۇللىرىنى سىزگە ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. ناۋادا ئۇ سىزنىڭ بەتخەجلىكىڭىزنى كۆرۈپ قالسا، مېنى گاڭسا - جىسا قىلىۋېتىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ سىزدىن ھەزەر ئەيلەيدىغان ھەتتا سىزنى ئۆزىنىڭ ئىشكاپىغا يېقىن كەلتۈرمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ.

پۇلغا دۈم چۈشكەن، بەتخەج ئاياللار مەڭگۈ ئەرلەرنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشەلمەيدۇ. بىر قېتىم ساتراچخانىغا كىرسە 2 - 3 يۈز كوي خەجلىۋېتىدىغان كەچكىچە رېستوران ۋە تانسىخانىلاردىن چىقمايدىغان، كالللىسىدا ئەمەلىيەتكە ماس كەلمەيدىغان راھەتپەرەسلىك ئىدىيىسى بار، ھەدېسىلا ئويۇن تاماشىغا بېرىلىدىغان ئاياللاردىن ئەرلەر ھامان سەسكىنىدۇ.

# 54. ئەرلەرنىڭ سەمىمىيىتىنى سىناش

*ئەرلەرنىڭ ئەخلاقسىز جىنسىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىش ئېھتىماللىقى ناھايىتى يۇقىرى، ئەگەر ھوشيار بولمىسىڭىز، ئۆزىڭىزگە كۆڭۈل ئاغرىقى تېپىۋالىسىز.*

ئېرىڭىز سىزنى ئالدىدىمۇ يوق؟
ئېرىڭىز سىزگە يالغان ئېيتتىمۇ يوق؟
بىزگە ئىشەنسىڭىز، تۆۋەندىكى ئۇسۇل ئارقىلىق ئېرىڭىزنىڭ سەمىمىيىتىنى سىناپ بېقىڭ.

ئاۋۋال چۈشەندۈرۈش بېرىشكە تېگىشلىك بىرى شۇكى، ئەرلەر بىلەن تۇرمۇش قۇرغاندىن كېيىن، ھەر بىر ئايال كىشى جەزمەن تۆۋەندىكى ھالەتلەرنىڭ بىرىنىڭ ئىچىدە ياشايدۇ:

بىخەتەر ھالەت

بۇ خىل ھالەت گۆھەرگە ئوخشاش ئەتىۋارلىق ۋە كەمدىن كەم ئۇچرايدۇ، بۇنداق ھالەتتە ياشىغان ئايال ئېرىنىڭ ئۆزىگە ئاسىيلىق قىلىشىدىن، ئۆزىنى ئالدىشىدىن ۋە قاقتى - سوقتى قىلىشىدىن، يېقىن دوستلىرىنىڭ قورسىقىنى پومپايتىپ قويۇشىدىن ئەنسىرىمىسىمۇ بولىدۇ (بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەلۋەتتە چەكسىز بەختلىك ھالەتتۇر، بىراق ئېچىنىشلىق يېرى شۇكى، ھەممە ئايالLAR بۇنداق بەختتىن بەھرىمەن بولالمايدۇ).

ھوشيار ھالەت

ئۇلار كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ، ھوشيار تۇرمىسا، ئەرلىرى شۇئان چاتاق چىقىرىدۇ. شۇڭا، ئېرىڭىزنىڭ قىلغان ئىشلىرى گۇمانلىق بولسىلا، ئۇنىڭ گەپلىرىگە ئىشەنمەي، ئاداققىچە سۈرۈشتۈرۈڭ.

قاتتىق ھوشيار ھالەت

ئېرىڭىز شەھۋەتپەرەس، چىرايلىق ئاياللارنى كۆرسە تۇرالمايدىغان، ۋۇجۇدى كېسەللىك باكتېرىيىسى بىلەن تولغان، مەخسۇس يالغان - ياۋداق گەپلەرنى توقۇش بىلەن جان باقىدىغان، ئەخلاقى چىرىك، سورۇن تالللىماي ئاشنا ئوينايدىغان پەسكەش ئادەم بولسا، قەلبىڭىزنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا ئۇنىڭ سىزدىن بىر نەرسىلەرنى يوشۇرۇۋاتقانلىقىنى، سىزگە ئاسىيلىق قىلغانلىقىنى، ياكى ئاسىيلىق قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى، ياكى ئاسىيلىق قىلىش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى ۋە ياكى بىرەر سەتچىلىكنى يوشۇرۇپ قېلىشنى پىلانلاۋاتقانلىقىنى سەزگەن بولسىڭىز جەزمەن تۆۋەندىكى ئىشنىڭ بىرىنى قىلىڭ.

(1) نېمە ئىشلارنى قىلىپ يۈرۈۋاتقىنىنىڭ ماڭا بەش قولدەك ئايان، ئۆزۈڭنى سەل يىغىشتۇرۇپ يۈرگىن دەپ ئۇنىڭغا ئوچۇق ئېيتىڭ.

(2) دەرھال ئۇنى تۇرمۇشىڭىزدىن قوغلاپ چىقىرىڭ.

سىز تۇرۇۋاتقان قىيىن شارائىتىڭىزنى توغرا مۆلچەرلەش ئۈچۈن، جەزمەن ياۋاشلىق بىلەن تۆۋەندىكى مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىڭ: ئۆزىڭىز بىلەن ئويناشماڭ، ھەر بىر مەسىلە ھەققىدە ئوبدان ئويلىنىڭ، جاۋاب بەرگەندە ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، پەقەت بىرىنچى قول ئاخباراتقىلا يەنى ئۆز كۆزىڭىز بىلەن كۆرگەن ئەھۋاللارغىلا ئىشىنىڭ. ھەرگىز خاتالىشىپ «ئىشىنىش» بىلەن «پاكىت»نى ئارىلاشتۇرۇپ قويغۇچى بولماڭ.

1. سىز ئېرىڭىزنىڭ ئۇنئالغۇلۇق تېلېفونىنىڭ سىفىرىنى بىلەمسىز؟ ئەگەر بىلسىڭىز كاتەكچىگە 2 نى يېزىڭ. ☐

دېمەك ئېرىڭىز ھازىرچە سىزگە سادىق ئىكەن.

2. ئېرىڭىز ئۇنئالغۇلۇق تېلېفونىغا قالدۇرۇلغان گەپلەرنى سىزدىن يوشۇرامدۇ - يوق؟ ئەگەر يوشۇرمىسا كاتەكچىگە 2نى يېزىڭ. ☐

3. ئەگەر ئۇ سىزگە قارىتىپ تۇرۇپ، ئۇنىئالغۇلۇق تېلېفوننى قويغان بولسا، ئۇنىڭدىن ناتونۇش بىر ئايالنىڭ ئاۋازى چىققاندا، ئۇ ئاۋازنىنى پەسلىتىۋەتكەن ھەتتا ئۈچۈرۈۋەتكەن ئەھۋال كۆرۈنگەنمۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولسا، كاتەكچىگە 5نى يېزىڭ.

باشقا ئاياللار قالدۇرغان سۆزلەرنى خوتۇنىدىن يوشۇرغان ئەرلەر، چاتاق ئەرلەردۇر.

4. ئېرىڭىز پاھىشىۋازلىققا قەتئىي قارشى، شۇنداقمۇ؟ شۇنداق بولسا، كاتەكچىگە 1نى يېزىڭ.

بىراق بىر قىسىم مۇشۇنداق دېگۈچى ئەرلەر تەپ تارتماستىن سىزگە يالغان ئېيتىدۇ.

5. ئېرىڭىز ئۆزىنىڭ ئىلگىرى مۇشۇنداق ئىشلارنى قىلىپ باققىنىنى ئېتىراپ قىلامدۇ - يوق؟ ئەگەر ئېتىراپ قىلسا، كاتەكچىگە 5نى يېزىڭ.

ناۋادا ئېرىڭىز ئىلگىرى ئۆزىنىڭ بىر نەچچە قېتىم پاھىشىۋازلىق قىلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلسا، ئۇ ھالدا ئۇنى كونا پاھىشىۋازكەن دەپ ھۆكۈم قىلىڭ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇنىڭ بۇ خۇيى ئاسانلىقچە ئۆزگەرمەيدۇ. 97% ئەرلەر ئۆزىنىڭ پاھىشىلەر بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئېلىپ بارغانلىقىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. سىز ئۇلاردىن يۈزمۇيۈز سورىسىڭىز، ئۇلار تېخى چىچاڭشىپ كېتىدۇ.

6. ئۇ «قۇرۇق سۆلەت بەگزادە» دېگەن رەسىملەرگە ھەۋەس قىلىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلامدۇ؟ ناۋادا ئۇ بۇنداق نەرسىلەرگە قىزىقمايمەن دېسە، كاتەكچىگە 2نى يېزىڭ.

بۇنداق ئەرلەر ھېلىقىدەك رەسىملەرگە كۆزىنىڭ قىرىنىمۇ سېلىپ قويمايدۇ تاكى ئۇلار يالغۇز مۇنچىغا تىقىلىۋالغانغا قەدەر. شۇ چاغدىلا ئۇلار بۇ رەسىملەردىن ئۆزىگە تەسەللىي ئىزدەيدۇ. بۇنداق ئەرلەرنىڭ كۆزىدىن ئادەم

7. ئۇ بارغان سورۇنلاردا سەتەڭ ئاياللار بىلەن مۇڭدىشامدۇ؟ ئەگەر شۇنداق قىلسا، كاتەكچىگە 3نى يېزىڭ.

گەرچە ئۇ ئەزەلدىن ئېقرار قىلمىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ھەقىقەتەن مۇشۇ ئاياللار بىلەن يېقىنلاشقۇسى، ھەتتا ئويناش قىلغۇسى بار ئىكەن.

8. ئۇ يېقىندا تونۇشۇپ قالغان بىرەر تول ئايالنى ماختاپ يۈرەمدۇ ـ يوق؟ يەنە تېخى «بىز ئۇنى پالانچىغا تونۇشتۇرۇپ قويساق قانداق» دېدىمۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولسا، كاتەكچىگە 3نى يېزىڭ.

سىز بولمىغان چاغدا، ئۇ چوقۇم ھېلىقى ئايال بىلەن كۆرۈشىدۇ.

9. سىلەر بىرەر سورۇنغا داخىل بولغان چېغىڭلاردا، ئۇ سىزگە دىققەت قىلامدۇ؟ ئەگەر شۇنداق قىلسا، كاتەكچىگە 2نى يېزىڭ.

ئېرىڭىزنىڭ كاللىسىدا نېمە خىيال بولغان بولسا، ئۇ سىزنىمۇ شۇنداق ئويلايدىكەن (نىيىتى بۇزۇق ئەرلەر ھەر ۋاقىت سىرىق ئاگاھلاندۇرۇش ھالىتىدە تۇرىدۇ).

10. سىز ئۇنىڭ سىزگە دېگەنلىرى بىلەن كۈندىلىك خاتىرە دەپتىرىگە يازغانلىرىنىڭ تامامەن ئوخشىمايدىغانلىقىنى بايقىدىڭىزمۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولغان بولسا، كاتەكچىگە 3نى يېزىڭ.

11. سىز ئۇنىڭ قەستەن خاتىرە دەپتىرىگە يالغاندىن بىر نېمىلەرنى يېزىۋاتقانلىقىنى كۆردىڭىزمۇ؟ ئەگەر كۆرگەن بولسىڭىز، كاتەكچىگە 5نى يېزىڭ.

ئۆزىنىڭ خاتىرە دەپتىرىگىمۇ ساختىپەزلىك قىلغان ئەرلەر قورقۇنچلۇق ئەرلەردۇر.

12. سىز ئىلگىرى ئۇنى ئاتالمىش ساداقەتسىزلىكنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشىنەمدۇ ـ يوق دەپ سىناپ بېقىش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئۆزىڭىزنىڭ ساداقەتسىزلىكىڭىزنى ئېقرار قىلغانمۇ قانداق؟ ئەگەر شۇنداق قىلغان بولسىڭىز، كاتەكچىگە 10نى يېزىڭ.

سىز ئۇنىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىڭىزنى دەرھال ئۈزۈڭ. چۈنكى، سىزنىڭ ساداقەتسىزلىكىڭىزنى قوبۇل قىلغان ئەرنى دۇرۇس ئەر دېگىلى بولمايدۇ.

13. ئۇ ئىلگىرى مەن بۇگۇن كەچلىك غىزانى بىر «كەسپىي خادىم» بىلەن (مەسىلەن، ئادۋوكات، بانكىر قاتارلىقلار) بىللە يېمەكچى دېگەن گەپنى قىلغانمۇ؟ ئەگەر شۇنداق دېگەن بولسا، كاتەكچىگە 2 نى يېزىڭ.

☐

ئەگەر مەلۇم بىر كەسپىي خادىم بىلەن بىللە تاماق يېمەكچى بولغاندا، ئۇلار كۆپىنچە تاماقنى مېھمانخانىلاردا يەيدۇ.

14. ئېرىڭىز سىز بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئېلىپ بېرىشتا، بەزىدە يېڭى ئۇسۇللارنى قوللىنىشنى تەكلىپ قىلامدۇ؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇنىڭ پىشقان ماھارىتى سىزنى ھەيران قالدۇردىمۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولغان بولسا، كاتەكچىگە 3نى يېزىڭ.

☐

دېمەك، ئېرىڭىز بىرسىدىن ئوبدانلا تەلىم ئېلىۋېتىپتۇ.

15. ئېرىڭىز قەۋەتلا زوقى كېلىدىغان بىر قىز دوستىڭىز سىزگە: سېنىڭ ئېرىڭ نېمىدېگەن ئوبدان – ھە، سەن ھەقىقەتەن تەلەيلىك ئىكەنسەن، دېگەنمىدى؟ ئەگەر شۇنداق دېگەن بولسا، ئېسىڭىزدە مەھكەم تۇتسىڭىزلا بولدى، كاتەكچىگە يېزىشىڭىز ھاجىتى يوق.

بۇ ئېرىڭىزنىڭ سەۋەنلىكى بولۇشى ناتايىن. ئەمما، يادىڭىزدا بولسۇن، ئۇ ھېلىقى قىز دوستىڭىز بىلەن يالغۇز بىللە بولىدىغان پۇرسەتكە ئىگە بولغان ھامان، ئۇلارنىڭ بىرلىشىپ سىزگە ئاسىيلىق قىلىش ئېھتىمالى ناھايىتى چوڭ. شۇڭا، ئۇلارغا ھەرگىزمۇ بۇنداق پۇرسەت يارىتىپ بەرمەڭ، بولۇپمۇ ھاراق ئىچىلگەن شارائىتتا.

16. ئېرىڭىز ئىلگىرى ئۇشتۇمتۇتلا بىر ئەر دوستۇم ئازراق قىيىنچىلىق تارتىپ قاپتۇ، ئۇ مەندىن جىددىي ياردەم تەلەپ قىلىۋاتىدۇ، دېگەنمىدى؟ ئەگەر شۇنداق دېگەن بولسا، كاتەكچىگە 2نى يېزىڭ.

☐

ئېرىڭىزنىڭ ياردىمىگە موھتاج بولۇپ قالغان ھېلىقى دوستىنىڭ ئەر بولۇشىدىن ئايال بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن.

17. ئېرىڭىز سىزگە: مەن ساڭا تېلېفون بېرىپ پۈتۈن شەھەرنى قېزىۋەتكەن بولسامۇ، سەن بىلەن ئالاقىلىشالمىدىم دېگەن گەپنى قىلغانمىدى؟ ئەگەر قىلغان بولسا كاتەكچىگە 2نى يېزىڭ. □

18. ئۇ «بىر توپ خۇمپەرلەر بىلەن بىر كېچە بىللە بولغاندىن كېيىن»، ئۆيگە قايتىپ كېلىپ دەرھال مۇنچىغا چۈشكەنمۇ؟ ئەگەر شۇنداق قىلغان بولسا كاتەكچىگە 5نى يېزىڭ. □

يېرىم كېچىدە مۇنچىغا چۈشىدىغان ئەرلەردىن ھەزەر ئەيلەڭ.

19. ئۆيىڭلاردا ئېرىڭىز ھەمىشە قۇلۇپ سېلىپ قويىدىغان ئىشكاپ - ساندۇقلار بارمۇ؟ ئەگەر بار بولسا، كاتەكچىگە 3نى يېزىڭ. □

ئېرىڭىز سىزدىن بىر نەرسىنى يوشۇرغان بولسا، ئۇنىڭ مەنىۋى جەھەتتە سىزدىن يوشۇرىدىغان نەرسىلىرى تېخىمۇ كۆپ ئىكەن.

20. ئېرىڭىزنىڭ سىز ئاچالمايدىغان بىخەتەرلىك ئىشكابى بارمۇ؟ ئەگەر بولسا، كاتەكچىگە 1نى يېزىڭ. □

21. ئۇنىڭ ئېلېكترونلۇق خەت ساندۇقىنىڭ مەخپىي سىفىرىنى سورىسىڭىز، ئەگەر ئۇ قىلچە ئىككىلەنمەي ئېيتىپ بەرسە، كاتەكچىگە 3 - نى يېزىڭ؛ ناۋادا ئۇ ئېيتىپ بېرىشنى رەت قىلسا، كاتەكچىگە 3 نى يېزىڭ.

□

ئېلېكترونلۇق خەت ساندۇقى شەكسىز ھازىرقى زامان پەن تېخنىكىسىنىڭ ئاشۇ بەتقىلىق ئەرلەرگە تەقدىم قىلغان ئەڭ كاتتا سوۋغىسىدۇر. مۇشۇ كۇنلەردە ئۇلار سىزگە تۈيدۇرماي خاتىرجەم ھالدا سىلەرنىڭ ياتاق ئۆيىڭلاردا تۇرۇپ چەت ئەللىكى مەھبۇبلىرى بىلەن ئىشق - مۇھەببەت ئىزھار قىلىشىۋېرىدۇ، بىراق سىز بولسىڭىز غەپلەتتە يۈرۈۋېرىسىز.

22. ئۇ ھەپتىسىگە ئىككى قېتىمدىن كۆپرەك ئۆزىگە تەسەللى بېرەمدۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولسا، كاتەكچىگە 3نى يېزىڭ. □

دائىم ئۆزىگە تەسەللىي بېرىدىغان ئەرلەر، جىنسىي تۇرمۇشى كۆڭۈللۈك بولمىغان ئەرلەردۇر. بۇنداق ئەرلەر ھامان بىر كۈنى تالاغا قارايدۇ.

23. ئەگەر ئۇنىڭ ئۆزىگە تەسەللىي بېرىدىغان قېتىم سانى ئۇنچىلا كۆپ بولمىسا، ئۇنىڭ مۇنچىغا ياكى باشقا ئۆيلەرگە تىقىلىۋالىدىغان ۋاقتى زىيادە كۆپمۇ قانداق؟ ئەگەر شۇنداق بولسا كاتەكچىگە 5نى يېزىڭ. □

ئۇنىڭ ئۆزىگە تەسەللىي بېرىش قېتىم سانى، سىزنىڭ تەسەۋۋۇر قىلغىنىڭىزدىنمۇ كۆپ ئىكەن، ئەڭ يامىنى، ئۇ سىزنى ئالداپتۇ.

24. ئېرىڭىزنىڭ بىر توپ ئاتالمىش «مەنىۋى جەھەتتىكى» ئايال دوستلىرى بارمۇ ـ يوق؟ يەنە تېخى سىزگە ئۇلار بىلەن ئارىلىشىڭ، ئۇلارنى چوقۇم «ياقتۇرۇپ قالىسىز» دېدىمۇ؟ ئەگەر بار بولسا، كاتەكچىگە 4نى يېزىڭ. □

بىر ئەر كىشىنىڭ بىر دۆۋە ئاتالمىش ساپ مەنىۋى جەھەتتىكى ئايال دوستلىرى بولسا، يەنە تېخى سىزنى ئۇلار بىلەن دوست بولۇپ ئۆتۈشكە دەۋەت قىلسا، ئۇ ناھايىتى قاقباش، مەككار تۈلكە ئىكەن، چۈنكى ئۇ مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق سىزنى بىخۇدلاشتۇرماقچى بولغان.

25. ئەگەر ئۇنىڭ راستتىنلا مۇشۇنداق ئايال دوستلىرى بار بولسا، ئۇ دائىم ئۇلار بىلەن ئالاقىلىشىپ تۇرامدۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولسا، كاتەكچىگە 5نى يېزىڭ. □

ئۇ ھازىرچە سىزگە ئاسىيلىق قىلمىغان بىلەن بىراق ئۇ ئۇلارنى ئالىلىقاچان ئىندەككە كەلتۈرۈپ بولغان گەپ.

26. ئۇنىڭ تېلېفون دەپتىرىنى ئېچىپ كۆرۈپ، ئىچىدە فامىلىسى يېزىلمىغان بىر پاتمان ئاياللارنىڭ ئىسمى بار ـ يوقلۇقىغا قاراڭ، ئەگەر بار بولسا، كاتەكچىگە 3نى يېزىڭ (ئائىلادا ئۇ سىزگە تېلېفون دەپتىرىنى

كۆرسەتمىسە، كاتەكچىگە 20نى يېزىڭ).

27. ناۋادا ھەقىقەتەن بىر پاتمان ئايالنىڭ ئىسمى يېزىلغان بولسا، ئۇلارنىڭ چاقىرغۇ نومۇرىنى يازغان - يازمىغانلىقىغا قاراڭ. ئەگەر يازغان بولسا، كاتەكچىگە 5نى يېزىڭ.

مەھبۇبلىرىنىڭ چاقىرغۇ نومۇرىنى خاتىرىلىۋالغان ئەر كىشى، جىنسىي تەلىپى كۈچلۈك ئەركىشىدۇر، ئۇ خالىغان بىر نومۇر ئارقىلىقلا ئۆزىنىڭ جىنسىي تەلىپىنى قاندۇرالايدۇ، ئاگاھ بولۇڭ ئۇ ھەر ۋاقىت سىــزگە ئاسىيلىق قىلىشى مۇمكىن.

28. ئېرىڭىز ئۇشتۇمتۇتلا بەدەن چېنىقتۇرۇشقا كىرىشىپ كەتتىمۇ قانداق؟ ئەگەر شۇنداق قىلغان بولسا، كاتەكچىگە 2نى يېزىڭ.

بەزى ئەرلەرنىڭ چېنىقىش ئۆيىگە كىرىشتىكى مەقسىتى فىگورىنى تۈزەش ئارقىلىق گۈزەل ئاياللارنى ئۆزىگە رام قىلىشتىن ئىبارەت. ھەقىقىي قانائەتچان ئەرلەر ئادەتتە فىگورىغا ئانچە ئېتىبار بېرىپ كەتمەيدۇ.

29. سىلەر ماشىنا ھەيدەپ كېتىۋاتقاندا، ناۋادا يولدا ئاستا يۇگۈرۈپ كېتىۋاتقان بىر گۈزەل سىلەرگە قاراپ كۈلۈمسىرىسە، ئۇ ئېتىبار بېرەمدۇ؟ ئەگەر ئېتىبار بەرسە، كاتەكچىگە بىر نەرسە يېزىشىڭىز ھاجىتى يوق (دىمەك بۇ نورمال ئەھۋال)؛ ناۋادا ئۇ ھېچنېمىنى كۆرمىگەن قىياپەتكە كىرىۋالسا، كاتەكچىگە 3نى يېزىڭ.

ئەرلەرنىڭ يۇگۈرۈپ كېتىۋاتقان ساھىبجامالالارنى قەستەن كۆرمەسكە سېلىۋالغىنى، ئۆزىنى سىزگە پاك كۆرسەتكىنى، بۇ خۇدۇكى بار ئەرلەرنىڭ قىلىقىدۇر.

30. سىز ئۇنىڭ سىزگە ئېيتىپ بەرگەن بەزى تارىخلىرىنىڭ بارا - بارا ئاشكارا بولۇشىغا باشلىغان پاكىتلار بىلەن ئۇيغۇن كەلمەيۋاتقانلىقىنى بايقىدىڭىزمۇ - يوق؟ ئەگەر شۇنداق بولغان بولسا، كاتەكچىگە 3نى يېزىڭ.

ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشى ھەققىدە يالغان سۆزلىگەن ئەرلەرنىڭ ھازىرمۇ دۇرۇس ئەر بولۇشى ناتايىن.

31. سىز تۇنجى قېتىم ئېرىڭىز بىلەن بىرەر خالىي جايدا ئۇچرىشىپ سۆيۈشكەندە، ئۇ ھەددىدىن ئېشىپ سىزگە چېقىلىشقا ئۇرۇندىمۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولغان بولسا، كاتەكچىگە 2نى يېزىڭ.

☐

دېمەك، ئۇ ئىشتان بېغى بوش، ئۆزىنى تۇتالمايدىغان ئەر كىشى ئىكەن. بۇنداق ئەرلەردىن ھەزەر ئەيلەڭ.

32. ناۋادا ئۇ ھېچقانداق ئىش قىلمىغان بولسا، كاتەكچىگە 5 نى يېزىڭ.

☐

دېمەك، تەجرىبىسىز ئەر ئىكەن.

33. سىلەر بىرىنچى كۆنى ئاخشىمى جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزدۈڭلارمۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولغان بولسا كاتەكچىگە 5نى يېزىڭ.

☐

ئاياللارنى ئوڭايلا كەلتۈرۈۋالىدىغان ئەرلەر، تەجرىبىلىك ئەرلەردۇر.

34. ئۇنىڭ يېقىن دوستى خوتۇنپۈرۈچ كىشىمۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولسا، كاتەكچىگە 3نى يېزىڭ.

☐

ئەرلەرنىڭ ئارىلىشىۋاتقان دوستلىرىغا قاراپ، ئۇلارنىڭ پەزىلىتىگە باھا بەرگىلى بولىدۇ.

35. ناۋادا ئۇنىڭ دوستى ئائىلىسىگە كۆيۈنىدىغان، ئۇنىڭ ئۇستىگە ھازىرقى ئەھۋالىدىن رازى، قانائەتچان كىشى بولسا، كاتەكچىگە 3 نى يېزىڭ.

☐

36. ئېرىڭىز باشقا ئاياللارنىڭ تەن قۇرۇلۇشىغا بەكلا دىققەت قىلىدۇ ھەمدە سىزنىڭ فىگورىڭىزنىمۇ ئانچە يارىتىپ كەتمەيدۇ، شۇنداقمۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولسا كاتەكچىگە 1نى يېزىڭ.

☐

37. [illegible]

دائىم تېلېفوننى ئۈزۈۋېتەمدۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولسا، كاتەكچىگە 3نى يېزىڭ.

يانفون ئەرلەرنىڭ بىخەتەرلىك ئەنگۈشتەرى. ناۋادا ئۇنىڭغا جىن (ئاياللار) چاپلاشقان بولسا، ياكى ئېرىڭىزنى يەڭگۈشلەڭ، ياكى بۇنداق ئەنگۈشتەرنى مەشكە تىقىۋېتىڭ، بولمىسا ئۆزىڭىزگە كۆڭۈل ئاغرىقى تېپىۋالىسىز.

38. مەلۇم بىر ئايالنىڭ ئىسمى غىل - پاللا پەيدا بولۇپ، يەنە ئۆزىچە يوقالدىمۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولغان بولسا، كاتەكچىگە 1نى يېزىڭ.

كۆپۈككە ئوخشاش ئۇياقتىن پەيدا بولۇپ، بۇ ياقتىن يوقالغان ئاياللارنىڭ ئىسمى، بىردەم جىلۋىلىنىپلا غايىب بولغان گۈزەل رۇخسارغا ئوخشايدۇ.

39. ئېرىڭىز بەزىدە چاچلىرى پاخپايغان پېتى ئۆيگە قايتىپ كېلىدۇ، ئەمما سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ، شۇنداقمۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولسا، كاتەكچىگە 5نى يېزىڭ.

40. سىلەر تۇنجى قېتىم جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەندە، ئۇ ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش قاپچۇقى ئىشلەتكەنمۇ؟ ئەگەر شۇنداق قىلغان بولسا، كاتەكچىگە 10 نى يېزىڭ.

41. ناۋادا بىرىنچى قېتىم ئىشلەتمىگەن بولسا، ئىككىنچى قېتىمچۇ؟ ئەگەر ئىشلەتكەن بولسا كاتەكچىگە 6 نى يېزىڭ.

42. ئۇنىڭ چىرايلىق ئايال كاتىپى بارمۇ؟ قول ئاستىدا چىرايلىق خىزمەتداشلىرىچۇ؟ ئەگەر بار بولسا، كاتەكچىگە 3نى يېزىڭ.

پەخەس بولۇڭ، تاپتىن چىققان جىنسىي مۇناسىۋەت ھەر ۋاقىت يۈز بېرىشى مۇمكىن.

43. سىز ئۇنىڭ ساداقەتمەنلىكىگە گۇمان قىلىپ، ئۇنى ئەيىبلىگەندە، ئۇ دەر غەزەپ بولۇپ، چىچاڭشىپ كېتەمدۇ (شۇنداق بولسا، بۇ ناھايىتى نورمال ئەھۋال)؟ ياكى سىزنى گۇمانخور دەپ مازاق قىلامدۇ؟ ئەگەر شۇنداق

قىلسا، كاتەكچىگە 2 نى يېزىڭ.

ئايالى ئۆزىنى ئەيىبلەۋاتقان چاغدىمۇ، قىلچە ئۇيالماي خوتۇنىنى مازاق قىلغان ئەرلەر خوتۇنىنى كۆزگە ئىلمايدىغان ئەرلەردۇر.

44. سىلەر بالا باققۇچى تاپماقچى بولغاندا، ئېرىڭىز 20 ياش ئەتراپىدىكى قىز بالىدىن بىرنى تاپايلى دەپ تۇرۇۋالامدۇ ـ قانداق؟ ئەگەر شۇنداق بولسا، كاتەكچىگە 5نى يېزىڭ.

45. سىلەرنىڭ بالاڭلار يوق تۇرۇقلۇق، ئۇ يەنىلا ئىشلەمچى قىزدىن بىرنى ئالايلى دەپ تۇرۇۋالغان بولسا، كاتەكچىگە 10نى يېزىڭ.

46. ئېرىڭىز ئەتراپىتىكى قايسى تۇرلۇك ماللار شىركىتىدە سېتىۋاتقان ئاياللار كىيىم ـ كېچەكلىرىگە نىسبەتەن خەۋەرداردەك قىلىدۇ؟ ئەگەر خەۋىرى بولسا، كاتەكچىگە 1نى يېزىڭ.

47. مەلۇم تۇرلۇك ماللار شىركىتىدە ئاياللار كىيىم ـ كېچەكلىرى بۆلۇمىدىكى ئايال پىركازچىك ئېرىڭىزنى تونۇيدىكەنۇ، سىزنى تونۇماي قالامدۇ؟ شۇنداق بولسا، كاتەكچىگە 5نى يېزىڭ.

48. ئېرىڭىز هازىر سىزنى سىلەر ئىلگىرى دائىم بېرىپ تۇرىدىغان كۆڭۇل ئېچىش سورۇنلىرىغا ئاپارمايدىغان بولۇپ قالدى ـ شۇنداقمۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولسا، كاتەكچىگە 2نى يېزىڭ.

ئۇ ئېھتىمال شۇ يەردىكى بىرەرسىنىڭ سىزنى كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەن بولۇشى مۇمكىن. ئۇنى سىزنى ئېلىپ بېرىشقا مەجبۇرلاڭ، شۇندىلا قىزىق تاماشا كۆرىسىز!

49. ئېرىڭىز مودىللار شىركىتىدە ئىشلەمدۇ ياكى مودا كىيىملەر زۇرنىلىدىمۇ؟ ۋە ياكى دائىم قىپيالىڭاچ ئاياللارنى ئۇچرىتىپ تۇرىدىغان باشقا بىرەر ئورۇنلاردا ئىشلەمدۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولسا، كاتەكچىگە 10نى يېزىڭ.

بۇنداق شارائىتتا تۇرغان ئەركىشى، ئۇ ئەلەس بولغان تەقدىردىمۇ، باشقا ئايالالار بىلەن ئەيش - ئىشرەت قىلماي قالمايدۇ.

50. ئۇ ھۆسۈن تۈزەش ئورنىدا خىزمەت قىلامدۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولسا، كاتەكچىگە 5نى يېزىڭ.

☐

51. ياكى تۇرلۇك ماللار شىركىتىنىڭ گىرىم بۇيۇملىرى، ئەتىر سېتىش بۆلۈمىدە ئىشلەمدۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولسا، كاتەكچىگە 5نى يېزىڭ.

☐

52. ئۇنىڭ سىزنى ئۆزىنىڭ قىلمۇپلىش ئىستىكى كۈچىيىشكە باشلاپ، سىزنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشىڭىزدىن گۇمانسىرايدىغان بولۇپ قالدى، شۇنداقمۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولسا، كاتەكچىگە 3نى يېزىڭ.

☐

دېمەك ئۇ سىزنى قەدىرلەيدىكەن ھەمدە بەزىدە ئۆزىچە خۇدۇكسىرەيدىكەن.

53. ئۇ ھەر كۈنى خىزمىتىنى باشلاشتىن بۇرۇن، ئىشخانىسىنى تۈزەشتۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرەمدۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولسا، كاتەكچىگە 3نى يېزىڭ.

☐

دېمەك غەپلەتتە يۈرمەي، ئۇنىڭ شىركىتىگە بېرىپ ئايلىنىپ كېلىڭ. سىز ئۇنىڭ شىركىتىگە بارسىڭىز، كۆز ئالدىڭىزدا شۇئان چىرايلىق بىر چوكان پەيدا بولىدۇ، ئېرىڭىزمۇ ئۇنى سىزگە تونۇشتۇرۇپ قويۇشقا خۇشتار، ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتى سىزنىڭ گۇمانىڭىزنى يوقىتىش ئۈچۈندۇر.

54. ئۇ خىزمەتكە بېرىشتىن بۇرۇن، ئۆزىگە ئادەتتىكى چاغلاردىن جىقراق ئەتىر چاچامدۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولسا، كاتەكچىگە 2نى يېزىڭ.

☐

ئەرلەر ئەتىرنى ئەرلەرگە پۇرىتىش ئۈچۈن چاچمايدۇ. چۈنكى، ئەرلەر ئۆز بەدىنىدىكى غەيرىي پۇراقلارنىڭ باشقا ئەرلەردە قانداق سېزىم پەيدا

قىلىشى بىلەن پەرۋايى پەلەك.

55. ئۇ ئۆزىنىڭ كاماندىروپكىغا بارماقچى بولغانلىقىنى تىلغا ئالدى، ئەمما باردىغان جاي ۋە ئورۇنلاشماقچى بولغان مېھمانخانىنىڭ تېخى بېكىتىلمىگەنلىكىنى ئېيتتى (ئۇ بېكىتكەن چاغدا سىزگە ئۇقتۇرماقچى بولدى)، شۇنداقمۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولغان بولسا، كاتەكچىگە 5نى يېزىڭ.

ئەرلەر سەپەرگە چىقىش ئالدىدا ئۆزىنىڭ باردىغان جايىنى ئېنىق بىلمىگەن بولسا، ئۇ باشقىلارغا ئاشكارىلاشنى خالىمايدىكەن دەپ چۈشەنسەك بولىدۇ.

56. ئۇ يېقىندا سىزنىڭ ياردىمىڭىزنى تەلەپ قىلمايلا، ئۆزىنىڭ كىرلىرىنى ئۆزى يۇيۇپ كەتتىمۇ؟ ئەگەر شۇنداق قىلغان بولسا، كاتەكچىگە 5نى يېزىڭ.

بەزى ئەرلەر ئەزەلدىن كىر يۇيۇپ باقمىغان. ئەمما، بۈگۈن ئۆزىچىلا كىر يۇيۇپ كەتتى، ھەتتا ئۆزىنىڭ كىر يۇغانلىقىدىن ماختىنىپمۇ قويمىدى، دېمەك ئۇ بارلىق پاكىتلارنى سۇ يولىغا ئېقىتىۋېتىشكە ئۇرۇنغان.

57. ئۇنىڭ ياردەمچىسى ئەرمۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولسا كاتەكچىگە 5 نى يېزىڭ.

جىنسىيەتكە ئەمەس، خىزمىتىنىڭ سۈپىتىگە كۆڭۈل بۆلگەن ئەرلەر، ئەر خىزمەتچىلەرنى ئىشلىتىدۇ.

58. ئېرىڭىز قوش ئىسمىنا ئىشلەيمەن دەپ، شىركەتتىن ئۆيگە قايتمىغىلى ئىككى ھەپتىدىن ئاشتىمۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولغان بولسا، كاتەكچىگە 3نى يېزىڭ.

خىزمەتنى باھانە قىلىپ، داۋاملىق ئۆيگە قايتمايدىغان ئەرلەر، كۆپ ھاللاردا شېرىن مۇھەببەتنىڭ پەيزىنى راسا سۈرۈۋاتقان ئەرلەردۇر.

59. ئېرىڭىز ئېيىغا بىر نەچچە قېتىم يىغىن بار ئىدى دەپ قاق سەھەردە

يېزىڭ.

بەزى ئەرلەر دائىم قاق سەھەردە بۇزۇقچىلىق قىلىدۇ. چۈنكى بۇ چاغدا سىز تاتلىق ئۇيقۇڭىزدىن تېخى ئويغانمىغان - دە. بىز سىزگە ئۇنىڭ ئىزىغا چۈشۈش تەكلىپىنى بېرىمىز.

60. ئۇ خىزمەتكە بېرىشىنىڭ ئالدى - كەينىدە ھېچقانداق پايدىسىنى كۆرمىسىمۇ «چېنىقىش ئۆيى» گە كىرىدىغان بولۇپ قالدىمۇ، قانداق؟ ئەگەر شۇنداق بولغان بولسا كاتەكچىگە 2نى يېزىڭ.

ئېرىڭىز بىر بولسا، تەن قۇرۇلۇشى جەھەتتىن كېتىپ قاپتۇ، ياكى بولمىسا - بىرسى بىلەن ئىچپەش تارتىشىپ يۈرۈپتۇ.

61. ئېرىڭىزنىڭ قول ئاستىدا ئىشلەيدىغان مەلۇم بىر ئايال ئېرىڭىزنى ئىزدەپ ئۆيىڭىزگە تېلېفون بەردى، قارىماققا ئۇ شىركەتنىڭ ئىشى ئۈچۈن تېلېفون بەرگەندەك قىلسىمۇ، ئەمما بىر - ئىككى مىنۇتلا پاراڭلىشىپ تېلېفوننى قويۇپ قويدى شۇنداقمۇ (ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆپ ھاللاردا ئېرىڭىز بىردەمدىن كېيىن سىزگە تېلېفون قايتۇرسام قانداق دەپ سورايدۇ)؟ مۇشۇنداق ئەھۋال بولغان بولسا، كاتەكچىگە 3نى يېزىڭ.

ئاياللار تەپ تارتماستىن ئەر باشلىقىنىڭ ئۆيىگە تېلېفون ئۇرغان بولسا، ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى ئادەتتىكى مۇناسىۋەت ئەمەس دېگەن گەپ.

62. ئۇ گاھىدا ئاشۇ «بۇرادەرلىرى» بىلەن چىقىپ كېتىپ، يېرىم كېچىدىن ئاشقاندا ئاندىن قايتىپ كېلەمدۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولسا، كاتەكچىگە 3نى يېزىڭ.

كۆپ سانلىق ئەرلەر ئادەتتە ئابدالدەك تالادا يەتتە كېچىگىچە يۈرمەيدۇ، بىرەرسى بىلەن ئويناش قىلىدىغان پۇرسەت تۇغۇلۇپ قالغان بولسا، ئۇ باشقا گەپ.

* * *

ئەگەر ئۇنىڭ ئالغان نومۇرى 0 دىن 50 گىچە بولغان ئارىلىقتا بولسا، دېمەك سىز بىخەتەر ھالەتتە ياشاۋېتىپسىز.

مۇبارەك بولسۇن، ئېرىڭىز سىزگە ساداقەتمەن ئىكەن، سىزنى چەكسىز سۆيىدىكەن. ياخشى خەۋەر: ئۇ جەلپكار ئەمەسكەن، شۇڭا ئۇنى سىزدىن باشقا ئاياللار ياراتمايدىكەن. يامان خەۋەر: بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، سىزمۇ شۇ هالغا چۈشۈپ قېلىشىڭىز مۇمكىن.

ئەگەر ئۇنىڭ ئالغان نومۇرى 0 دىن 50 گىچە بولغان ئارىلىقتا بولسا:

«مانتا كۆرمىگەن قەلەندەر قاسقانغا دۇم چۈشۈپتۇ» دېگەندەك، ئۇ بىرەر يېڭى هەم شېرىن نەرسىنىڭ تەمىنى تېتىپ قالسا، هاياجانلىنىپ هوشىنى يوقىتىپ قويىدىغان تەنتەك ئەر ئىكەن. سىز هەر ۋاقىت هوشيار هالەتتە تۇرسىڭىز بولغۇدەك.

ئەگەر ئۇنىڭ ئالغان نومۇرى 50 تىن 100 گىچە بولغان ئارىلىقتا بولسا:

ئۇنىڭ ئەخلاقسىز جىنسىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىش ئېهتىماللىقى ناهايىتى يۇقىرى بولىدۇ، ئەگەر هوشيار بولمىسىڭىز، ئۆزىڭىزگە كۆڭۈل ئاغرىقى تېپىۋالىسىز. شۇڭا، هوشيار هالەتنى ساقلاڭ هەمدە هەر زامان قاتتىق هوشيار تۇرۇش هالىتىگە ئۆتۈشكە تەييار تۇرۇڭ.

图书在版编目(CIP)数据

男人不想让女人知道的事/田雨耕编著．一乌鲁木齐：
新疆人民出版社，2000.12
ISBN7－228－06319－8

Ⅰ男… Ⅱ．田… Ⅲ．男性一心理学一维吾尔语
（中国少数民族语言） Ⅳ．B844.6

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2000)第 85485 号

责任编辑：阿布力米提·伊明
责任校对：热衣汗古丽
封面设计：艾克拜尔·沙利

---

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市解放南路 348 号邮政编码 830001）
新疆新华书店发行
乌鲁木齐福利印刷厂印刷
850×1168 毫米 1/32 开本　　8.5 印张 2 插页
2001 年 3 月第 1 版　　2001 年 3 月第 1 次印刷
印数：1－3000

---

ISBN7－228－06319－8/B·89　定价：15。00 元